# ئىلى دەرياسى

伊犁河 ILI RIVER или деряси



1

2014

ISSN 1005-8710

02

## شىنجاڭ. غۇلجا تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت خەتتاتلىق سەنئىتى كۆرگەزمىسىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئۇستاز-شاگىرتلار جەم بولدى




ئېچىلىش مۇراسىمى



ھەر مىللەت خەتتاتلىرى ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرماقتا



ئۇستازلار ماھارەت كۆرسەتمەكتە



بەكەن ئادالبېك يازغان



ئابدۇراخمان ئابلىمىت يازغان



قاينام جاپپار يازغان



نىياز كېرىم شەرقى يازغان



شۆھرەت پازىل يازغان



ھەبىبۇللا خەمىت يازغان



ياسىن كېرىم يازغان



مۇيەسسەر ھەسەن يازغان



مۇختار مۇھەممەد يازغان

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

# ئىلى دەرياسى

## (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

**2014 ـ يىل 1 ـ سان**

(35 ـ يىل نەشرى، ئومۇمىي 197 ـ سان)



# ئىلى دەرياسى

1

2014


## بۇ ساندا

### نەسرىي ئەسەرلەر


سۇنغان كۆڭۈل (ھېكايە).........................مىركايىل نۇرالىم (04)

مەيىن شامال (ھېكايە)..............................تۇرغۇن مىجىت (20)


### شېئىرلار


تەبرىك ۋە خاتىرىلەر..........................................بوغدا ئابدۇللا (14)

جەنۇب ئىلھاملىرى....................................ئابلىز ھوشۇر (15)

ئىككى مۇخەممەس..............................ئىمام باسىت مەۋجۇت (18)

رۇبائىيلار.....................................................روزى گۇلباي (19)

خۇش كەيىپ...............................ئابدۇشۇكۇر ئابدۇراھمان (31)

غەزەللەر.................................................مۇختار سۇپۇرگى (34)

شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا...........................كۈرەش ھۇسەيىن (35)

چىدا يۈرىكىم چىدا......................................بۇسارەم تۇرسۇن (36)


### يارقىن يۇلتۇزلار


نۇرئىچىدە نۇرلانغان ھايات...............................ئەدىھەم ئىبراھىم (75)





باش مۇھەررىر:

شاكىرجان ئېلاجى

主编: 夏克尔江. 依拉吉

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

ئەسئەت ئابدۇرېشىت

副主编:

艾赛提. 阿布都热西提

تەھرىر ھەيئەتلەر:

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابلىز ھوشۇر

ئابدۇرۇسۇل سېيىت

ئەسئەت ئابدۇرېشىت

ئەكبەر قادىر

پەرھات رېشىت

تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن

دولقۇن روزى

شاكىرجان ئېلاجى

غەيرەت ئاسىم

قېيۇم سوپى

مۇھەممەتجان راشىدىن

گۈزەل-سەنئەت مۇھەررىرى:

بۇزۇھرە ئىركىن (تەكلىپلىك)



ئادرېس: غۇلجا شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 72 - نومۇر

تېلېفون نومۇرى: 0999-8021205

# ILI RIVER

ilideryasi@163.com

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ
«ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزىدۇ
«ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلىدۇ
«ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىدۇ
ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
ISSN1005-8710
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
CN65-1057/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-75
پوچتا نومۇرى: 835000
پارچە سېتىلىش باھاسى: 8.00 يۈەن

刊名：《伊犁河》
主管：伊犁哈萨克自治州文联
编辑《伊犁河》杂志维文编辑部
出版：《伊犁河》杂志社
印刷：伊犁日报印刷厂
发行：伊犁州邮政局
订购：各地邮政局
国际标准连续出版物号：
ISSN1005-8710
国内统一连续出版物号：
CN65-1057/1
**邮发代号：58-75**
**邮政编号：835000**
**单价：8.00元**

## كۈنلەر ئالبومى

كونا ئەسكەرنىڭ كەچمىشى..........مۇھەممەد رەھىم (80)

## چوغلۇق

يەتتە ئاۋۇش..........دىلمۇھەممەت جەفەر (37)
ئۈمىدكە تولغان لىرىكا..........رىسالەت مەردان (39)

## مەشئەل

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئىلىدىن باشلانغان..........دولقۇن روزى (43)

## تارىختىن سۆز

19 - ئەسىردىكى ئىلىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار........ۋ.ۋ.رادلوف (93)

نۆۋەتچى مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم
كوررېكتور ۋە بەتچىك: بۈزۈھرە ئىركىن (تەكلىپلىك)
خەتتات: بەختىيار تۇرسۇن

地址：伊宁市解放南路72号
电话：0999-8021205



# سۇنغان كۆڭۈل

## (ھېكايە)

مىركايىل نۇرالىم

بۇ ھاياتنىڭ ئۆزى ئاجايىپ سىرلىق كەچمىشلەرگە تولغان. تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئايىغى چىقماس يول. ئادەملەرنىڭ چېھرىگە قارىسىڭىز كۆلكە كۆرۈنگىنى بىلەن كۆلكە تەكتىدە سىرلىق، ھەيران قالارلىق قىسمەتلەر يوشۇرۇنغان. يېقىندا ماڭا كەلگەن بىر پارچە خەت مېنى ھەيران قالدۇردى. بۇ خەت بىر ئايالدىن كەلگەن بولۇپ، كۆز ياش بىلەن يېزىلغانىدى. مەن قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم. قەلبىمنى ھاياجانغا سالدى. خەتتىكى كەچمىشلەردىن كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن نامسىز ئايالنىڭ خېتىنى ئۆزگەرتمەي ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

ياخشىمۇسىز؟ سىز مېنىڭ بۇ خېتىمنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم، سارالڭ ئايالمۇ دەپمۇ ئويلاپ قالغانسىز. نېمە دېسىڭىز، قانداق ئويلىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، ھە، راست «مېنىڭ ئادرېسىمنى قانداق تاپقاندۇ؟» دەپ ئويلاۋاتقانسىز، ھەيران بولماڭ مەن سىزنىڭ يېقىندا ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىرقانچە ھېكايىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم. ھەم ئادرېسىڭىزنى شۇ ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ئاستىغا يېزىپ قويۇپتىكەن شۇ يەردىن ئالدىم. ئەسەرلىرىڭىز ياخشى يېزىلىپتۇ. سىزنىڭ مېنىڭ بۇ كەچمىشلىرىمنى ياخشى يېزىپ چىقالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەندىم. سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم: مېنى سۆرۈشتە قىلماڭ، ھاياتىمنى بولسا يېزىپ بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشىڭىزنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ سارغايغان ياپراقتەك ئۆتكەن ئاچچىق تۇرمۇشۇمدىن باشقىلار ساۋاق ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا ئەينەك قىلىپ قالسا، ھاياتلىق يوللىرىغا چىراغ يېقىپ قالسا، ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان سەۋەنلىكلىرىدىن ساقلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

مېنىڭ ئون بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. خېلى چىرايلىق بولسام كېرەك. مېنى قوغلىشىدىغان يىگىتلەر كۆپ ئىدى. ھەر كۈنى ئارقامغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيتتى. ماڭا يېقىنلىشىشنى، پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. ياشلىق قەلبىمگە ئوت ياقاتتى. ئادەمنىڭ ياشلىق مەزگىلى خۇددى سىمابتەك تۇراقسىز بولىدىكەن. بۇ چاغدىكى كۆڭۈل بولسا تولىمۇ چېچىلاڭغۇ كېلىدىكەن. مېنىڭ بۇ يۇمران قەلبىمگە باھار ھىدلىرىغا قوشۇلۇپ، مۇھەببەتنىڭ تەتۈر شاماللىرىمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئورۇلۇپ تۇراتتى. مەن بولسام پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىپ ئالدىراش ئىدىم.

ئاشۇ بىر مۇدھىش يەكشەنبە مېنىڭ ھەسرەتلىك تەقدىرىمنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئۇ كۈنى مەن (ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا بىر ئاي قالغان ۋاقىت ئىدى) بىر دوستۇم بىلەن دەرس تەكرارلاش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتىم. قوللىرىمىزدا كىتاب بار ئىدى. يېنىمىزدا تۇيۇقسىز توختىغان بىر ۋېلىسىپىت بىزنى

چۆچۈتۈۋەتتى . مەن ئىتتىك يېنىمغا قارىدىم . ئۇ مېنى قوغلىشىۋاتقان يىگىت ئەزىمەت ئىدى . ئۇ بويى ئېگىز ، بۇغداي ئۆڭ ئىدى . ئەزىمەتنىڭ مېنى قوغلىشىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولغانىدى . ئەزىمەت مەندىن ئىككى سىنىپ ئىلگىرى ئوقۇغان بولۇپ ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا دادىسىنىڭ ئورنىغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغانىدى . گەرچە مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلۈم بولىسمۇ مەكتەپ پۈتتۈرمىگۈچە ھېچكىم بىلەن يۈرمەسلىككە ئەھدە قىلغانىدىم . شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى مەجبۇرى قاچۇرۇپ يۈرەتتىم . بۇ قېتىم يېنىمدا جىندەكلا پەيدا بولۇپ دىققىتىمنى چاچتى . ئۇ:

ــتەكرار قىلىۋېرەمسىز ، چارچاپمۇ كەتكەنسىز؟ كاللىڭىزنى سەگىتىپ كېلىڭ ، سىزنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەي ، ــدېدى .

بۇ سۆزى ئۆزۈمگىمۇ خۇش ياقتى . ئۆزۈممۇ چارچاپ قالغانىدىم . نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ۋېلسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرۇپ دەريا بويىغا يۈرۈپ كەتتىم .

باھار ھۆسنىگە تولغان ، تەبىئەت قىز ـ جۇۋانلاردەك ياسانغان چاغلار ئىدى . قۇشلارنىڭ ناۋالىرى ھارغىن دىللارغا زوق بېرەتتى . كۆكۈللەر باھار ھىدىنى ھىدلاپ قانمايتتى . رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ ، ئادەمنىڭ يېشىل چىملىقلاردا ياتقۇسى ، ئېغىنغۇسى كېلەتتى ، قاياقىلا قارىسا كۆڭلى سۆيۈنەتتى . دەريا ساھىلىدىن كېلىۋاتقان سالقىن ، نەم ھاۋا ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇراتتى . دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى قويۇق تېرەكلىك بولۇپ ، بەزى تېرەكلەرگە ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيتتى . تال شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ سايراۋاتقان كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كۆڭۈلنىڭ دىل تارىنى تىترىتەتتى . مەن دەريا بويىنى ياقىلاپ كېلىپ قىرغاقنى ئاۋايلاپ دەسسەپ تۇرۇپ ئالدى بىلەن قولۇمنى ئاندىن يۈز كۆزلىرىمنى يۇيدۇم . سوغۇق دەريا سۈيى پۈتۈن بەدىنىمنى سەگىتىپ ، چارچاپ كەتكەن كاللامنى ۋىللىدە يورۇتۇۋەتتى . تەبىئەت ئانىنىڭ بۇ ھېكمەت ، خىسلەتلىرىدىن يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى . خۇشاللىقىمدىن بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم ، چىملىقلاردا يۇگۇرگۇم كەلدى . مەن دەريا بويى

چىمەنزارلىقتىن كاككۇك گۈلى ، سەبدەگۈللىرىنى تېرىۋېلىپ بىر دەستە گۈل قىلىۋالدىم .

بىر چاغدا يېنىمدا ، مېنىڭ باللارچە قىلىقلىرىمغا تويماي قاراپ تۇرغان ئەزىمەتكە كۆزۈم چۈشتى . ئۇ ماڭا قاراپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەنىدى . مەن شوخلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا: «ئۇنچىمۇ ، مارجانمۇ؟» دەپ سۇ چاچتىم . ئۇ ئەنسىدىكىپ ئەسلىگە كەلدى . مەن چاچقان سۇدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ماڭا ياندۇرۇپ سۇ چاچتى . مەن ۋارقىرىغان پېتى قاچتىم . بىز دەريا بويىدا بىر ـ بىرىمىزگە سۇ چېچىشىپ بىرەر سائەتتەك ئوينىدۇق .

بۇ قويۇق ئورمانلىقتا ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى . مەندە تۇيۇقسىزلا ئەنسىزلىك تۇيغۇسى پەيدە بولدى . بۇ بەلكىم ، ئادەملەردىكى باشقا بىر سەزگۈنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن . بىز چىغىر يولدا يانمۇ يان كېلىۋاتىمىز ، ئۆزۈمنىڭ ئەزىمەتكە مەيلىمنى بېرىپ ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ بۇ ئادەمسىز دەريا بويىغا نېمىگە كەلگەنلىكىمنى بىلمەيتتىم . ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئاستا تۇتۇپ:

ــزۇمرەت! مەن سىزگە يۈرەك سۆزۈمنى دېسەم ، سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن ، مېنى قاچانغىچە ساقلىتىسىز؟!ــدېدى . مەن بۇ مۇلايىملىق بىلەن ئېيتىلغان ئۆتۈنۈشتىن گاڭگىراپ قالدىم ، سەل ئۆزۈمنى توختىۋېلىپ:

ــھازىر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن ، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىۋالاي ، ئاندىن بىر گەپ بولسۇن ،ــدېدىم سەۋەب كۆرسىتىپ .

ــمەن سىزگە چىدىمايمەن ، ئالىي مەكتەپكە كەتسىڭىز باشقا بىرىنى تېپىۋېلىپ مېنى ئۇنتۇپ كېتىسىز ،ــدېدى ئەزىمەت . كۆزۈمگە تىكىلىپ .

ــسىز ، مېنى ھەقىقي ياخشى كۆرسىڭىز مەكتەپ پۈتكۈچە ساقلاڭ ،ــدېدىم .

ــمەن سىزسىز ياشىيالمايمەن ،ــدەپ مېنى ئۆزىگە ئاستا تارتتى ، بىر خىل ئوتلۇق سېزىم پۈتۈن بەدىنىمنى لەرزىگە سالدى ، ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭ مەيلىگە باقتىم . بۇ بەلكىم ، تۇنجى سۆيگۈنىڭ دىللارنى مەستخۇش قىلىدىغان سېھىرلىك سېزىمىدۇر ، ھېسسىيات ئىرادەم ئۈستىدىن غالىپ

كەلدى. مەن ئۇتلۇق سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلدىم، ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرى مېنى بارغانچە چىڭ قىسماقتا، مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ كېتىشكە تىرىشتىم، بىراق قۇتۇلالمىدىم، ئاجىز قۇشتەك ئۇنىڭ باغرىدا تېپىرلىدىم. ئادەمسىز چىمەنلىكتە ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىدىم. ئادەمسىز دەريا بويىدا، پاكلىقىم ئەرزىمەس ئوت چۆپلەر ئارىسىدا قالدى. يۈرەك باغرىم ئۆرتىنىپ قان بولدى. نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويغىنىمنى بىلەلمەي قالدىم، ھاياتىمدىكى، مەڭگۈلۈك خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن ئىدىم. مەن ئەزىمەتنى تىللاپ، ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدىم.

—نېمىشقا بۇنداق ئىشنى قىلىسىز؟! مېنى سىز ئۆمۈرلۈك ناباۇت قىلدىڭىز، ئەمدى مەن قانداق ياشايمەن، خەقنىڭ ئالدىدا قانداق يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ —دەپ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. ئۇ ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇرۇپ يالۋۇرىۋاتاتتى:

—مېنى كەچۈرۈڭ، بۇنداق قىلىش ئويۇم يوقتى، شەيتان نەپسىمنى باسالماپتىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ، سىزنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن.

—يۈرىكىڭىزدىن سۆيگەن ئادىمىڭىزنى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلىپ، خارلامسىز؟!

—مەن سىزگە قەرزدار، بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمەن!

ئەزىمەت ئالدىمدا تىزلىنىپ يىلىنىپ، قىلغان ئىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. مېنى ئاچچىق ئەلەم، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش قىينىماقتا، بۇ قارغىش تەگكەن دەريا بويىغا كەلگىنىمگە مىڭ ئۆرتەنمەكتىمەن. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا بۇلغانغان تېنىمنى تاشلاپ، بۇ ھاياتتىن بىراقلا خوشلاشماقچى بولدۇم. دەرياغا قاراپ يۈگۈردۈم. ئەزىمەت يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ يىلىنىشقا باشلىدى:

—نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلاي، ھەتتا ئىت، ئېشەك ئورنىدا ئايىغىڭىزدا ئىشلەي، مۇشۇ بىر نۆۋەت مېنى كەچۈرۈڭ، سىزدىن ئۆتۈنەي، مەن سىزگە ئىگە، مەن سىزنى سۆيىمەن، مەن سىزگە ئاشىق، ماڭا ئىشىنىڭ، —ئۇ يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېدى. مېنى باغرىغا چىڭ بېسىۋالدى. مەن بۇنداق يالۋۇرۇشلار، مېھىرلىك قۇچاقلاشلار ئالدىدا، ئاجىزلىق قىلدىم. ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقى دەل مۇشۇ يەردە ئوخشايدۇ، ئاسانلا ئەرلەرنىڭ يېقىملىق گەپلىرىنىڭ ئالدىدا ئېرىپ، پەيلىمىزدىن يانىدىكەنمىز. كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق بىز ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىمىز ئوخشايدۇ. تاغ تەرەپتىن سوغۇق شامال كېلىشكە باشلىدى، دەريا بويىدىكى، دەل ـ دەرەخلەر كۈچلۈك شامالدىن بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ تەۋرەنمەكتە. دەريا بولسا تېخىمۇ بۇژغۇن چاچرىتىپ دولقۇنلىماقتا... نەلەردىندۇر قارا بۇلۇت يېتىپ كېلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. كۆز ياشلىرىم يامغۇر تامچىلىرىغا قوشۇلۇپ گۈل ـ چېچەكلەر ئارىسىغا، چىلان تۇپراق باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. مەن سوغۇقتىن سەل تىترەشكە باشلىدىم، پۈتۈن بەدىنىم قىزىشقا باشلىدى.

—مېنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىڭ، —دېدىم ئەزىمەتكە. ھۆل بولۇپ كەتكەن كىتابلىرىمنى چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە يەنە ئولتۇردۇم.

مەن بىرقانچە كۈن ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. ئاخىرى ئۆيدىكىلەر ئىمتىھان بېرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئوكۇل سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدىم. ئىمتىھانغىمۇ ياخشى تەييارلىق قىلالمىدىم. ئىمتىھان ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ كۈنلەردە ئەزىمەت كۈندە ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل سەممىي كۆيۈنۈشىدىن تەسىرلەندىم، سۆيۈندۈم. مەن بارغانچە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ قاملاشقان سىيماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيۋاتاتتى. ئۇنى ھەر كۈنى كۆرمىسەم تۇرالمايدىغان بولۇپ قىلىۋاتاتتىم. ئەزىمەتمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى، مېھرىنى ماڭا ئاتا قىلدى. ئەزىمەتنىڭ بۇ خىل مېھرى ـ مۇھەببىتىدىن كۆڭلۈم بەكلا خۇش بولدى. ئۇ ئاخىرى قەلبىمدىكى، ئاق ئاتلىق شاھزادەمگە ئايلانغان ئىدى.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى باشلاندى. ئەزىمەت ھەر كۈنى ماڭا ھەمراھ بولۇپ، مەدەت بېرىپ، ياردەمدە بولدى. ئىمتىھان مەيدانلىرىدىن خۇشاللىق بىلەن چىقىپ كېلىشىمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن بىز مۇھەببەت قاينىمىغا چۆكۈپلا كەتتۇق. ھەر كۈنى كۆرۈشمىسەك بىر-بىرىمىزگە چىدىمايتتۇق. ھەر ئىككىمىز ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىدۇق. ئىككىمىزدە بىر كۆك خاتىرە بولىدىغان ئىككى كۈن ئۇنىڭدا تۇرسا، ئىككى كۈن مەندە تۇراتتى. بىز ئۆزلىرىمىز يازغان ۋە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ كۆچۈرۈپ قوياتتۇق. ھېلىھەم يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىپ قويۇپتىكەن:

ئىسمىدىن چىقمايدۇ ئاي كۈلگەن ئاخشام،
يادىڭدا باردۇر ھەم بىز ئېيتقان ناخشا.
يۇلتۇزغا تەلمۈرۈپ تىلەكلەر تىلەپ،
مۇڭداشقان قۇل تۇتۇپ قەدەملەر ئاستا.

يىراقلاپ كەتسەڭمۇ مېنىڭدىن گەرچە،
قەلبىمنىڭ كۆكىدە پارلىغان ئايسەن.
يادىڭغا يەتكەندە قويارسەن ئەسلەپ،
ھەر تاڭدا ھەر ئاخشام يادىمدا بارسەن.

مەن ھەر ئىككى كۈندە خاتىرىنى قولۇمغا ئالغىنىمدا، ئۇنىڭ ماڭا ئاتالغان شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمدا سۆيۈنۈپ كېتەتتىم، ئۇنىڭغا بولغان چىن سۆيگۈم ھەسسىلەپ ئاشاتتى. ئاشۇ كۆڭۈلسىز دەريا بويىنى ئۇنتۇپ پۈتۈن ئىشقىم بىلەن ئۇنى ياخشى كۆردۈم، سۆيدۈم، تەلۋىلەرچە ئاشىق بولدۇم.

ئىككى ئايدىن كېيىن چاقىرىق قەغىزىم كەلدى. مەن داڭلىق مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىگەن بولسامۇ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنىدىم. مەن خۇشاللىقىمدا چاقىرىق قەغەزنى قولۇمغا ئېلىپ سۆيۈپ، سەكرەپ كەتتىم. چۈنكى، مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت يېڭى بىر ھاياتىم باشلانغانىدى. مەن بۇ خۇشاللىقنى ئەزىمەتكە يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدىم، خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلىدىم، يېنىغا ئالدىراپ چاپتىم. ئەزىمەت ئىدارىسىدە ئىكەن مېنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. خىزمەتداشلىرى بولسا بىزگە يەر ئاستىدىن قارىشىۋاتاتتى. ئۇ ئىدارىدىكىلەردىن سەل خىجىل بولۇپ قالدىمۇ مېنى سىرتقا باشلاپ ماڭدى. بىز شۇ كۈنى ئاشۇ كونا جايغا بېرىپ قانغۇچە مۇڭدىشىپ ئويناپ كەلدۇق.

ئەزىمەت مېنى مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ساقلايدىغانلىقىغا ئاي-يۇلتۇزلارنى گۇۋاھ قىلىپ ۋەدە-قەسەملەرنى بەردى. مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىمنى قايتا-قايتا ئۆتۈندى. ئوقۇشقا ماڭىدىغان كەچتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ مېنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

—زۈمرەت، مەن سىزنى مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ساقلايمەن، ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلماڭ، سىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن، —دېدى، سەل مەيۈس ئاۋازدا.

—ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، ئۆزۈمنى سىزگە تاپشۇرۇۋەتكەنمەن، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، يۈزسىزلىك قىلسام، قارا يەر يۇتسۇن، —دېدىم، ئۇنىڭغا چىن يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتىپ.

—مەنمۇ سىزگە ئىشىنىمەن، ھەرگىز ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمايسىز، —دېدىم ئەزىمەتنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ. كۆكتىكى ئاي-يۇلتۇزلار بىزنى تەبرىكلەۋاتقاندەك، بۇ ئوتلۇق سۆيگۈدىن مەست بولۇۋاتقاندەك، بىزگە كۆز قىسىشىپ چىمىرلايتتى. كۈمۈش نۇرغا پۈركەنگەن بۇ كېچە بىزگە سۈتتەك ئايدىڭ نۇرى بىلەن چەكسىز بەخت ئاتا قىلماقتا ئىدى. بىز ھاياتنىڭ، سۆيگۈنىڭ شېرىن لەززىتىدىن، تەڭداشسىز قۇدرىتىدىن مەست بولۇپ خۇدىمىزنى يوقاتماقتىمىز، ھاياتتىن چىن يۈرىكىمىزدىن سۆيۈنمەكتىمىز...

ئەزىمەتنىڭ قاتناش بېكىتى ئالدىدا مېنى ئۇزىتىپ قالغان ھالىتى، ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ شۇ ئوبرازى سۈرەتتەك قەلبىمگە مەڭگۈلۈككە ئورناپ كەتكەنىدى. پات-پاتلا ئاشۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. مېنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىم ھايات مۇساپەمدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرە. ئوقۇغۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ بەخت شادلىقىنى قەلەم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىگە ئايان. ئوقۇغۇچىلىق ھاياتقا نۇرغۇن سىرلار سىڭىپ كەتكەن، يوشۇرۇنغان. جاپا-مۇشەققەتمۇ، شادلىقمۇ، كۆز ياشمۇ، ھەسرەت-نادامەتمۇ بار.

كېيىن ئەزىمەتنىڭ دېيىشىچە، مەن ئالىي مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن ئۇنى يالغۇزلۇق قىيناپتۇ.

ئىچى پۇشۇپتۇ، زېرىكىپتۇ. بارىدىغان، كېلىدىغان سورۇنلىرى كۆپىيىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دوستىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بىر قىز ئوغۇللار سورۇنىغا قاتنىشىپ قاپتۇ. ئاغىنىلىرى بىلەن بۇ سورۇندا راسا، ئويۇنغا چۈشۈپتۇ. بارلىق نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپتۇ. قىزلار ئارىسىدىكى مېھمانخانىدا ئىشلەيدىغان قىز ئۇنىڭغا كۆز تاشلاپتۇ. ھاراقنىڭ كۈچىدە ئىچ ـ پەش تارتىشىپ چىقىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ سورۇنلىرى كۆپىيىپ، ئۇچرىشىشلىرى ئاۋۇپتۇ. ئاخىرى بېرىپ مەستچىلىكتە قىز ئىشلەيدىغان مېھمانخانىدا ماڭا قىلغاننى ئۇنىڭغىمۇ قىپتۇ. باشقىلار مەندەك ئاق كۆڭۈل ئەمەستە، ئۇ قىز ئەزىمەتنى قولىغا كىرگۈزۈۋاپتۇ، تىل خەت يازدۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى بېرىپ ئىككىسى توي خەت ئېلىۋاپتۇ. مەن بىچارە ئەخمەق بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئارىلىشىپ يۈرۈۋېرىپتىمەن. ھەر تەتىلدە كەلگىنىمدە ئۇنىڭ باشقا قىزلار بىلەن يېتەكلىشىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ گەپلىرىگە ئالدىنىپ يۈرۈپتىمەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، خىزمەت كۈتۈپ يۈرگەن كۈنلەردىمۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ يۈردۇق. بىراق، ئۇ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ قۇچىقىمغا بېشىنى قويۇۋېلىپ يىغلايتتى. كۆڭلۈم بولسا، بىر شۇملۇقنى سېزىپ تۇراتتى، ماڭا دېيەلمەيۋاتقان بىر سىرىنىڭ بارلىقىنى تۇيغۇلىرىم سەزگەندەك قىلاتتى. مېنى بىر كېچە ئۆيگە كىرگۈزمىگەن كۈنى مەن ئۇنىڭغا:

ــ مەن ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن ئۆيگە كىرىمەن؟ــ دېسەم، ئۇ ئاخىرى راست گەپنى دېدى. مەستلىكتە چىقىلىپ قويغان سەۋەبلىك، ئۇ قىزنى ئالمىسا بولمايدىكەن، مەن بولسام، چىرايلىق، ئەقىللىق ھەم خىزمىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز بەختىمنى تاپالايدىكەنمەن. ئاھ..! بۇ سۆزلەر مەن سۆيگەن، ماڭا ئاي ـ يۇلتۇزلارنى گۇۋاھ قىلىپ قەسەملەرنى بەرگەن يىگىتىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن: «بىز توي قىلايلى، ئۆيۈڭگە ئەلچىلەر ماڭدۇراي...» دېگەن گەپلەرنى كۈتۈۋاتقاندىم. ماڭا ئەمدى نېمە كەلگۈلۈك، نېمە تارتقۇلۇق، نەچچە يىللار ئۇنى ساقلىغىنىم، زارىقىپ كۈتكىنىم، ئەقىدەمگە ياندۇرغان جاۋابى مۇشۇ بولدىما، ئالىي مەكتەپتە تالاي

ساۋاقداشلىرىمنىڭ يېلىنىپ، يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇلارنىڭ سەممىيلىك بىلەن قويغان تەلەپلىرىنى ئەزىمەتنى دەپ رەت قىلغان، ساۋاقداشلارنىڭ تۈرلۈك يىغىلىشلىرىغا، ئويۇن ـ كۈلكىلىرىگە ئاشۇنى دەپلا، ئارىلاشماي ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى تەنھا ئۆتكۈزگەن، ساۋاقداشلىرىمنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىگە، سېسىق گەپلىرىگە ئاشۇنى دەپلا چىداپ كەلگەن ئىدىمغۇ! مەن ئۆزۈمنى دەماللىققا يوقىتىپ قويدۇم، بېشىمدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ، تىلىم تۇتۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدىم، مەن يۈرىكىمدىن، چىن ئىخلاسىم بىلەن نەچچە يىل مېھرى ـ مۇھەببىتىمنى بېرىپ سۆيگەن، بارلىقىمنى بېغىشلىغان ئادىمىمدىن بۇ گەپلەر چىقىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئاي قاراڭغۇسىدا، يۇلتۇزلار چىمىرلىشىپ مېنى مازاق قىلىۋاتقاندەك بىلىندى، ئۇلار: «ھەي، بەختسىز قىز، سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ ئەمدى قۇرۇمايدۇ، ئۇ ساڭا سەممىيەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق قىلدى، ئەقىدەڭنى ئاياغ ئاستى قىلىپ خارلىدى، سەن ئۇنى شۇنچە يىللار تۈرلۈك سۆز ـ چۆچەكلەرگە، غەيۋەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ساقلىغان، كۈتكەنىدىڭ، ‹ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا› دېگەن مانا مۇشۇ» دېيىشىۋاتقاندەك بىلىندى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، بىر ۋاقىتلاردا ئېسىمگە كېلىپ، كەپتەردەك بۇقۇلداپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. مېنىڭ پۈتۈن ئارزۇ ئارمانلىرىم، ئۈمىدىم، خۇشاللىقلىرىم، ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزى بىلەن كۈلدەك تۇزىدى، ۋەيران بولدى، كۆز ياشلىرىغا ئايلىنىپ كۆزلىرىمدىن تاراملاپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئاچچىق دەردلىرىم، پىغانلىرىم بولسا، يۈرىكىمنى تاتىلاپ، سىقىملاپ، نەپەسلىرىمنى قاماللاپ قىسماقتا. ئاچچىقىمدا ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە:

ــ ئەي، يۈزسىز... قايسى ئېغىزىڭىز بىلەن ماڭا بۇ گەپلەرنى دەۋاتىسىز؟ ماڭا ۋەدە ـ قەسەملەر بەرگەن ئېغىزىڭىزدىن بۇ گەپلەر قانداق چىقىۋاتىدۇ، ماڭا ئۇۋال، سوراق يوقمىكەن، سىز ئاشۇ ئېپلاسلىقلارنى قىلغىنىڭىزدا مەن كۆز ئالدىڭىزغا كەلمىدىممۇ؟! يادىڭىزغا يەتمىدىممۇ؟! مېنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ مەن ئەمدى، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئالدىدا، ئاتا ـ ئانامنىڭ

ئالدىدا، دوست ـ دۈشمىنىمنىڭ ئالدىدا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، مېنىڭ ھاياتىمنى سىز ۋەيران قىلدىڭىز، ئىچ باغرىمنى قان قىلدىڭىز، مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى، ئەمدى نېمە دەپ ياشايمەن، پاك سۆيگۈمنىڭ قىزىل تىرنىقى بوينىڭىزدا قالدى، ـ دەپ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى، بۇ دۇنيادىن بىراقلا ۋاز كەچكەندىم. ھاياتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، قاراڭغۇ كېچە قويىنغا، دەريا بويى تەرەپكە قاراپ ئۆزۈمنى ئاتتىم. راسلا، بۇ ھاياتتىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەندىم. ماڭا، ئۇنىڭسىز ھايات قاراڭغۇ زۇلمەت، ئازابلىق زىندان ئىدى. ئۇ ئارقامدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

ـ مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى تىللاڭ، ئۇرۇڭ، مەن ئالدىڭىزدا مەڭگۈ گۇناھكار، مېنىڭدەك ۋىجدانسىز، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئەرزىمەس ئادەم ئۈچۈن ياش جېنىڭىزنى نابۇت قىلماڭ، مېنى سۆيگەن، پاك ئەقىدىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ ھاياتىڭىزنى ھالاك قىلماڭ، مەن بۇ گۇناھىم ئۈچۈن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بىر ئۆمۈر دوزاختا بۇ دۇنيادىلا كۆيىمەن، جازايىمنى تارتىمەن... تەڭرىم گۇۋاھ! ماڭا ئىشىنىڭ! مەنمۇ سىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن، يۈرىكىمدىن سۆيىمەن!...

ـ مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، نېمىشقا ئۇ ئىشلارنى قىلدىڭىز؟ مېنى نېمىشقا مۇنچە ئازابلاپ ئوتقا تاشلايسىز؟

ـ مېنىڭ ئەڭ ئاجىزلىقىم ھاراق ئىچسەم ئۆزۈمنى كونترول قىلالماسلىق، تۇتۇرۇقسىز كۆڭلۈمنى باشقۇرالماسلىق. مېنىڭ مۇشۇ قىلىقىم ئاخىرى مۇشۇ پالاكەتكە تاشلىدى. بىراق، مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم، بوينۇم يېپىسىز باغلاقلىق، مېنىڭ ئەمدىكى تۇرمۇشۇممۇ تۇرمۇش بولمايدۇ، سىزنىمۇ ئۆزۈمنىمۇ ھالاك قىلدىم. بۈندىن كېيىنكى ھاياتىم، ئاچچىق ھاراق بىلەن ئۆتىدۇ. سىزنى كۆرمىسەم چىدىمايمەن، ئۆزۈمنى يوقىتىمەن، سىزنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق، تۈنلەردە ئۇيقۇسىز يىغلاپ چىقىمەن، سىز ياشاڭ... سىزنى كۆرۈپ بولسىمۇ تۇراي...

ـ ئەمدى بۇ گەپلىرىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى، مېنى يەنە دوزاخ ئوتىدا كۆل قىلىپ كۆيدۈرمەكچىمۇ؟ «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك مەن ئىشەنگەن، بارلىقىنى تەقدىم قىلغان ئادىمىدىن بۇ ۋاپاسىزلىق كەلدى، ئەمدى كىمدىن ۋاپا، ئۈمىد كۈتىمەن؟! كىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇشاللىق ئىزدەيمەن؟ بۇ بۇلغانغان تېنىم بىلەن كىمدىن سۆيگۈ تاما قىلىمەن، قەلبىمدىكى سۆيگۈم ئۆلدى، كۆڭلۈم ئۆلدى، يۈرىكىم ئۆلدى... مەن ئەمدى كۆيۈپ كۆل بولغان يۈرىكىمنى، ئەلەم ـ ھەسرەت، نەپرەت تولغان قەلبىمنى، ھېسسىياتسىز بۇ جىسمىمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەنمۇ؟ مېنى قويۇۋېتىڭ. سىزگە بولغان ساداقىتىمنى بۇ ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈگىتەي.

ـ ئۇنداق قىلماڭ. سىز ئۆلسىڭىز مەنمۇ ياشىمايمەن، ـ ئۇ بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە يىغلاپ كەتتى. يىگىتلەرنىڭ قەلبى يىغلايتتى، كۆزىدىن ياش چىقمىغى تەس ئىدى. بىراق، ئەزىمەتنىڭ قەلبىمۇ يىغلاپ كۆزىدىن ياش توختىماي تۆكۈلۈۋاتاتتى. پۈتۈن بەدىنى سۇس تىترەۋاتاتتى. ئېھ! تەقدىر قىسمەتلىرىڭدىن چۆرگىلەي، ھەر ئىككىمىزنى ھەر كويلارغا سېلىپ، بىر يەردە يىغلىتىۋاتقان، بىزنى چارىسىز قالدۇرۇپ قاراپ تۇرغان، مەڭگۈلۈك جۇدالىققا سېلىۋاتقان سېھىرلىرىڭدىن ئۆرگىلەي، بەلكىم، «بەندە يىغلايدۇ، تەقدىر كۈلىدۇ» دېگەنلىرى مۇشۇ بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇپ، يىغلاشلىرىنىڭ ئالدىدا، بايامقى پەيلىمدىن يېنىپ قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن ئاتا ـ ئانام ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىشىم كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى، مېنى شۇنچە تەسلىكتە ئوقۇتتى، چوڭ قىلدى، مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئەجرىگە ئۆمۈرلۈك ئازاب بەرمەسلىكىم كېرەكتە.

شۇنداق قىلىپ بىز ئاخىرى ئايرىلدۇق. يۈرىكىمنى كۆكرىكىمدىن بىرى سۇغۇرۇپ ئېلىپ پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى. بۇ ھايات مەنىسىز، ئادەملەر كۆزۈمگە يېقىمسىز بىلىندى. جانسىز، ھېسسىياتسىز بىر ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالدىم. باشقىلارنىڭ گەپلىرىمۇ خۇش ياقمايدۇ، خىيالىدىن باش كۆتۈرمەيمەن، نېمە ئىشلارنىڭ

بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم. مۇشۇنداق يۈرۈپ ئاتا ـ ئانام، باشقىلاردىنمۇ نۇرغۇن تىل ئىشىتتىم.

مەن ئاخىرى ناھىيەدىن يىراق بولغان مۇشۇ يېزىغا يۆتكىلىپ كەتتىم. چۈنكى، ئۇنى كۆرمەسلىككە تىرىشتىم، بىر قەدەم بولسىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق بولغىنىمدىن خۇش بولدۇم، ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. مېنىڭ كەينىمدىن توپىدەك تۈزۈپ يۈرگەن غەيۋەت ـ شىكايەتلەردىن، پىتنە ـ پاسات، سۆز ـ چۆچەكلەردىن يىراقلاشتىم. قۇلىقىم تىنچلىنىپ قالغاندەك بولدى، ئۇ توغرىلىق ھېچ گەپ ئاڭلىمىساملا دەيتتىم. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى باشقىلارنىڭ يېغىرىنى تاتىلاشتىن خۇش بولامدىكىن بىلمىدىم. ئەزىمەت توغرىلىق مەن ئاڭلاشنى خالىمايدىغان، بىزار بولىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئەتەي ماڭا ئاڭلىتاتتى، ئازابلايتتى. مەن ئۇنداقلاردىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچىدىغان، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم. مەن قاچقانسېرى يۈرەكنى ئېزىدىغان شۇم خەۋەرلەر سايەمدەك مېنى ئەگىشىپلا يۈردى. مەن ئاخىرى سېغىزخانلاردىن ئەزىمەتنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۈچۈن خەيرسىز بولغان بۇ كېچىنى كۆز يۇمماي ئۆتكۈزدۈم. ھە دېسىلا، كۆز ئالدىمغا ئاپپاق توي كۆڭلىكىنى كىيگەن بىر قىزنىڭ ئەزىمەتنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان مەنزىرىسى كېلىۋېلىپ ماڭا قىلچىلىك ئارامچىلىق بەرمىدى. دۇنيادا ئۆزى قەلبىدىن سۆيگەن ئادەمنى باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويۇپ يالغۇز يىغلاپ، كۆز ياشقا چىلىنىپ يېتىشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب، خورلۇق، ئەلەم بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئورنىدا ئەزىمەتنى مەن قولتۇقلاپ توي زالىغا كىرىپ باشقىلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا ـ چەكمەن قىلغان بولسام قانچىلىك ياخشى بولاتتى ـ ھە!... ماڭا ئۇ خۇشاللىق، ئۇ بەخت نېسىپ بولمىدى. ئۆزۈمنىڭ يارىماسلىقىمدىن بەكمۇ ئۆكۈندۈم. ماڭا، ئاتا قىلغىنى مەڭگۈلۈك جۇدالىق، ئاچچىق ھىجران بولدى، كۆتۈرۈپ ئالغۇسىز، بىر قۇچاق دەرد، ھەسرەت بولدى... مەن ياتاقتا كارىۋات ئۈستىدە تەنھا ياتماقتىمەن، بۇ ياتاق ماڭا گويا گۆردەك بىلىنمەكتە. تۆت تام مېنى يېمەكتە... ياشلىرىممۇ يىغلاپ قۇرۇغانىدى. دېرىزىدىن بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان تولۇنئاي مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمنى كۆرمەسلىككە سېلىۋاتاتتى. چۈنكى ئاشۇ تولۇنئاي بىزنىڭ تالاي كەچمىشلىرىمىزگە گۇۋاھ ئىدى. ئەمدىلىكتە ئاشۇ تولۇنئايمۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى، يوشۇرۇۋاتاتتى. ھاياتلىقتا پەقەت ئۆزۈملا يالغۇزدەك ھېس قىلدىم، بارلىق ئادەملەر مېنى تاشلىۋەتكەندەك بولدى، بىرەر سىرداش، مۇڭدىشىمۇ بۇ كۈنلەردە ماڭا ھەمراھ بولمىدى، كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ، دەرد ـ ھەسرەتلىرىمنى ئاڭلىمىدى، سۇنۇق قەلبىمگە تەسەللى بەرمىدى. نە چارە، باشقا كەلگەننى كۆرمەي، بۇ كۈنلەر قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورناپ كەتتى.

تۇرۇپلا ئويلاپ قالىمەن: «ئۇ مېنى شۇنچە ئازابلىدى، ياشلىق باھارىمنى نابۇت قىلدى، ئەقىدەمنى خارلىدى، ئاخىرىدا ئەسكى كۆڭلەكنى تاشلىغاندەك تاشلىۋەتتى. يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈشۈمنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ تۆككەن ياشلىرىم ئەرزىمدۇ؟ زايە ئەمەسمۇ؟!». بىراق بۇ ئوي ـ خىياللىرىم پەقەتلا ئۆزۈمنى ئالداشلا، بەزلەشلا بولۇپ قالاتتى. ئازابلىرىم رايىمغا باقمايۋاتاتتى. بۇ مەندىكى، ياخشى كۆرۈشمۇ، نەپرەتمۇ بۇنى بىلمەيتتىم، ياخشى كۆرۈش بىلەن نەپرەت قەلبىمدە ئېلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن بۇ كېچىنى كىرپىك قاقماي تورۇسقا قاراپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. بۇنداق كۆز يۇمماس كېچىلەر تالاي ماڭا ھەمراھ بولدى...

ئۇ توي قىلىپ بەش يىلدىن كېيىن مەنمۇ باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر يېزىلىق يىگىت غۇلام بىلەن توي قىلدىم. بۇ تويمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ تونۇشتۇرۇشى، مەجبۇرلىشى بىلەن بولدى. ئۇ يىگىت ئاق كۆڭۈل، يۇۋاشتەك بىلىندى. بىز بىرقانچە قېتىم كۆرۈشۈپلا توي قىلدۇق. ئۇ، تاكى توي قىلغىچە قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغانىدى. مەن ئەسلى توي كۆڭلىكىنى پاك پېتىم كىيىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇ كۈنى باشقا تويى بولغان قىزلاردەك خۇشال بولالمىدىم، بەكمۇ ئازابلاندىم. توي كۆڭلىكىنى يىرتىپ تاشلاپ يىراقلارغا قېچىپ كەتكۈم كېلىپ كەتتى. توي دېگەن خۇشاللىق، ئۆمۈرلۈك بەختنىڭ بەلگىسى ئەمەسمىدى، باشقىلارغا شادلىق ئاتا قىلغان توي ئەكسىچە ماڭا ئازاب ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان،

سۆيمەيدىغان بىر يىگىت بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇشنى ئۆيلىسام پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم ئازابتىن تىترەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ئۆچلۈكۈم كېلىپ كەتتى. توي كۈنىدىكى باشقىلارنىڭ كۈلكە چاقچاقلىرى، بىزنى مۇبارەكلەشلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. چېھرىمدە كۈلكە پەيدا قىلالمىدى.

ئۇ توي كېچىسى مەندىن گۇمانلىنىپ قالدىمۇ بۇنى بىلمىدىم. ئەسلى بولسا توي كېچىسى «ئامانەتنى كىمگە تاپشۇردۇڭ» دەپ، مېنى تازا ئۇرغان بولسا بولاتتى. مەنمۇ ئاشۇنداق قىلىشنى خالايتتىم، شۇنداق بولغاندىلا ئازراق بولسىمۇ يېنىكلەپ قالاتتىم. بىراق، ئۇ، ئۇنداق قىلمىدى، گەپمۇ قىلمىدى. دەردىنى ئۆزى بىلدى.

مەن تويدىن كېيىن غۇلامنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلدىم، خىجىل بولدۇم. بارلىقىمنى چىن دىلىمدىن ئۇنىڭغا بېغىشلاش قارارىغا كەلدىم. ئۇنىڭغا ئاستا ئاستا كۆنۈپمۇ قالدىم. كۆڭلۈمنى بېرىپ ياخشى كۆرۈشكە تىرىشتىم. غۇلامنىڭ دىتىمغا ياقمىغان بەزى ئىشلىرىنى، قىلىقلىرىنى كۆڭلۈمگە ئالمىدىم، كۆرمەسكە سالدىم. غۇلاممۇ باشتا قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم خۇش بولدى. ئۇ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ خىزمىتىنى قىلدىم، رايىغا باقتىم. ئىناق بىر ئائىلە قۇرۇشقا، ياخشى بىر ئانا بولۇشقا تىرىشتىم. غۇلامنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن چىن كۆڭلىدىن سۇنغان بىر تامچە كۆڭۈل سۈيىگە، بىر ئېغىز تاتلىق كۆڭۈل ئاۋۇندۇرىدىغان سۆزىگە تەشنا بولدۇم. كۆڭلۈمنى ئاغرىتمىسىلا، ئازار بەرمىسىلا بولىدى دېدىم. بىراق، مېنىڭ يول قويۇشۇم، رايىشلىقىم، غۇلامغا باشقىچە تەسىر بېرىپ قالدىمۇ بۇنى بىلمىدىم. ئۇنىڭغا مۆڭگۈز چىقىشقا باشلىدى. پات - پاتلا مەست كېرىپ يوقلاڭ ئىشلار بىلەن سۆقۇشىدىغان، تىللايدىغان ئاخىرى بېرىپ ئۇرىدىغان بولۇۋالدى. مەن چىداپ، ئۆيىمىز ئۆي بولۇپ قالسۇن دېگەن نىيەت بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا يول قويدۇم، يول قويغانسېرى ئۇ ئەدىگىلى تۇردى. يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، گۇمان بىلەن تېلېفونۇمنى ئاختۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئۆتكەن، ئۇنتۇلاي دەپ قالغان ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ جېدەل چىقىرىپ، كۆڭلۈمنىڭ ساقىياي دەپ قالغان يارىسىنى قاناتتى. بۇ خورلۇقلار ماڭا ئېغىر كەلدى. غۇلامدىن مېھىر - مۇھەببەت تەلەپ قىلىپ سۇنغان قاچامنى سۇندۇردى. بىر يىل مانا مۇشۇنداق جېدەل - ماجرا، ئۇرۇش - تالاش بىلەن ئۆتتى. ئوغلىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىن مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ يامانلاشتى. باشقىلارغا:«ئۇ بالا مېنىڭ ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن » دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەكلا ئاچچىقىم كەلدى، ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. ئۇ ئۆز پۇشتىدىن بولغان گۇناھسىز، سەبىينى ھاقارەت قىلىۋاتاتتى. بۇ گەپلەر ماڭا بەك ئېغىر كەلدى، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بولدى. تۇرمۇشىمىزغا دەز كەتتى، ئۆزۈمنى خېلى زورلىغان بولسامۇ چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. مۇھەببەتسىز تۇرمۇش مېنىمۇ، ئۇنىمۇ ئازابلىدى. بەلكىم، دەرىجىدىن تاشقىرى سوغۇق مۇئامىلەم ئۇنىمۇ زېرىكتۈرگەن ئوخشايدۇ. ئۇ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدى، مەن قوشۇلدۇم. كۆڭۈلسىز تۇرمۇش دوزاخنىڭ ئۆزى ئىكەن، ئۇنىڭغا چىدىمىدىم، مەن شۇنىڭدىن باشلاپ يالغۇز ئۆتۈۋاتىمەن. ئوغلۇم يەتتە ياشقا كىردى. يالغۇزلۇققا كۆنۈپمۇ قالدىم.

سىز ئەزىمەتنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەزىمەتكە كەلسەك توي قىلغاندىن كېيىن ھاراققا بەكلا بېرىلىپ تۇرمۇشى تۇرمۇش بولماي قاپتۇ. ھە، دېسىلا ئىچىپ مەست يۈرسە قانداق ئايال چىدايدۇ، زېرىكمەيدۇ دەيسىز. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئۇنىڭدىن ئاخىرى زېرىكىپتۇ. ئىككى كۈننىڭ بىرىدە يامانلاپ كېتىدىكەن، تۇزۇكرەكمۇ ئۆي تۇتماپتۇ. ئون ئۈچ يىلنىڭ ئۈچ يىلىدا ئۆي تۇتقان بولسىمۇ ئون يىلى يامانلاقتا ئۆتۈپتۇ. ئۇلارمۇ مۇھەببەتسىز تۇرمۇشىدىن بېزىپتۇ. ئاخىرى مەندىن تالاشقان ئەزىمەتنى بالىسى بىلەن قوشۇپ تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. باشتىلا ئاتا - ئانىسى ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلماپتىكەن. دادىسى: «ئايالىڭنىڭ بىر پۇتى تالادا» دەپتىكەن، ئاخىرى دادىسىنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ. ئۇنىڭ بالىسىمۇ ئوغۇل بولۇپ ئون ئىككى ياشقا كىرىپتۇ ئۆزى بېقىۋېتىپتۇ.

بولغان ۋەقە مانا مۇشۇ، قەلبىمنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم، ئون توققۇز يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇ كېلىپ

يۈرىكىمگە تامغا قىلىپ بېسىۋەتكەن سىيماسى ھېلىمۇ قەلبىمدىن يۈتمەپتۇ. بىراق، يۈرەك باغرىم بەكلا زېدە بولۇپ كەتتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى تۈزۈكرەكمۇ كۈلۈپمۇ باقماپتىمەن، تۈنلەردە كۆز يېشىم ھەمراھ بولدى. تۈنلەر ماڭا بەكمۇ ئۇزاق بىلىندى، ئوغلۇم مەن ئۈچۈن بىردىن بىر تەسەللىي بولدى.

مانا ئەمدى ئون توققۇز يىلدىن كېيىن ئۇ، ئالدىمدا تۇيۇقسىز قايتا پەيدا بولدى. قەلبىمدە ئۆچۈپ قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئوتنى قايتا ياندۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى سىز دەپ بېقىڭا، مەن ئۇنى كەچۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟ ھاياتىمنى قايتىدىن باشلىشىم كېرەكمۇ ياكى، مۇشۇنداق كۆنۈپ قالغان يالغۇزلۇقتا ئۆتۈشۈم كېرەكمۇ؟ مەن ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەلۋەتتە، ئەمدىكى قالغان ئۆمرۈمنى ئۆزۈم سۆيگەن ئادىمىم بىلەن ئۆتكۈزگۈم بار. بىراق، رېئاللىقتا ئىككىمىزلا مەۋجۇت ئەمەستە، بىزلا ياشىمايمىز-دە، ئۇنىڭ بالىسى ماڭا يات مېنىڭ بالام ئۇنىڭغا يات بىز بۇ يات يۈرەكلەرنى بىرلەشتۈرۈشىمىز، تۇتاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئارىمىزدا تۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۆتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنى قىلالامدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەق نېمە دەيدۇ، ئاتا-ئانىلىرىمىز نېمە دەيدۇ...

بۇ دۇنيادا مەن ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان، ئەڭ ئۇنتالمايدىغان ئادىمىم يەنىلا شۇ ئەزىمەت...

خەت مۇشۇ يەردە ئاياغلاشقانىدى. يىراقلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. ئىچىمگە بىر نېمە كەپلىشىپ قالغاندەك يۈرىكىم سىقىلدى. بۇ ھاياتنىڭ ئاشىقلار تەقدىرىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق سوئاللىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇ ئايالدىن يەنە بىر پارچە خەت كەلدى.

خەت قىسقىلا يېزىلغانىدى: «...كۈنلىرىم ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز تېلېفونۇمغا نامەلۇم بىر نومۇردىن ئۇچۇر كەلدى. دەسلەپ پەرۋا قىلمىدىم، خاتا يوللىنىپ قالغان ئۇچۇر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. كېيىن ئۇ، ھېلىقى شېئىرنى ئۇچۇر قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭدىن بىلدۇم. چۈنكى بۇ شېئىر ئىككىمىزگە ئورتاق تۇرسا. شېئىرنى ئوقۇپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى، يا خۇشال بولۇشنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئۇنىڭغا ئۇچۇر قايتۇردۇم. بىز بىر مەزگىل ئۇچۇر قىلىشىپ يۈردۇق. مەن ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن ئۇچۇر كېلىشىنى كۈتەتتىم، تېلېفونۇمنى ئىختىيارسىز قولۇمغا ئېلىپ قاراپ قوياتتىم. ئۇنىڭدىن ئۇچۇر كەلسە يۈرىكىم سېلىپ كېتىدىغان بولدى، كۆرۈشكە ئالدىرايتتىم. بەزىدە خاتا كېلىپ قالغان ئەخلەت ئۇچۇرلارغا ئۆچ بولۇپ قالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالاتتى. شۇنى بىلدىمكى، مەن ئۇنى ھازىرغىچە ئۇنتالماپتىمەن. ئاخىرى بىز تېلېفوندا پاراڭلاشتۇق ئۇ:

— ياخشىمۇسىز؟ بىز كۆرۈشەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى. مەن بۇ تونۇش، ئاما ئاڭلىمىغىلى ئۇزاق بولغان يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ تىلىم تۇتۇلۇپلا قالدى، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشقا قۇربۇم يەتمىدى. مېنىڭ جىمىپ كەتكىنىمنى بىلگەندىن كېيىن:

— «پەرى بۇلاق» ئاشخانىسىدا سىزنى ساقلايمەن، — دېدى. پۈتلىرىم ئىختىيارسىز مېنى سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. تۇرۇپلا يەنە: «ئۇنىڭ ئالدىغا نېمىگە بارىمەن، ئۇنىڭدىن يەنە نېمە كۈتىمەن، ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرى ئازمۇ؟ مېنى جىنى بار قورۇق ئىسكىلىت ئادەمگىلا ئايلاندۇرۇپ قويدىغۇ؟ ئون نەچچە يىللىق ھاياتىم ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كۆز ياشلىق ئۆتتىغۇ؟» دېگەن تەتۈر خىياللار كاللامغا كىرىۋېلىپ مېنى ئىككىلىنىشكە سالاتتى. بىراق قانداقتۇر ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان بىر خىل كۈچ مېنى يېتەكلەپ، ئالدىمغا ئىتتىرىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ خىياللار بىلەن ئاشخانا ئالدىغا بېرىپ قالغىنىمنى بىلمەيلا قاپتىمەن.

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دېگەن، مۇلايىم، ئەمما تونۇش ئاۋازدىن ئېسىمگە كېلىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. ئالدىمدا، ئېگىز، ئورۇق، جۇدەپ كەتكەن سولغۇن بىر چىراي ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. مەن دەماللىققا تونۇيالماي قالدىم. ئالدىمدا ماڭا قاراپ تۇرغىنى ئەزىمەت ئىدى.

— كەلگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت! مەن سىزنى كەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى مېنى ئاشخانىنىڭ ئايرىم خانىسىگە تەكلىپ قىلىپ.

—نېمە تاماق يەيسىز؟ — دەپ تاماق تىزىملىكىنى ماڭا سۇنۇپ بەردى.

—نېمە بولسا بولۇۋېرىدۇ، ئۆزىڭىز بۇيرۇتۇۋېرىڭ، —دېدىم. ئارىمىزدا سۈكۈت ھۆكۈم سۈرەتتى. يات ئادەملەردەك ھەر ئىككىمىز گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتاتتۇق. ئاخىرى ئۇ، ئېغىز ئاچتى:

—ئالدىڭىزغا يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ كەلدىم. سىزگە قىلغانلىرىمنىڭ جازاسىنى تارتتىم، ئاھۇ-زارىڭىز مېنى تۇتتى. ئالدىڭىزدا يۈز كېلەلمەيمەن، بۈگۈن يۈزۈمنى دەسسەپ مىڭ تەسلىكتە ئالدىڭىزغا كەلدىم. شۇنچە يىللاردىن بېرى شۇنى ھېس قىلدىمكى، سىزسىز ياشىيالمايدىكەنمەن.

—مېنىڭ كۆلدەك جىمىپ قالغان قەلبىمگە يەنە تاش ئېتىپ تەۋرىتىپ نېمە قىلىسىز؟ تارتقان ئازابلىرىم ئاز بولۇپ قالدىمۇ؟ ئەمدى مېنىڭ يۈرىكىم دەرد كۆتۈرەلمەيدۇ...

—مېنىڭمۇ سىزگە ئازاب بەرگۈم يوق، يۈرەك سۆزۈمنى سىزگە دەپ سىزدىن كەچۈرۈم سوراش، شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزنى ئۇنتالماي كەلگىنىمنى ئېيتىۋېلىش، توغرا كۆرسىڭىز سىز بىلەن يارىشىپ، ئەمدىكى ئۆمرۈمنى بىللە ئۆتكۈزگۈم بار...

—بۇ مۇمكىنمۇ؟ ھەر ئىككىمىز ئائىلە قۇرغان، باللىرىمىز بار، بۇ ئىشلار ئۇنچىلىك ئاددىي، ئاسان ئەمەس.

—مەن سىزدىن باشقىسىغا كۆڭۈل بېرەلمىدىم، بارلىق ئىشلارنى توغرا ھەل قىلىمەن، ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، بالىڭىزغا ئاتىلىق مېھرىمنى بېرىمەن. مېنى مۇشۇ بىر نۆۋەت كەچۈرۈڭ، مېنى ئۈمىدسىز قويماڭ، ئەگەر رەت قىلسىڭىز مەن بىراقلا تۈگىشىپ كېتىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. ئىچ-ئىچىمدىن بىر خىل يىغا تۇتماقتا، بۇنداق يىغلىمىغىلى ئۇزۇن بولۇپ قاپتىكەن. يىغىمۇ نۆۋەتتە كەلگەندە ئادەمنىڭ ئىچىدىكى دەرد-ئەلەملىرىنى چىقىرىپ ئادەمنى يېنىكلىتىپ قويىدىكەن. ئاياللار خۇشال بولسىمۇ، خاپا بولسىمۇ يىغلايدۇ. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۇمۇ يىغلاۋېتىپتۇ. ياشلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ چاچلىرىمنى تۈزەشتۈردۈم. ئاخىرى ئۇنى يەنە كەچۈردۈم. كەچۈرمەي نېمە ئامال دەيسىز؟ مەنمۇ ئۆزۈم سۆيگەن ئادەم بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇشنى يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن تۇرسام.

شۇنىڭدىن باشلاپ روھىممۇ كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلۈممۇ يورۇپ قالدى. ئادەم ئۆزى سۆيگەن ئادىمى بىلەن قاقاس چۆللەردە يۈرسىمۇ، گۈلشەن كۆرۈنىدىغىنى بىكار ئەمەسكەن. ھايات ماڭا باشقىدىن گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى. شۇ كۈندىن باشلاپ بىز ھەر كۈنى ئۇچۇرۇشۇپ تۇردۇق، ئەزىمەت ھەر كۈنى تېلېفون قىلىشنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئوچۇقلىشىپ كۈلكە پەيدا بولدى. بىز پۇرسەت چىقسىلا ئاشۇ دەريا بويىغا چاپىمىز، مانا بۈگۈن ئۇنىڭدىن يەنە تېلېفون كەلدى، ماڭا بىر مەزگىل ئازابمۇ، خۇشاللىقمۇ بەرگەن ئانا دەريا ئۆزىنىڭ يېقىملىق كۈيى بىلەن مېنى يەنە چىللىماقتا. ماڭا بىر مەھەل قاراڭغۇ دوزاخ كۆرۈنگەن دەريا بويىدا يېڭى بىر تاڭ ئېتىپ، يېڭى بىر قۇياش ئۆزىنىڭ مېھرىلىك نۇرىنى چاچماقتا... مەن بۇ ئانا دەريادىن چەكسىز مىننەتدارمەن، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ يوقىتىپ قويغان خۇشاللىقىمنى، سۆيگۈمنى قايتۇرۇپ بەردى. ئادەمنىڭ كۆڭلى راستلا ئەينەككە ئوخشايدىكەن، گەرچە ئەينەك سۇنۇپ دەز كەتسىمۇ ئادەم يەنىلا ئۆز ئەكسىنى كۆرەلەيدىكەن. ئېھ! ئانا دەريا ساڭا مىڭلارچە تەشەككۈر!

ھە، راست، دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، يېقىندا بىزنىڭ تويىمىز بولىدۇ، سىزنى تويىمىزغا ئېيتىمىز چوقۇم كېلىڭ. مەن سېغىنغان، زارىققان، ۋىسالىغا چاڭقىغان ئادىمىم مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن كەڭ قۇچاق ئېچىپ مېنى ئىللىق باغرىغا مەھكەم باستى. مەن ھاياتتا قايتىدىن تۈزەلگەندەك بولۇۋاتىمەن.

ماڭا بەخت تىلەڭ.

(ئاپتور نىلقا ناھىيە سۇيتاي يېزىلىق ھۆكۈمەت مائارىپ ئىشخانىسىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت




## پەرۋىشكار

(مىجىت ناسىر ئەپەندىگە بېغىشلاپ)

بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ قەبرىسى
ھېلىھەم ئارۇزنىڭ باغرىدا .
تۇپىسى ئۇچۇپ تۇرۇپتۇ
سەھرا گىياھلىرى ھەمراھى
جەننەت تىلەپ بۇ تۇغرىدا .
ئەمەستۇر ئالتۇن ـ كۈمۈش بىساتى ،
بىر ئوغلان ھاۋادا پەرۋاز قىلسۇن دەپ .
خىسلەت بابىدا كەمتەرىن ـ كەمتەر
ئىش قىلماس داۋراڭ ۋە يا كۆرسۇن دەپ .

بىر يېتىم كۆزىدىن تۆكۈلسە قەترە
زېمىنغا يۆتكەپ ئالار ھەسرەتنى .
ئۇچماقلىقى ئەمەستۇر پەيدىن
مېھرىبانلىقى باسار تارازا چېكىتىنى .
تەبەسسۇمىدا ئەلنىڭ كۈلكىسى ،
ئالقىنىدىن تۆكۈلىدۇ ساخاۋەت .
ۋاپا گۈلىنىڭ پەرۋىشكارى ئۇ ،
ساھىبقىراندۇر ئەبەدىلئەبەد

## بوغدادىن تەبرىك

(قازاقىستان ئۇيغۇر شائىرى ئابلىز ھېزىموفقا بېغىشلاپ)

شائىر كىمدۇر ـ كەتمەنچى ،
ئەمەس زىنھار ئاقىنانچى .
غېرىب باياۋاندا پىراق ،
قولى قاداق خامانچى .

غەم سۇيىدە ۋۇجۇدى ،
تەشناغا سۇ بېرەي دەپ .
كۆكۈل قۇشى ئاسمانە ،
ئۇچۇپ ، ئەگىپ ، چۆرگىلەپ . . .

## ئارماندار

(شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇت بۇلبۇل خاتىرىسىگە)

ئەي ، غەزەلخان
سەن سۇبھىدەم بۇلبۇلغا جانداش ،
ھەم مەستانە ، جۆرىداش ، مۇڭداش . . .

شۇ قاتتىق كۈنلەر
بىزلەر بارغان ساڭا توي تارتىپ ،
ناغرىچى باغلىرى ، ئەتىرگۈل ھويلاڭ ،
قەسىردىن ئارتۇق ، خىلى يوق ئوخشاش .

شاھى پەلەك بۇلبۇل ناۋاسى ئايھاي ،
بولدى لىگەنلەپ تۆككەندەك ئالتۇن .
ئىزدەپ ئىلىكىدە كۆككە يەتتى باش ،
شۇنداق بىر ياشلىق ئەمدى ئەسلىمە .

چەككە يېتەر ئاخىر ئۆمۈر ۋارىقى ،
بىر كۈن يېقىلىپ قالمىشتۇر تىل ھەم .
مۇنچە نامېھرىبان بولۇرمۇ جۇدالىق ،
ھەي ، ھەي بەش كۈنلۈك ئالەم ئارماندار . . .

كىم كۆرمىش بۇلبۇلنى قەبرىدە ،
بۇدەم پەريادتا دەريا ، تاغۇ ـ تاش . . .

## نىلسۇن ماندىلا

ئۆكتەملەرگە ياغدۇرۇپ نەپرەت ،
يىگىرمە ئالتە يىل يېتىپ سولاقتا ،
ئۇستىخانلىرىڭ تۆمۈردەك قاتتىق ،
ئىرادەڭ چۆپقەت بولۇپ شۇ ۋاختا .
سېنىڭ كۈلكەڭ غالىبلا ئۈچۈن ،
يول خېتى بولۇپ قالدى مەڭگۈلۈك
يەر يۈزىدە كۆيمەكتە ئاق شام ،
گۈلدەستىلەر سېنى ھايات دەر ،
سوسكا ئەمگەن باللارمۇ تا ،
بۇ ھازاغا كەپتۇ ئۇلگۈرۈپ ،
سېنى قانداقمۇ كەتتى دېگۈلۈك .

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى)

# جەنۇب ئىلھاملىرى

ئابلىز ھوشۇر

## ئەسسالام، ئاغۇ

ئەسسالام! ئاغۇ
(تاغ ئارىسى)
قەدىمىي ماكان ،
بوۋامنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق .
بوسۇغاڭغا قەدەم قويدۇم
بۈگۈن تۇنجى رەت
(يەتمىش يېشىمدا) ،
ئارمان بىلەن قۇۋانچىم بار
كۆزدە ـــ يېشىمدا ،
يۈرىكىمدە
ساڭا تېۋىنغان .

تۆمۈر تۇلپار بارار غۇيۇلداپ ،
چاچلىرىمنى تارايدۇ شامال ،
يېشىل لېنتا يەلپۈنەر
ئىككى يېنىمدا ،
دىمىقىمغا ئۇرۇلماقتا
ئۆزگىچە بىر ھىد
مەن ھىدلاشقا نېسىپ بولمىغان .

يۇلغۇنلار شاخلىرىدا قىزارغان چېچەك
شاھىت بولۇپ تۇرۇپتۇ ئەنە
يىراقلاردا قالغان
پېشانىسى شورلۇق ھاياتىنىڭ
ئۈمىد بىلەن ئىستەكلىرىگە
ۋە بوۋامنىڭ كەچمىشلىرىگە ،
ئۇ چاغلار
مىڭنىڭ تۆشۈنى ئاچقان قىسمەتلەر
بىرىنىڭ بېشىغا قۇت بولۇپ قونغان . . .

ھېلىمۇ يادىمدا
دادام ئېيتقان ھېكايە
(مەن ئۇنى ئاپامدىن ئاڭلىغان ئىدىم)
بەخت ئىزدەپ بىچارە دادام
ئالقىنىغا ئېلىپ جېنىنى
سەپەر قىلىپ تاغ ئارقىسىغا،
باسقاندا قەدەم
ئىلىخونىڭ بوسۇغىسىغا،
بىر مويسىپىت
كۆرۈپ ھالىنى،
سىلاپ بېشىنى،
بۆلىگەنكەن ئىللىق مېھرىگە.
مەن كۆرمىگەن ئۇ شەپقەتچىنى،
لېكىن، بەزىدە
كۆز ئالدىمدا
خىرە ـ شىرە بولىدۇ ئايان
دادامنىڭ ئىللىققىنە كۈلۈمسىرىشى
قىزغۇچ، ئۇزۇن چەكمەن ئىچىدە.
سىغىنچىمنى ئاشۇرار بۇ ھال،
بوينۇم قىسىلار،
بالىلىق ھېسسىياتلار ئىلىكىدە شۇ ئان . . .
ئاغۇ!
(تاغ ئارىسى)
سۆيۈملۈك ماكان،
سەن ئويغاتتىڭ دىلدا زوقۇمنى،
مۇھەببىتىمنى،
يۈرىكىمگە سىلىپ ئوت ـ گۈلخان.
مەن سېنى ئوخشاتتىم
يېشىل ياقۇتقا،
كۆز چاقنىتىپ يالتىراپ تۇرغان.
ئەتراپىڭدا
ئاسمانغا باش تىرىگەن تاغلار
ئاسراش ئۈچۈن
يامان كۆزلەردىن
سېنىڭ گۈزەل جۇلالىرىڭنى،
تەڭرى ئىرادىسىدە تىكلەنگەن قورغان!

## چىقتىم گويا ئەرشكە

«ھاي ـ ھاي تېرەك»،
ئاھ، «ھاي ـ ھاي تېرەك»،
تۇرىمەن ئالدىڭدا
كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەي پەقەت.
قۇچاقلىغۇم كېلىدۇ سېنى،
لەۋلىرىمنى ياققۇم كېلىدۇ
ئەسىرلەر شاماللىرى ئىز سالغان
تىلما ـ تىلما قوۋزاقلىرىڭغا.
ۋۇجۇدىڭدىن
بارماق ئىزلىرىنى ئىزدەيمەن
مىڭ يىللار مۇقەددەم ئۆتكەن
خىزىرسۈپەت بوۋاينىڭ،
سەن ئۇنىڭ ھاسىسى ئىدىڭ ئەسلىدە...

«ھاي ـ ھاي تېرەك»
قالدى ئۈزۈتىپ،
توقسەن يەتتىنچى پەلەمپەينى قالدۇرۇپ پەستە
چىقتىم گويا ئەرشكە،
ئالدىمدا بىر قەبرە يۈز ئاچتى مانا،
بىر ئۇلۇغ زات ياتىدۇ بۇندا،
روھى ئۇنىڭ يېشىل يوپۇرماق،
تاۋاپ قىلدىم يېنىش ـ يېنىشلاپ،
يۈرىكىمدە ئوتلۇق ھاياجان،
كۆزلىرىمدىن تۆكۈلدى مونچاق...

## شاھ ئۇردامدا چۇش كۆردۇم

شاھ ئۇردام[1] دا چۇش كۆردۇم كېچە:
كۆز ئالدىمدا
قەدىم بىر شەھەر
ئەتراپىنى ئورىغان سېپىل.

ئېتىزلار قاغجىراق ،
مەللەر ۋەيران ،
گۈللەر سولغۇن ،
چىمەنلەر قىزىل .

شەھەر ياتار ئىمىش
ئېغىر ئۇيقۇدا ،
ئىشقا سېلىپ بار غەيرىتىنى
ئويغانماقنى ئىستەرمىش بەزەن ،
بىر ۋەھىمە باسارمىش شۇئان ،
جان قايغۇسى ،
ھايات ئىستىكى
سۆرەپ كىرەرمىش يەنە ئۇيقۇغا .

شاھ ئوردامدا چۈش كۆردۈم كېچە ،
قۇلىقىمدا شاھنىڭ خىتابى»

«ياراتقان ئېگىمىز بىر ئىكەن ،
جېنىنى جان ئەتسۇن ،
قويۇپ بېرىڭلار!
ساقلىغان بولسىمۇ قويىندا تىكەن .»
پالاكەت شۇنىڭدىن باشلانغان ئىمىش ،
زېمىنغا جاھالەت تاشلانغان ئىمىش .

شەھەر ئاسمىنىدا نە ئاي ۋە نە كۈن ،
ئىس ـ تۈتەك باسقانمىش جىمى ئەتراپنى ،
ھېكمەتلەر كۆيمەكتە ،
ئەقىل كۆيمەكتە ،
تىن ئالالماس
قۇياشنى ئىزدىگەن كىشى ...

* * *

شاھ ئوردامدا چۈش كۆردۈم كېچە ،
پەلەك گەردىشى تا سۇزۇلگىچە...

## چوقۇ بازار

چوقۇ بازار[2] ،
ھەي چوقۇ بازار ،
ئۆزۈڭ بىر دۇنيا
ھايات قاينىغان .
ھاجەتمەنلەر
تۆت تەرەپتىن سېنى تاپىدۇ ،
ئىزدىگىنىنى ئېلىپ قايتىدۇ .

ئېتىزىدىن قايتقان دېھقانىنىڭ
موتۇسىدا جەننەت نېمىتى .
قوزا ـ پاقلان ،
ئۆردەك ، توخۇ ، غاز . . .
بۇ دۇنيادا بارى جىمىكى
چوقۇ بازارغا قاراپ ئاقىدۇ .
بەللەرگە
زاغرا تۈگۈپ يۈرۈش بىھاجەت ،
ئاشپۇزۇلدا ئاش ـ مانتا تەييار ،
شورپا قاينار ، چۆچۈرە قاينار...

چوقۇ بازار ،
ھەي ، چوقۇ بازار!
ئۆزۈڭ بىر دۇنيا
ئەلمساقتىن كۆرۈلۈپ باقمىغان .
رەستە كېزىپ قايتقان دېھقانىنىڭ
چىرايىدىن كۈلكە تامىدۇ ،
مەلىكويدا بوۋاي ـ مومايلار
سودىسىدىن بولۇشۇپ مەمنۇن
ئوغۇللىرىنىڭ ،
ناۋات سېلىپ
چاي دورا ئىچىپ
قىزىق پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىدۇ .
يىگىتلەر ئېلىپ قالدى تۇرمۇش يولىنى ،
قازان ـ چۆمۈچلەر
تېتىپ قالدى ماينىڭ تەمىنى ،
گادايلىق قالپىقى
توختىمايدۇ باشلاردا ئەمدى .

---

[1] شاھ ئوردام ــ قەشقەر ھېيتگاھ ئالدىدىكى بىر مېھمانخانىنىڭ نامى

[2] چوققۇ بازار ــ چوڭ بازار (خوتەندە).

(ئاپتور ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئارامغا چىققان)

# ئىككى مۇخەممەس

ئىمام باسىت (مەۋجۇت)

## ئىشق دەردىڭنى ئەي دىلبەر

ئىشق دەردىڭنى ئەي دىلبەر، كۆڭۈلگە راۋا بىلدىم،
ۋىسالىڭ خىيالىنى بۇ دەردىمگە داۋا بىلدىم.
كۆزلىرىڭ سىماسىنى كېچىلەر نۇر - زىيا بىلدىم،
كى چاچلىرىڭنى چاچ ئەمەس بەلكى بىر گىياھ بىلدىم،
يۈزۈڭنى كۆرمىگەچ بىر رەت تېپىلماس تۇتىيا بىلدىم.

بىر باشىمدا يۈز مىڭ غەم، ئەمما سېنىڭ غېمىڭ باشقا،
باغدا رەيھان - گۈل تولا، ئەمما سېنىڭ دەردىڭ باشقا،
قىلارمەن تالاي تەسۋىر، سېنىڭ تەسۋىرىڭ باشقا،
ھەركىمكى قىلغاي ناۋا، سېنىڭ شىرىن سۆزۈڭ باشقا،
يامان تىللاردىن ساقلاشقا سېنى تىلتۇمار بىلدىم.

نىدارىم ئالەمنى بىر ئالدى، چۆل - دەشتتىن چىقالماستىن،
قاراپ كۆزلىرىم تالدى، يار مەنزىلىڭ تاپالماستىن،
بۇ باشىم گاڭگىراپ قالدى، دېرىكىڭ ئالالماستىن،
ئەجەبمۇ مۆكچىيىپ كەتتىم، چاچ - ساقال ئاقارماستىن،
ئۆزۈمنى سۆيگۈ باغىدا پۇراقسىز گىياھ بىلدىم.

چېكىپ كەلدىم ئەلەم - پىغان، بۇلبۇلغا بولۇپ ھەمراھ،
سۇغاردىم باغۇ - بوستانىڭ، كۆز ياشىم قىلىپ دەريا،
ئاشىقلىرىڭ بىر دۇنيا، ئۆزۈم يېگانە بىر دۇنيا،
پۈتمىسەڭ جاھان كەزگىن، تېپىلماس مەن كەبى شەيدا،
پەقەت بۇ سۆيگۈ ۋەجىدىن، ئۆزۈمنى رەسۋا بىلدىم.

باياۋاندىن ئىزىڭ تاپسام مۇقەددەس سەجدىگاھ ئەتتىم،
ھەر رەت باشىمنى ئۇرغاندا، شەيخلىرىڭنى لال ئەتتىم،
دىلدىن ئوقچىغان ئىخلاس - ساداقەتنى بايان ئەتتىم،
سەنسىز تەئەللۇق بولغان ھۇزۇر - قۇتنى تەرك ئەتتىم،
سېنى بۇ ھاياتىمدا كەبى پىر - ئەۋلىيا بىلدىم.

گۈزەللەر تاجۇ - سۇلتانى سېنىڭ ھۆسنىڭگە يەتمەيدۇ،
سەرۋىنىڭ سىياقىمۇ سېنىڭ قەددىڭگە يەتمەيدۇ،
ئانارنىڭ دانىسى دەيدۇ، سېنىڭ مەڭزىڭگە يەتمەيدۇ،
مېنىڭدىن ئۆزگە يار تۇتما، سېنىڭ قەدرىڭگە يەتمەيدۇ،
ھۆسن دۇنياسىدا سېنى يار شۇڭا بەرنا بىلدىم.

ئەرشكە چىقماق دەپ بىلدىم، يار كوچاڭغا كىرمەكنى،
خىزىرنى كۆرمەك دەپ بىلدىم، ئاي يۈزۈڭنى كۆرمەكنى،
ھۇزۇر ھەم راھەت بىلدىم، زۇلفىڭغا چىگىلمەكنى،
كاتتا شان - شەرەپ بىلدىم، تەزىم قىلىپ ئېگىلمەكنى،
سېنى ئەستىن چىقارماقنى قاتتىق بىر گۇناھ بىلدىم.

كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتىم، سېنىڭ ئىشقى - پىراقىڭدا،
خەيرىخاھلىقىڭ يوقمۇ، ھۆردىن ئۆز سىياقىڭدا،
ئەسىر قىلغاچ يار ھۆسنىڭ قېلىپ ھەسرەت داغىڭدا،
باش قويۇپ تۇرار مەۋجۇت، دائىم سېنىڭ ئاياغىڭدا،
يارنىڭ يولىدا ئاخىر ئەزىز جاننى پىدا بىلدىم.

## تىلەك

تىلىكىم بىر ۋىسالىڭ ئەي جانان، يوق ئۆزگە تىلەك باشقا،
قىلارمەن كۈن - تۈن خىيالىڭ، غېمىم يوق دېمەك باشقا،
ھۆسن دۇنياسىدا بىر سەن، يوق سەنچە دېمەك باشقا،
دېرەكلەيمەن سېنى دائىم، يوق سەندىن كېرەك باشقا،
ھاياتىم بائىسى سەن، يوق ماڭا يار - يۆلەك باشقا.

كەل كېلىپ نۇرۇڭ سەپكىن كېچەمنىڭ ماھتابانى،
كۆزۈم جەۋھىرى ــ نۇرى، جېنىمنىڭ شاھى سۇلتانى،

ئۆمرۈم باھار پەسلى، بىغىمنىڭ لالە رەيھانى،
سېنىڭدىن نۇر ئىمەر قەلبىم دەردلىرىمنىڭ دەرمانى،
سېنىڭسىز ئىككى دۇنيادا كېرەكمەس بۆلەك باشقا.

ھاياتىم قەدرى نە بولغاي، سەندىن ئايرىلىپ تۇرسام،
نە شان ـ شەۋكىتىم بولغاي، جاھان سۇلتانى ئاتالسام،
ساۋابى بارمۇ بىلمەيمەن، سەنسىز مەككىگە بارسام،
ئۆزۈمنى تۇل سانايمەن ئەرشتە ئەۋلىيا ئەزىم بولسام،
نە كېرەك سەندىن ئۆزگىنىڭ غېمىنى يېمەك باشقا.

يولۇڭغا ئىنتىزار كۈتتۇم، مېھرىبانىم كەلمىدىڭ،،
كوچاڭغا تەلمۈرۈپ باقتىم، ئەي نىگارىم كەلمىدىڭ،
ئۆزۈمنى مىڭ پارە ئەتتىم، گۈلئۈزارىم كەلمىدىڭ،
ئوتۇڭدا كۆل بولۇپ كەتتىم، غەمگۈزارىم كەلمىدىڭ،
كېرەكمەس ئېتىگىنى ئاتاشتىن، ھېچ سۆزلىمەك باشقا.

ئىشق تونۇردا ئۆرتەپ پۇتمەس ئازابقا خار قىلما،
ئۇ ھىجىر زىندانىغا تاشلاپ تىرىك مۇردار قىلما،
كىرپىكىڭنى خەنجەر قىپ قارا زۇلپۇڭنى دار قىلما،
ئۆلتۈرسەڭ بىراق ئۆلتۈر ماڭا بۇنچە ئازار قىلما،
يوقمىدۇر مەۋجۇتقا ئىشقىڭدىن يول ئىزلىمەك باشقا.

(ئاپتور توققۇزتارا ناھىيىسىدە يەككە تىجارەتچى)

# رۇبائىيلار

## رۇزى گۈلباي (تاجىك)

1

ئاسمانىنىڭ ئاشىقى ئافتاب، تولۇنئاي،
ئەسىرلەپ قوينىدا تۇرار ئايرىلماي.
ۋەتەندۇر ئىنسانىنىڭ ھايات ئاسمىنى،
ياشايدۇ قوينىدا مېھرىگە قانماي .

2

بىر دەرەخ بىر گەۋدە شاخلىرى ھەر يان،
شۇ شاخلار يىلتىزىدىن ئۆسەر باراقسان.
ھەيرانمەن بىر تەندىن كۆكلىگەن شاخلار،
تىغ ئۇرۇپ نېمىشقا تۆكىشىدۇ قان؟

3

مەرت ئۇچۇن مەغلۇبىدىن ساقلانمىغى تەس،
گاھ لاچىن ئۇچىدۇ توخۇدىنمۇ پەس.
يېقىلسا دەست تۇرۇش مەرتنىڭ خىسلىتى،
كىشى يېڭىلماقلىقتىن مۇستەسنا ئەمەس.

4

گەر بۈركۈت بولسىمۇ قىياغا مايىل،
تۇرالماس قىيادا قارىغايدەك مىڭ يىل.
مىڭ يىللاپ ئۆكمەستىن ياشايمەن دېسەڭ،
ئەقىدە، ئىجاتقا بولغىن پىركامىل.

5

بىلازىم نادانغا ھېكمەت دۇردانە،
كالىغا بۇغدايدىن ئەلادۇر گەندە.
ھەرقانچە سەپسەگمۇ تاشقاسىگمەس سۇ ،
ھېكمەتنى بىلگەنگە قىلغىن بەخشەندە.

6

قولىغا گۆھەرنى ئالغانتى نادان،
چۇشۇردى قىممىتىنى چالمىدىن شۇ ئان.
ئالغانتى ئېقىندىن بىر تاشنى دانا،
چاقىندى ياقۇتتەك نەرخى مىڭ پاتمان.

7

ھاياتىنىڭ سىنىقىدىن شاشمايلا ئۆتسەڭ،
ئايلىنار ئالتۇنغا قولۇڭدىكى سەڭ.
چىدام ۋە غەيرەتتىن تاغمۇ يىرىلار،
ھەر ئىشنىڭ تەكتى راست، چۇمپەردىسى رەڭ.

(ئاپتور تاشقورغان ناھىيەسىنىڭ قەشقەردىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم



# مەيىن شامال

(ھېكايە)

تۇرغۇن مىجىت

ئوسمانجان دەم ئېلىشقا چىقىپ مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چاچلىرى سۇۋارى ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى، قەدەملىرىمۇ بۇرۇنقىدەك جانلىق ئەمەس، كۆزلىرى يىغلامسىراۋاتقان ئادەمدەك قىزارغان ۋە شۇلۇق ئىدى. لېكىن ئادەمگە بىر خىل مېھىر، يېقىملىق تۇيغۇدا تىكىلەتتى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۈندە دېگۈدەك مەھەللە ئىچىنى ئارىلاپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇچرىغان ئادەم چوڭ بولامدۇ، كىچىك بولامدۇ، ئەر بولامدۇ، ئايال بولامدۇ ئاۋۋال سالام قىلىپ ئەھۋال سوراش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇ شۇنداق چاغدا باشقىلارغا بۇرۇن - سۇرۇنقى ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ نېفىتلىكتە ئىشلەش جەريانىدىكى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگۈسى كېلەتتى. بىراق ئۇچراشقان ئادەم نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا خۇشى كەلمەيتتى، ئاللىقانداق بىر ئىشلارنى سەۋەب قىلىپ مېڭىشقا ئالدىرايتتى. ئوسمانجاننىڭ نەزىرىدە مەھەللە كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. مۇھىت، تەرەققىيات جەھەتتىلا ئەمەس، ئادەملەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى جەھەتتىمۇ زور ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. بۇرۇنقىدەك باشقىلار بىلەن ھال - مۇڭ بولۇشقا ئامراق، مېھرى ئىسسىق بوۋايلار ئاللىقاچان تۈگەپ كەتكەن، تەگتۇشلار بولسا تولىمۇ ئالدىراش، باشنى قاشلىغىلىمۇ چولىسى يوقتەك بىسەرەمجان كۆرۈنەتتى. كىشىلەر ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەنلا قالغان، ئىمكان بار باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئوسمانجان ئاخىرقى ئۆمرىنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇشۇ سۆيۈملۈك مەھەللىسىدە ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما تازا خۇش بولالمىدى، بىر خىل ياتسىراش، غېرىبلىق ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا ئىدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ بىر - نەچچە كۈن ھە - ھۇ دېگەندىن كېيىن ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى. ئۇزۇن مەزگىل كوللېكتىپ تۇرمۇشىدا قايىنام - تاشقىنلىق ئىچىدە ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان ئوسمانجانغا يالغۇزلۇق بىردىنلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. مايتاغدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئوغۇل - قىزلىرىنى، دەم ئېلىشقا يېشى توشماي تېخىچە نېفىتلىكتە جاپا چېكىپ يۈرۈۋاتقان ئايالىنى سېغىنىپ پۇچىلاندى. ئۇ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن تېگىشىپ قالغان ئىدى.

—قېرىغاندا جانلىرىنى قىيناپ نېمە قىلىلا؟ —دېگەن ئىدى ئايالى سېلىمىخان، —يا بىزلەرنى تاشلاپ كەتكۈدەك مەھەللىدە بىرەرى سىلىنى ساقلاپ تۇرامتى؟

—ئاھاي، داڭقان پۇتى گەپ قىلماڭە، مۇشۇ ئەتلىك بولغاندا كىم ساقلىماقچىدى مېنى.

—ئەمىسە نېمىشقا شۇنچە جاھىللىق قىلىلا كېتمەن دەپ؟

—ھەم، شۇ يۇرت مېھرى بولامدۇ. بالىلىق چاغلىرىمدىكى خىياللىرىمنى، ئىزلىرىمنى، دوستلىرىمنى سېغىندىم.

سېلىمىخان دەمالىققا جىم تۇرۇپ قالدى.

راست، ئادەم قېرىغاندا كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ، قىلمەن دېگىنىنى قىلمىسا ئۇنىمايدۇ، يەنە كېلىپ قېرىلىق دېگەن ياشلىق ھەۋەس، جۇشقۇنلۇقتىن ئايرىلىپ، مۇڭ ـ خىيالغا، ئەسلىمىلەرگە چۆكىدىغان مەزگىل. بىراق ئۇنى قوللاي، قارارىغا قوشۇلاي دېسە ئاشۇ چەت سەھرادا يالغۇز ياشاش ئاسان ئەمەس، تۇغقانلارنىڭمۇ ياندۇرغان چىرىغى ئۆزىگە، ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟

ــ گېپىمنى ئاڭلىسىلا، ــ دېدى سېلىمىخان جاھىللىق بىلەن، ــ ھېچ بولمىسا يەنە بىرنەچچە يىل چىداپ تۇرسىلا، مەنمۇ دەم ئېلىشقا چىققاندا ئىككىمىز بىللە كېتەيلى.

ــ ئۇنىڭغىچە مەن بۇيەردە زېرىكىپ ساراڭ بولۇپ قالىمەن.

ــ توۋا دېسىلە، دادىسى، ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەر چۆل ـ باياۋان، قاقاسلىق ئىدى. ئون ئادەم ئىشچى بولىمىز دەپ كەلسە، ئالتىسى قاچاتتى. مانا ھازىرچۇ؟ ھەممە ئۆزگەردى، بۇيەرگە كەلگەنلەرنىڭ كەتكۈسى كەلمەيدۇ، كېلەلمىگەنلەر ئارماندا. سىلىدەك دەم ئېلىشقا چىققانلار ئۈچۈنمۇ ئاراملىق شارائىتلار شۇنداق ياخشى. ئەجەب ئۇز ۋاقتىدا غىڭ قىلماي ئىشلىگەن ئادەم ئەمدى شارائىت ياخشىلانغاندا زېرىكىدىغان بولۇپ قاپلىغۇ؟

ــ ھازىر ئوخشىمايدۇ، ئۇ چاغلاردا ئىشلەشنىلا بىلەتتىم، جاسارىتىم ئۇرغۇپ تۇراتتى. لېكىن... لېكىن... ئۆلىدىغان ۋاقتىم يېقىنلاپ قالدىمۇ بىلمىدىم، كېچە ـ كۈندۈز يۇرتنى ئويلايمەن، يۇرتنىڭ ھاۋاسى، مېھرى بۇرنۇمغا پۇراپلا تۇرىدۇ.

ــ ئېغىزلىرىنى ئۇشۇتمىسىلە، ــ سېلىمىخان كۆزىگە ياش ئالدى، ــ ياشلىرى چوڭايغان بىلەن تەنلىرى ساغلام، سىلى بىلەن تەڭ دەم ئېلىشقا چىققانلارمۇ بىر ئوبدان ئارامنى ئېلىپ، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۆتتۈۋاتامدۇ.

ئوسمانجان بېشىنى چايقىدى.

ــ مەن... مەن نېمىشقا ئۇلاردەك قىلالمايمەن، بۇنى بىلەمسىز؟

سېلىمىخان تېڭىرقاش ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى.

ــ بەلكىم ئۇلاردەك راھەت ئىچىدە ياشىغۇم يوقتۇر. بۇ مېنىڭ ئوساللىقىم بولسا كېرەك. راست، مەن بەك ئوسال قېرى، مانا سىلەرنىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتىم. لېكىن... مېنى كەچۈرۈڭ، روھىمنىڭ تەسەللىسى ئاشۇ سەھرادىكى مەھەللەمدە ئوخشايدۇ.

سېلىمىخاننىڭ بىر تۇرۇپ كۆڭلى يېرىم بولىدى، بىر تۇرۇپ تېرىكتى. ھەممىدە ئۆيدىكىلەر بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلىدىغان، يولسىز تەلەپلەردىن مۇستەسنا بۇ ئادەمنىڭ تۇرۇپلا شۇنچىلىك جاھىل، بىغەرەز بولۇپ كېتىشى ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرى، تۇرمۇش تەرتىپىنىمۇ قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئىدى. نېمە قىلساڭ قىل، قەيەرگە بارساڭ بار دەي دېسە ئۈچ بالىنىڭ دادىسى، يىگىرمە يەتتە يىللىق قەدىناسىغا قىيمايتتى. سېلىمىخان ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ياخشى مىجەزلىك، مېھرى ئىسسىق، خۇش پېئىل ئادەملىكىنى بىلىپ، ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئىكەنلىكىگىمۇ پەرۋا قىلماي تۇرمۇشلۇق بولغان ئىدى. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئېسىل مىجەزى نەدە قالدى؟ ھەممە ئادەم ئانا يۇرتنى، سۆيۈملۈك مەھەللىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، بىراق كىچىك جەھەتتىن يەنىلا بىر ۋەتەن ھېسابلىنىدىغان ئىللىق ئائىلىسىنى تاشلاپ، ئايرىلغىنىغا شۇنچە يىل بولغان مەھەللىسىگە بېرىپ يالغۇز ياشاش ھەقىقەتەن زۆرۈرمۇ؟

سېلىمىخان تېڭىرقىدى، قەدىناس ئېرىنىڭ مىجەزىدە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش ئۇنى بىئارام قىلدى. ئاھ، ئادەملەرنى چۈشەنمەك نېمە دېگەن تەس ـ ھە؟ ئۇلار ئېرىق بىلەن سۇ، مورا بىلەن ئىسقا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن، بەدەنلىرىدىكى ھەر بىر ئىنچىكە قان تومۇر، ھۈجەيرىلىرىدىن تارتىپ بەئەينى تاۋاقتىكى سۈزۈك سۇدەك روشەن تونۇشقا ئىگە ئەمەسمىدى؟! ياق، ئادەمگە بىر نەرسە دەپ بولمايدىكەن، ئۇنىڭ زاھىر بولمىغان يەنە قانداق خۇي ـ پەيلى بار، بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

ئېرىنى قايىل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن سېلىمىخان، بالىلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. چوڭ ئوغلى ئېرشاتجان بىلەن چوڭ قىزى زۇلپىيە ھازىر جەرەنبۇلاق نېفىتلىكىدە

ئىشلەيتتى. ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ئۇلار پەقەت ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنىدىلا ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. كىچىك قىزى خالىدەم بولسا ئىچكىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. مانا، چوڭ ئىككىسى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر ئوبدان خىزمەتكىمۇ ئورۇنلىشىۋالدى. ئۇزاققا بارماي ئېراشاتجاننى ئۆيلەش كېرەك، خۇدايىم زۆلپىيەنىڭ بەختىنى بېرىپ قالسا ئارقىدىنلا ئۇنىمۇ تالالىق قىلىدىغان ئىش. مۇشۇنداق چاغدا بۇ ئادەمنىڭ توقۇمنى قارىنغا ئېلىپ، جەنۇبتىكى ئاشۇ يىراق سەھراغا كېتىمەن دەپ تۇرۇۋېلىشىنى نېمە دېگۈلۈك.

ھەپتە ئاخىرىدا ئېرشاتجان بىلەن زۆلپىيە قايتىپ كەلدى. ئۇلار جاپالىق ئىشلەپ بەكلا چارچىغان ئىدى. ئەمدىلا ئۇھ دەپ ئىشكتىن كىرىشىگە، دادىسىنىڭ ئىشنى ئاڭلاپ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى.

—يۇرتتا بىرەر ئىش بوپتىمۇ، دادا؟—دېدى ئېرشاتجان. دادىسىغا بىراقلا قاتتىق تېگىشتىن ئەيمىنىپ،—ئۇرۇق-تۇغقانلار تىنچلىقتۇ؟

—ياق، ھېچ ئىش يوق.

—ئەمىسە نېمىدەپ يۇرتقا بارغۇڭ كېلىپ قالدى؟

—شۇ... تۇغۇلغان مەھەللەم بولغاندىكىن...

—بۇيەرمۇ سېنىڭ يۇرتۇڭغۇ؟ بىر ئۆمۈرلۈك قان-تەرىڭ مۇشۇ زېمىنغا تۆكۈلگەن.

ئوسمانجان ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ ئوغلىغا نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى. يالغۇز ئولتۇرۇپ يۇرتنى سېغىنغاندا ئويلىغان خىياللىرى، باللىرىغا كۆرسەتمەكچى بولغان چىرايلىق باھانە-سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسى كاللىسىدىن قېچىپ كېتىپ، دەيدىغان گېپىنىڭ بىرىنىمۇ تاپالمايۋاتاتتى.

—بېرىپ چۆرگىلەپ كەلسەڭغۇ مەيلى،—دېدى زۆلپىيەمۇ دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ،—لېكىن ئۆزۈڭ يالغۇز ئۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا بولماسمىكىن.

—ئەمدى كېلىپ، بىر ئىش قىلسام سىلەرنىڭ رۇخسىتىڭلارنى ئېلىشىم كېرەكمۇ؟—ئوسمانجان بىردىنلا تەرسالىق قىلىشقا باشلىدى.

—نېمانداق تەتۈرلۈك قىلىسەن، بىزمۇ سېنىڭ غېمىڭنى يەپ شۇنداق دەۋاتىمىزغۇ؟

ئېرشاتجان ئۆزىنى تۇتالماي دادىسىغا ئاچچىق قىلدى.

—غېمىمنى يېسەڭ ئىختىيارىمغا قوي، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار.

—ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ، دادا، سەن...

—سەنمۇ مېنىڭ يېشىمغا بارغاندا چۈشىنىسەن.

ئېرشاتجان يەنە نېمىلەرنى دېمەكچى ئىدى، بىراق بۇنىڭدىن ئارتۇق تالىشىشنىڭ ئاقىۋىتىدە دادىسىغا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان گەپلەرنىڭ چىقىپ كېتىش ئېھتىماللىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

—بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ، دادا،—دېدى زۆلپىيە كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ،—ھالىڭىزغا يەتمەي قالغان يېرىمىز بولسا تۈزىتەيلى، زېرىككەن بولسىڭىز يىللىق دەم ئېلىشىمىز كەلگەندە سىرتقا ساياھەتكە ئېلىپ چىقاي.

ئوسمانجاننىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. گەرچە ھەممە باللىرىنى ئوخشاش ياخشى كۆرسىمۇ، زۆلپىيەگە بولغان مېھرى باشقىچە چوڭقۇر ئىدى، ئۇنىڭغا چىدىمايتتى. بىراق ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىغا مەھەللىسى كىرىۋالغان، ئەسەبىي بىر ئىشتىياق ئۇنى ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى. خۇددى ئاتا-ئانىسىنىڭ روھى ئۇنى توختاۋسىز چاقىرىۋاتقاندەك، غايىۋى بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى، ئاللىقانداق بىر خۇمار، ۋەسۋەسە ئۇنىڭ ئېسىنى چۇلغايتتى. «ئادەمنىڭ ئەجەل يەتكەندە ياتىدىغان يېرى، دەل ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىن بولىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئوسمانجان ئۆزىدىكى ئىشتىياقنى ئۇ ئىشلارغا باغلاپمۇ قالاتتى، راستىنلا ئۆزىنىڭ ئەجەل پەيتى كەلگەندەك يۈرىكى سىقىلاتتى، قورقاتتى، ھاياتقا بولغان مېھرى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

ئۇ ھەممە ھاياجان، تەشۋىشلىرىنى كۆزىگە يىغدى، تالاي قورۇقلار بىلەن قورشالغان شۇلىق كۆزلىرىدە مۇڭ بىلەن سۆزۈك تامچىلار لەيلەپ چىقتى. ئۇ خۇددى مەڭگۈلۈك خوشلىشىش ئالدىدىكى ئاتا-بالىدەك زۆلپىيەنى باغرىغا باستى.

—بولدى جېنىم قىزىم، ئەمدى سۆزلىمە، مەن... مەن سىلەردىن رازى، مىڭ مەرتىۋە رازى. سىلەرنى پاراكەندە قىلىپ قويدۇم، مېنى كەچۈرۈڭلار.

كەيپىيات بىردىنلا ئۆزگەردى، ئۆي ئىچىدە ئىللىق بىر مېھىر دەرياسى دولقۇنلاشقا باشلىدى، تۇماندىن كېيىنكى باھار ئاپتىپىدەك يېقىملىق بىر نۇر كۆكۈللەرنى يورۇتتى. ئۇلار ئوسمانجاننى ئۇ جاھىل قارارىدىن ياندى دەپ ئويلاشقان ئىدى. ھەپتە ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى قۇر كىيىمنى ئېلىپلا ئۈن ـ تىنسىز كېتىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيتتى.

بەشىنچى ئاي مەزگىلى بولغاچقا دالىلار تولۇق يېشىللىققا پۈركەلگەن ئىدى. دېھقانلار ئېتىز ئىشى بىلەن ئالدىراش، ئۇيەر ـ بۇيەردە بىكار پاراڭ سېلىشىپ تۇرغان ئادەملەرنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئوسمانجان چوڭقۇر ئۇھسىنغان ھالدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھىدى، روھى سىڭىپ كەتكەن بۇ مەھەللىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئالدى. ئالدى تەرەپتە قىرلىردا تال ـ تال سۇۋادان تېرەكلەر يېشىل بايراقتەك شاراقلاپ تۇرغان ئېتىزلار بىپايان دالىلاردا يېيىلىپ ياتاتتى. ئەتراپتىن كاككۇك، قارىغۇجا، پاختەك، تۇمۇچۇق، يەنە ئاللىقانداق قۇشلارنىڭ بەس ـ بەستە سايرىغان ئاۋازلىرى ئالەمنى بىر ئالغان ئىدى. پەرىشتىنىڭ قوللىرىدەك يۇزلەرنى سىيپاپ ئۆتۈۋاتقان مەيىن شامال، ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئويناق سۇلار ئادەمنى چەكسىز بىر روھى ئازادىلىك ئىچىدە شېرىن ئەسلىملەرگە غەرق قىلاتتى.

ئوسمانجان ئېرىق بويىغا كېلىپ، باراقسان ئايىنىغان بىر تۈپ سۆگەتكە يۆلەندى. ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىدىكى بۇلۇق ئوت ـ چۆپلەر سۇغا تېگىپ تۇراتتى. بۇ ھالەت بىر توپ مەسۇم بالىلارنىڭ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ھالىتىنى ئەسكە سالاتتى. ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، تاتلىق بىر تۇيغۇ يۈرىكىنى غىدىغلىدى. ئاھ، ئانا سەھرا، سەن مېنىڭ بالىلىقىم، سەبىيلىكىم ئەمەسمۇ؟ مۇساپىرچىلىقتا، جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتكەن شۇ كۈنلەرگە بەرداشلىق بېرىشىم، روھىمنىڭ دەل سېنىڭ تۇپرىقىڭدا قاتۇرۇلىشىدىن ئەمەسمۇ؟ شۇنچە يىل ئۆتۈپمۇ ساڭا بولغان سېغىنچىم، سېنى سۆيۈشۈم قىلچە سۇسلىغىنى يوق. ئەكسىچە ئائىلەمدىكىلەرنىمۇ تاشلاپ قۇچىقىڭغا قايتىپ كېلىشىمگە تەقەززا قىلدى. مانا، قايتىپ كەلدىم، مەن ھازىر قۇچىقىڭدا، باغرىڭدا.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى، قېتىپ كەتكەن ئورۇق قوللىرىنى سۇنۇپ، زەيلىشىپ كەتكەن بىر چاڭگال تۇپراقنى ئېلىپ بۇرنىغا تۇتتى. شۇ ھامان پۇتۇن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. نۇرغۇن كەچمىشلەر «يالت» قىلىپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سىماسىمۇ بار ئىدى. ئەنە، چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن قوزاخۇن پېشانىلىرىدە تەپچىرەپ تۇرغان تەرلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئالدىراش ئورما ئورماقتا. ئۇنىڭ مومىيى ئاق روملىنىڭ ئۇچىنى تۈگۈپ قويۇپ، قوزاخۇنغا تاپ بېسىپ دېگۈدەك كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئالتۇنرەڭ باشاقلار دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەيدۇ. قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان ئوت ئىسسىقتا ۋاقىت كۆيمەكتە، جانلار كۆيمەكتە، ئارزۇ ـ ئارمانلار كۆيمەكتە، قوزاخۇننىڭ، پەزىلەتخاننىڭ باغرى كۆيمەكتە. ئۇلار ئاستا ـ ئاستا دولقۇن ئىچىگە شۇڭغۇپ غايىب بولدى.

بۇ ئوسمانجاننىڭ دائىم چۈشىدىن چىقمايدىغان كۆرۈنۈش ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ چۈشنى كۆرگەندە نەچچە كۈنگىچە ۋىجدان ئازابى تارتاتتى. قېرىغان ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى چۆللۈكتە نېفىت ئىشچىسى بولىمەن دەپ يۈرۈپ، ئۇلارغا قارىيالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنەتتى. ئۇ بىر چىقىپ كەتكەن پېتى ئون نەچچە يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا قوزاخۇن بىلەن پەزىلەتخان ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئۆيى بۇك ـ باراقسان دەرەخلىك ئارىسىدىكى بىر ئولپاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغدىمۇ دەرەخلەر ياشىرىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان بىر پەسىل ئىدى. ئۇ نەچچە كۈنگىچە خارابىلىكتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھى بىلەن سىردىشىپ چىقتى. يىغلىدى، نەرە تارتتى، خارابىلىكنى بارماقلىرى قانىغا بويالغۇچە مالتىلىدى، ئەمما، پەلەكنىڭ چاقىنى ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايتتى. بۇ مۇشۇنداق ھىجران، پۇشايمان، ئۆرتىنىشلەرگە تولغان ئالەم ئىدى. ئاتا ـ ئانىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك سەلتەنەت قەد كۆتۈرۈپ

تۇرغاندا كۆپىنچىلەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، بىخۇد ياشايدۇ. يىقىلغاندا بولسا پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكىدۇ. بۇ دۇنيادىن ئۆلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان جانكۆيەر، ئۆلارنىڭ ھىدىنى بېرىدىغان ئىپار، گۈللەر بارمىدۇ؟ ياق، ياق. ئۇن سەككىزمىڭ ئالەمنى تىنتىسەڭمۇ بۇ نىشانلارنى تاپالمايدىكەنسەن. يوقاتقان ئىكەنسەن، بىر ئۆمۈر ھىجران ئازابىنى تارتىدىكەنسەن، باغرىڭ ئىمكانسىز پەرياد ئىچىدە كۆيىدىكەن، خام قەغەزدەك تىتىلىدىكەن. كۆن ـ تۈن قوڭغۇراقتەك جاراڭلايسەن ئارام تاپالمايسەن، دەردىڭنى ھېچكىمگە ئېيتالمايسەن.

ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئاغرىدى، كېلەڭسىز بارمىقى بىلەن مەيدىسىنى مۇجۇشقا باشلىدى. ئەسلىملەر ئۇنى قىينىماقتا، ھىجران ئازابىنى كۆچەيتمەكتە ئىدى.

سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئۇنى ئېسىدىن ئويغاتتى. ئۇ ئېرىققا تەلمۈرۈپ قارىدى، سۇنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، نەگىدۇر ئالدىراپ ئېقىشاتتى، يېگى ـ يېگى سۇ دولقۇنلىرى ھاسىل بولاتتى. ئوسمانجان تۇرۇپلا ئۇنى ھاياتقا تىمسال قىلىپ قالدى. ھاياتمۇ خۇددى مۇشۇ بىر ئېرىق سۇغا ئوخشاش تىنىمسىز ئېقىپ ئۆتىدىكەن، يېڭى مەنزىللەر، يېڭى باشلىنىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن، مەڭگۈ ئاياغقا قاراپ ئاقىدىكەن ـ يۇ، ئەسلا ئارقىغا يانمايدىكەن.

ئۇ ئۆيۈشۈپ كەتكەن پۇت ـ قوللىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ ئورنىدىن تۇردى. قۇياش باش ئۈستىدە ۋىلىقلاپ كۆلۈپ تۇراتتى، ئالەم خۇددى ھازىرلا بىنا بولغاندەك رەڭدار ۋە ئۇز كۆرۈنەتتى. ئۇ ساپ ھاۋادىن ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. مەجنۇن تال ئەركىلىگەندەك كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا يۆگەشتى. ئۆزگىچە بىر سېزىمنى ھېس قىلغان ئوسمانجان نەزىرىنى يىراقلارغا ئاغدۇردى. ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ غىل ـ پال قارىسى كۆرۈنۈپ قالاتتى، كېيىن قاياقتىندۇر قاقاقلاپ كۈلگەن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كۆك قەھرىدە جاراڭلايتتى. ھايات يەنىلا قىزغىن ۋە جۇشقۇن بىر ھالەتتە داۋام قىلماقتا ئىدى.

ئۇ ئالتۇنرەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان ماكاپ گۈللىرىگە نەزەر سالغاچ، ئېرىق بويلاپ يولنى داۋاملاشتۇردى. بۇ مەھەللە ھەققەتەن چىرايلىق ئىدى. شىمالىي تەرەپتە يىل بويى ئۈستىدىكى قارلىرى ئېرىمەيدىغان بەھەيۋەت قارلىق چوققا، ئاستى تەرەپتە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان توشقان دەرياسى، مەھەللە ئارىلاپ كېلىۋاتقان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئۈزۈلمەي ئېقىۋاتقان سۇلار. قەيەرگە قارىساڭ يېشىللىق، باغ ـ ۋاران، زېمىنىنىڭ بەركىتى، گۈزەللىكنى مۇشۇنداق يەرلەردىن ھېس قىلىسەن.

ئوسمانجاننىڭ كاللىسى ئاستا ـ ئاستا قۇرۇقدىلىشقا باشلىدى. ئۇ تولا خىيال قىلىپ چارچىغان ئىدى، قورسىقىمۇ ئېچىۋاتاتتى. قورساقنىڭ ئاچقىنىمۇ ياخشى ئىش، بۇمۇ ساغلاملىقنىڭ بىر ئىپادىسى، دېمەك، ئەزالار ئۇنىڭدىن ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلىۋېتىپتۇ.

ئۇ قەدەملىرىنى تېزلەتتى. بىراق بۇ يەردە كۆڭۈلدىكىدەك تاماق ئېتىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرىدىغان قەدىناس ئايالى يوق، ئۇ نەگە بارىدۇ؟ ئەلۋەتتە يەنە بىر ھارغىنچە يول مېڭىپ، يېزا بازىرىدىكى ئاشپۇزۇللاردا قۇرساق توقلايدىغان گەپ. ئۇمۇ بىر يېگى تۇرمۇش، گەرچە ئۆز ئائىلىسى بولمىسىمۇ، ئاشخانا ئاچقان يېزىلىق يۇرتداشلىرى ئىللىق چىراي بىلەن ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئائىلە مۇھىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. تېخى تاماق يەپ بولۇپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشكەچ باشقىلار بىلەن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىدۇ، قۇلاق مولللىرىنىڭ ئاغزىدىن نە ـ نەلەردىكى يېڭى ۋەقەلەردىن خەۋەر تاپىدۇ.

ئوسمانجان يېزا بازىرىنى نىشان قىلىپ، ئەمدىلا چوڭ يولغا بۇرۇلاي دەپ تۇرۇشىغا ئالدىغا بىر ياش بالا چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا بىرنەچچە پارچە گېزىت ـ ژۇرنال بار ئىدى. رەتسىز قويۇۋەتكەن چاچلىرى كۆن نۇرىدا قۇندۇزدەك پارقىراپ تۇراتتى. يۈزلىرى ئاپئاپتا كۆيۈپ سەل خۇنۇكلىشىپ قالغاندەك قىلسىمۇ، ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇقى چىقىپ تۇراتتى.

ئوسمانجاننى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

—ۋۇي ئوسمان دادامغۇ بۇ، نەگە ماڭدىڭىز؟

ئوسمانجان دەمالىققا بۇ بالىنى تونۇيالمىدى. ئاڭغىچە ئۇ ئوسمانجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قول ئۇزاتتى.

—يالغۇز مېكىپسىزغۇ؟

—ھە... ھە... شۇ يالغۇز ماڭدىم. سىنى تونۇمىدىمغۇ بالام؟

بالا ئاپپاق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى.

— مەن... ھوشۇراخۇننىڭ ئوغلىغۇ، ئوسمان دادا. بىز دېگەن توغقان، — ئۇ كۆرۈشۈش ئارلىقىدا چېچىلىپ كەتكەن گېزىت ـ ژۇرناللىرىنى رەتلىگەچ قوشۇپ قويدى، — دادام شۇنداق دېگەن.

ئوسمانجان بېشىنى لىڭشىتتى.

—ھە، مۇنداق دە، بىزنىڭ ھوشۇربايىنىڭ ئوغلىكەنسەن ـ دە؟

—شۇنداق.

—نەدىن كېلىشىڭ بالام؟

—يېزىدىن.

—بىرەر يەردە ئىشلەۋاتامسەن ـ يا؟

—ياق، ئوسمان دادا.

—ئەمسە قولۇڭدىكى نېمە ماتېريال ئۇ؟

—مەن مۇشتەرى بولغان گېزىت ـ ژۇرناللار، يېڭىلا پوچتىخانىدىن ئېلىپ چىقتىم.

ئوسمانجاننىڭ بىردىنلا بۇ قارىۋاي بالىغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ كەتتى.

—ۋاھ، گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولمەن دېگىن؟ يارايسەن بالام، كىتاب ئوقۇش ياخشى ئىش، يەنە نېمە ئىشلىرىڭ بار، دېگىنە؟

بالا ۋىلللىدە قىزاردى، ئارقىدىن پەخىرلىك بىر تۈيغۇ ئىچىدە ئۆزىنى رۇسلىدى.

—شۇ... ھۆسنخەت يازىمەن. ماۋۇ گېزىتكىمۇ ئىككى پارچىسى بېسىلىپتىكەن.

—قالتىس... قالتىس...

ئوسمانجان ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويدى، ئاندىن گېزىتنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى. بىراق نۇرى قاچقان كۆزلەر گېزىتتىكى خەتلەرنى پەرق ئېتەلمىدى.

—ۋاي ئىسىت، — دېدى ئوسمانجان ئۆكۈنۈپ، — كۆزۈم ياخشى كۆرمىگەچكە، خەتلىرىڭدىن ھۇزۇرلىنالماي قالدىم ـ دە.

بالىمۇ ئەپسۇسلىنىپ قالدى. كاتتا شەھەردىن كەلگەن بۇ تۇغقىنى خەتلىرىنى كۆرۈپ بىر ـ ئىككى ئېغىز ئىلھام بېرىپ قويغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

ئۇلار بىردەم جىمىپ قېلىشتى.

—نېمىشقا چوڭ مەكتەپتە ئوقۇمىدىڭ؟ ئائىلەڭلارنىڭ ئىقتىسادىمۇ ياخشى ئىدىغۇ؟

بالا روھسىز بىر تەرزدە بېشىنى چايقىدى.

—دادام ئوقۇتمىدى.

—نېمە دەپ؟

—سەن يالغۇز ئوغۇل، ئوقۇشقا كەتسەڭ ئېتىز ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان ئادەم يوق دەپ.

—سېنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش دېھقان قىلاي دەپتۇ ـ دە، بۇ ھاماقەت. كۆرۈڭ بۇ قارا قورساقنىڭ قىلغان ئىشىنى.

ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئويلاپ قالدى. ئەسلىدە ئوسمانجانمۇ يالغۇز ئوغۇل ئىدى. دادىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي نېفىت ئىشچىسى بولىمەن دەپ باشقىلارغا ئەگىشىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن. ئۆزىگۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتى، بىراق بىچارە مېھرىبان دادىسى جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالدى. كېيىن ئۇ ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولدى، مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئۆز ئائىلىسىگە بېغىشلىدى. دادىسىغا ئاندا ـ ساندا پۇل ئەۋەتىپ، نەچچە يىلدا بىر يوقلاپ كېلىپ قويغاندىن سىرت، پەرزەنتلىك بۇرچىنى تۈزۈك ئادا قىلالمىدى. ھازىر پۇل دېگەن ئۇنىڭدا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، خەجلەپ بېرەي دېسە ئاتا ـ ئانىسى يوق. ئاھ، بۇ تەكسىزلىكنى نە قىلاي، بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتاي.

ئۇ ئالدىدا ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان بالىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى.

—ئىسمىڭ... ئىسمىڭ نېمە ئىدى بالام؟

—ئابلىكىم.

—ھە، بولدى ئابلىكىم بالام، سەن ئۆيۈڭگە قايت، مەن بازارغا بېرىپ كېلەي.

—بىزنىڭ ئۆيگە بارايلىچۇ، ئوسمان دادا. داداممۇ سىزنى كەلمىدى دەۋاتقان، بارسىڭىز ئۇمۇ خۇش بولاتتى.

ئابلىكىم ئىلتىجالىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى .

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئوسمانجانمۇ بازارغا بېرىشتىن يالتىيىپ قالدى . بۇ ھوشۇرباي دېگەن ئۇلارغا شىرەمراق تۇغقان كېلەتتى . كوپېراتسىيە ۋاقتىدا قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىۋېلىپ جۇۋاز ھەيدەپلا ياشلىقى ئۆتۈپ كەتكەن بۇ كىشى ، قېرىغاندا تۇرۇپلا گەپ خۇشلىمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى . بەلكىم ئۇمۇ ئېزگۈ خىياللارغا غەرق بولۇپ ، ئەسلىمىلەر قوينىدا ياشاۋاتقاندۇ . ئۇمۇرنىڭ ئاخىرىدا ئادەمگە ھەمراھ بولىدىغىنى يەنىلا ئاشۇ تۈگىمەس خىيال ئەمەسمۇ .

ـــ مەيلى ، بارسام باراي ، ـ دېدى ئوسمانجان .

ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىللىق بىر ئائىلىنى سېغىنىپ تۇراتتى . ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يۇرتداشلىرى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن بۇ كۈنلەردە ، ئۇنىڭغا قارايدىغان ، ھال ـ مۇڭ بولۇشىدىغان ئادەممۇ چىقماي قېلىۋاتاتتى . شۇ سەۋەبتىن يۇرتداشلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدەك قىزغىن كۆرۈنمەي قالدى . ئۇلار بىرئاز قۇرغاقلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى . بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ يۇرتىغا كەلسە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يېتىشمەي قالاتتى . كۈندە مېھماندارچىلىق ، ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالاتتى ، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايتتى ، بوۋايلارمۇ خۇددى جاھاننى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك ، ئۇنىڭ گەپلىرىدىن يېڭىلىق ھېس قىلاتتى ، ئۇنى بىلمەيدىغان نەرسىسى يوقتەك تولىمۇ كاتتا چاغلايتتى . ھازىر دەۋر ئۆزگەردى ، ئادەملەر ئۆيدە ئولتۇرۇپلا جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر تاپالايدۇ . كادىر بولۇش دېگەنمۇ ئادەتتىكى ئىش ، مۇشۇ مەھەللىدىلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللار ئوندىن ئاشىدۇ ، ھەتتا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇۋاتقان ، ناھىيە ، ۋىلايەتتە ئەمەل تۇتۇۋاتقان كاتتىلاردىنمۇ نەچچىسى بار . بۇلارغا ئۆكۈنۈش كېرەكمۇ؟ ياق... ياق...سۆيۈنۈش ، ئېپتىخارلىنىش كېرەك . يىللار قوينىدا زېمىن قۇت ـ بەرىكەت تاپقۇسى ، ھايات قۇۋناقلىق ئىچىدە كېلەچەككە يۈز ئاچقۇسى .

ـــ ئوسمان دادا ، نېمە بولدىڭىز؟

ئابلىكىم ئۇنىڭ ھاياجان ئىلكىدە مەگزىلىرىگە قىزىللىق تەپكەن يۈزىگە سەپ سېلىپ قاراۋاتاتتى .

ـــ ھە... ھېچنېمە بالام ، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن .

ـــ ئاڭلىسام سىز مەھەللىمىزدىن چىققان تۇنجى نېفىت ئىشچىسى ئىكەنسىز ، شۇنداقمۇ ئوسمان دادا؟ مېنىڭچە نېفىتچى بولۇش بەك قالتىس ئىش جۇمۇ ، نېفىت بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ ، ئايروپىلانلار كۆكتە پەرۋاز قىلمايدۇ ، ئاپتوموبىللار يول يۈرەلمەيدۇ . سىز بۇلاردىن پەخىرلىنەمسىز؟

ئوسمانجان بۇرۇلۇپ ئابلىكىمگە قارىدى . راست ، ھازىرقى باللار كارامەت ، ئۇستى ـ بېشىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرغان مۇنۇ سەھرا بالىسى ئابلىكىم نېمىلەرنى ئويلاپ يەتكەن ـ ھە؟

ئۇ ئابلىكىمنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ، دەرھال ئېسىگە كەلدى .

ـــ بايا نېمە دېدىڭ؟

ـــ كەسپىڭىزدىن پەخىرلىنەمسىز؟

ـــ پەخىرلىنىمەن ، مېنىڭ بۇ كەسىپ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگىنىمنى سەن بىلمەيسەن بالام .

ـــ ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز ، بۈگۈنكىدەك بولمايتتى ـ ھە؟

ئوسمانجان ئۆزىنى گويا ئىش مەيدانىدىكى بىرەر يېقىنى بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدى .

ـــ توغرا دەيسەن ، بالام .

ئۇلار مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى . يول ئۈستىدە مەھەللىدىكىلەردىن بىر ـ نەچچىسى ئۇچراپ ، سالام ـ سەھەتتىن كېيىن قىسقىلا ئەھۋال سورىشىپ كېتىپ قالدى .

ھوشۇرباي ھويلىسىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قوتان ئالدىدا قويلىرىغا يەم بېرىۋاتاتتى . تۈگىمەس جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ دەستىدە ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى پۈكۈلگەن ، يۈزلىرىگە يىللارنىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان ، كەچمىشلەرنىڭ تولىلىقىدىن چاچلىرى چۈشۈپ ، كۆزلىرى تورلاشقان . ئۇ شۇ ھالەتتىمۇ ھاياتلىق ، تۇرمۇش ئۈچۈن تىركەشمەكتە ئىدى .

ئۇ ھەر دەپ ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرگەن

هوشۇربايىنىڭ كۆزى دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئوسمانجان بىلەن ئابلىكىمگە چۈشتى. ئۇ قوللىرىدىكى كېپەك يۇقۇندىلىرىنى قېقىشتۇرغاچ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ئەتىسىز قوللار جۈپلەشتى، نۇرسىز كۆزلەر ئۇچراشتى.

— قانداقراق ئوسمىنەم، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

— ياخشى،

— كۆرۈنمىدىڭىز، تېخى قايتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن، قېنى... قېنى... ئۆيگە كىرەيلى.

ئۇلار قول تۇتۇشۇپ مېھمانخانا ئۆيگە ماڭدى. شىرداق، تەگلىماتلار سېلىنغان مېھمانخانا ئۆي سالقىن ۋە يېقىملىق ئىدى. ئادەمگە ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرەتتى.

— يولدا ئابلىكىم بالام ئۇچراپ قېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن...

— ياخشى... ياخشى... ياخشى بوپتۇ ئوسمىنەم، ئاتايلەپ بىر چاقىرماقچى ئىدىم، ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدا ھېچ قولۇمنى بوشىتالمىدىم.

ئۇلار چاي ئىچىشكەچ ئۇيەر-بۇيەردىن پاراڭ سېلىشتى. گەپ ئارىلىقىدا ھوشۇرباي نەچچە قېتىم ۋارقىراپ ئابلىكىمنى ئىشقا بۇيرۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئەس-يادى يەنىلا شۇ ئىش-ئەمگەكتە ئىدى، ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى قەدەملىرىدە كېتىۋاتقانلىقى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ئوسمانجاننى مۈگدەك باستى. ئايالى، باللىرىنىڭ چۈش ۋە خىيال ئارىلاشقان سىماسى كۆز ئالدىدا لەيلەپ تۇراتتى.

ھوشۇرباي ماموق ياستۇقتىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قويدى.

— باللار شال مايسىسى كۆچۈرۈۋاتقان، مەن ئېتىزلارنى بىر يوقلاپ كېلەي، سىز بىردەم ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ.

ئوسمانجان ئارتۇق تەكەللۇپمۇ قىلمىدى، ھازىر ئۇنىڭ باشقا ئىشلار بىلەنمۇ خوشى يوق، پەقەت تاتلىق بىر چۈش كۆرۈپ، چۈشىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قېنىپ مۇڭداشقۇسى بار ئىدى.

ئوسمانجاننىڭ مەھەللىدە تۇرۇۋاتقىنىغا ئون كۈن بولاي دېگەندە، يالغۇزچىلىقتىن زېرىكىشكە باشلىدى. يەنە كېلىپ تولا ۋاقىتتا بازاردا تاماق يېگەچكە ئاياللىنىڭ قولى تەگكەن ئۆي تامىقىنى سېغىندى، بىر ئائىلە جەم بولغان كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى سېغىندى. يۇرتداشلىرى يەنىلا شۇنداق ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يا دەم ئېلىش كۈنى يوق، ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن ئىشتىن بوشىنالمايتتى. مەھەللىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، تىجارەت ئىشى بىلەن كۈندە دېگۈدەك ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە چېپىپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئوسمانجانغا ئادەملەرنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن مەھەللىمۇ تاشلىنىپ قېلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئەنە، مەھەللە ئىچىدىكى بەزى يول-كۆۋرۈكلەر بۇزۇلغان، ئېرىقلارغا سۇ سەللا جىق كېلىپ قالسا يولغا تاشاتتى، يولنى پاتقاق بېسىپ مېڭىش قىيىن بولاتتى، ياغاچ كۆۋرۈك ھازىرلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك لىڭشىپ تۇراتتى.

ئوسمانجان مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئەتراپىنى غۇچچىدە دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان بۇ ئۆينى ئۇ دادىسىدىن قالغان ئولپاڭغا سېلىپ قويغان ئىدى. قوزاخۇنىنىڭ قولى تەگكەن بۇ دەرەخلەر يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، قويۇقلىشىپ باراتتى. بۇ ئوسمانجانغا دادىسىدىن قالغان تۈگىمەس بايلىق ئىدى. خۇددى دادىسىنىڭ روھىدەك مەڭگۈ نامايان بولۇپ تۇراتتى.

چىڭقى چۈشتىكى تىنجىق ھاۋادا دەرەخلىك ئارىسىدىكى بۇ ئۆي تولىمۇ سالقىن، ھاۋالىق ئىدى. بىردەم ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ياتقان ئوسمانجاننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قاراپ مۇڭلاندى، غېرىبسىندى. ئاھ، يالغۇزلۇقمۇ كۈنمۇ؟ دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆز جۈپتى، ئۆز تويى بىلەن ياشايدىغان گەپكەن. ھاياتنىڭ مەنىسى، جۇشقۇنلۇقى دەل ئاشۇ بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىپ ياشاشتا ئىكەن. ئادەملەر بىر-بىرىگە كۆيۈنگەن، ھەمدەم بولغاندىلا تۇرمۇشنى چۈشەنگىلى، تۇرمۇشتىن سۆيۈنگىلى

بولـىدىكەن. كۆكـۈللەر نۇرغـۇن نەرسـىلەرنى ئـارزۇ قىلىسمۇ، ئەمما ئومۇملاشقان تەبىئىي بىر تەرتىپ بىلەن ياشىماق زۆرۈركەن.

ئۇ بىر ئۆينىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ئىدى، ئايالى ئۇنىڭ قوللىشىغا، كۆيۈنۈشىگە، سۆيۈشىگە موھتاج ئىدى. بالىلىرى ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرىگە، تەربىيەسىگە مۇھتاج ئىدى. بىراق ئۇ بۇلارنى تاشلاپ كەلدى. راست، مەھەللىسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇھىم. بۇ يەردە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپرىقى، روھى بار. يۇرتداشلىرىغا باغلانغان سېغىنىش ئېزگۈلىرى بار. بىراق بىرسى ئۇچۇن بىرسىدىن كېچىش بىھاجەت ئىدى. مەھەللىنىمۇ سۆيسە، ئائىلىسىنىمۇ سۆيسە بولىۋېرەتتى. ئۇ ئائىلىسىگە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا ياشلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ نېفىتلىككە كەتكەن، ئەمدى يۇرت سېغىنچىغا چىدىماي ئائىلىسىنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ نېمە دېگەن تۇتۇرۇقسىز ئادەم ـ ھە؟

ئوسمانجاننىڭ يۈرىكى مۇجۇلدى، ئازاب ئىچىدە كۆزلىرىگە ياش كەلدى. مۇشۇ تاپتا ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى شۇنچىلىك سېغىنغان ئىدى. ئورنىدىن تۇرغان پېتىلا كەتكۈسى كېلەتتى. بىراق خىجىللىق ھېس قىلاتتى. ئۇ ھەتتا ئۆيىگە بىرەر قېتىم تېلېفونمۇ قىلىپ قويالمىدى. ئېھتىمال ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن، بۇنداق ۋاپاسىز ئەر، بەگباش دادىنى كۆزىمىز كۆرمىسۇن دەپ ئۇنتۇپىمۇ كەتكەندۇ.

ئۇ تەگسىز ئازاب ئىچىدە تولغىنىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ياشقا كېلىپمۇ نادانلىقنى تاشلىيالمىغانلىقىدىن ئۆيالماقتا.

تۇيۇقسىز سىرتتا كىملەرنىڭدۇر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندى. ئوسمانجان ئەجەبلىنىش ئىچىدە بېشىنى كۆتۈردى. خۇددى دەرۋىشلەرنىڭ ئېتىكاپخانىسىغا ئوخشايدىغان، مەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ ئۆيگە بىرەرىنىڭ كېلىپ قېلىشى كۈتۈلمىگەن ئەھۋال ئىدى.

مەيلى كىملا بولسۇن بىرەرىنىڭ بۇ غېرىب بوۋاينى ئىزدەپ كېلىشى ياخشى ئىش. ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. تاتلىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، ئۇمۇنۇش ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى.

ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخ سايىسىدە بىرنەچچە ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ سىنچىلاپ قارىدى. شۇ ئارىدا قوڭغۇراقتەك زىل بىر ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى جىغىلدىتىۋەتتى.

ـ دادا!

ئوسمانجان تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى. يۈرەك دولقۇنى كۆكرەك قەپىسىگە پاتماي ئۇنىڭ نەپىسىنى بوغاتتى.

ـ دادا، ـ دېدى بايىقى جاراڭلىق ئاۋاز. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا يىغا ئارىلاشقان ئىدى.

ئوسمانجان قىزى زۇلپىيەنىڭ ئاۋازىنى تونىدى، لېكىن ئىشەنگۈسى كەلمىدى، ئۇ بالىلىرىنى قاتتىق رەنجىتكەن تۇرسا، شۇنچە يىراق يەردىن دادىسىنى ئىزدەپ كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ بەلكىم ئۇلارنى زىيادە سېغىنىپ كەتكەچكە، تۇيغۇسى ئۇنى ئالداۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ شۇنداق ئېسەنگىرەپ تۇرغاندا زۇلپىيە كېپىنەكتەك ئۇچۇپ كېلىپ دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇ چۈشمۇ ئەمەس، خىيالمۇ ئەمەس، ئوسمانجاننىڭ كۆز ئالدىدىكى تەسىرلىك بىر مەيدان كۆرۈنۈش ئىدى.

ـ دادا، جېنىم دادا، نېمىدەپ بىزنى تاشلاپ كېتىسەن؟

زۇلپىيە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى، دادىسىنىڭ ھىدلىرىنى قانماي پۇرىدى، سەل نېرىدا سېلىمخان بىلەن ئېرشاتجان تۇراتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشلانغان.

ـ مېنى كەچۈر قىزىم، مەن... مەن...

ئوسمانجان پەقەت شۇنىلا دېيەلىدى. دېيەلمىگەن نۇرغۇن گەپلىرى خىيالىغا چىڭقالماقتا ئىدى

ـ دادا، بىزنى بەك ئەنسىرەتتىڭ جۇمۇ، ـ دېدى ئېرشاتجان كېلىپ، ئۇمۇ دادىسىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ئۆلگۈردى، ـ يۇرتنى كۆرگۈڭ بولسا بىرگە كەلسەك بولاتتىغۇ؟

ـ مەن ئۆزۈمنىلا ئويلاپتىمەن، بالىلىرىم، داداڭلار تېخى نادانىكەن.

—ياق دادا، سىزنى چۈشىنىمەن، يۇرتنى سۆيمەيدىغان ئادەمنىمۇ ئادەم دىگىلى بولامدۇ.

ئوسمانجان ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئازابلاندى. مۇشۇ دەقىقىدە جاپاكەش ئاتا-ئانىسىنىڭ سىيماسى يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بۇ جەم بولۇشنى ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەن روھى كۆرگەنمىدۇ؟ ئوغلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھىدى سىڭگەن تۇپراققا كىلىپ سىغىنىش ئىچىدە مۇڭلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەنمىدۇ؟ نەۋرىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانمىدۇ؟ بىر ئۆمۈر پەرزەنت ئىشقىدا ئۆرتەنگەن قەلبى ئاز-تولا بولسىمۇ تەسەللى تاپالىغانمىدۇ؟ ئاھ، جىنىم دادا، جىنىم ئاپا، مەن دادا بولۇشنىڭ سالمىقىنى تىخىچە تونۇپ يىتەلمەيتىمەن.

ھاياجانلىق كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كىيىن، ئوسمانجان ئايالىغا قاراپ كۈلدى.

—كىلىنچىلارنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

—بىزنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ۋاپاسىز چاغلاپمىدىلە؟

—ئەجەب بىر دەۋالىدىڭىزغۇ، شۇنچە يىللىق قەدىناس تۇرۇپ.

—ئەمدى كىلىپ سىلىگە ئىشىنىشكە بولىدىغان، بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن.

—بولىدى ئاپا، —دىدى ئىرشاتجان گەپكە ئارىلىشىپ، —دادامنى ئەپۇ قىلىۋەت، مىنىڭچە ئۇ ئەمدى چوقۇم ياخشى بالا بولىدۇ.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈپ كىتىشتى.

—دادام ئەسلىدىلا ياخشى بالا ئىدى، —دىدى زۆلپىيە، —پەقەت مۇشۇ قىتىملا...

—مىنى كەچۈرۈڭلار، —دىدى ئوسمانجان خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ.

—كەچۈرمىسەك سىلىنى ئىزدەپ كىلەمتۇق، —دىدى سىلىمىخان ئىرىنىڭ ئۈستى-بىشىدىكى چاڭ-توزانلارنى قىقىشتۇرغاچ.

ئۇلار خۇشال-خۇرام ھالدا ئۆيگە كىرىشتى.

—ئۆي بەك زەي پۇراپ كىتىپتۇ، دادا، —دىدى زۆلپىيە، —ئىشىك-دىرىزىلەرنى ئىچىۋىتىپ شامالغا سالايلى.

—ماقۇل.

—ھە راست، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ، ئاپام تاماق قىلىپ بەرسۇن، ئۇنىڭ تامىقىنى سېغىندىڭغۇ دەيمەن؟

ئوسمانجان يەر تېگىدىن سىلىمىخانغا قاراپ قويدى.

—تاماق ئېتىپ بېرىدىغانلار چىققاندۇ؟ —دىدى سىلىمىخان قىيىدىغان قىياپەتتە، ئەمما گەپلىرىدە يوشۇرۇن ئەركىلەش مەنىسى بار ئىدى.

—سىغىنمىدى دەمسەن قىزىم، لېكىن... بۇ ئۆيدە تۆت تام، كىگىز-پالازدىن باشقا باشقا ھىچنىمە يوق.

—راست، قانداق قىلارمىز؟

—ھەممىمىز بىرگە بازارغا بارايلى.

—ئاشخانىدا تاماق يەمدۇق؟

—ھەئە، ئۆز يۇرتىمىزنىڭ-دە.

—بارساق بارايلى.

شۇ كۈنى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى شادلىققا چۆمدى، ئۆي ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىن قۇشلارنىڭ ناۋاسىمۇ ئۈزۈلمىدى. كۈنلەر ئۆز مەنىسىگە قايتتى. ئەتىسى سەھەردە ئۇلار قۇزاخۇن بىلەن پەزىلەتخاننىڭ تۇپراق بېشىغا چىقتى. قەبرىستانلىق ئىغىر جىمجىتلىققا چۆمگەن، زومچاق-زومچاق قەبرىلەر، ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالىدىغان قەدىمىي گۈمبەزلەر سانسىز روھ-ئەرۋاھلارنى باغرىغا بىسىپ ياتماقتا ئىدى.

ئىرشاتجان بىلەن زۆلپىيە دىدارىنى كۆرۈشكىمۇ نىسىپ بولمىغان بوۋا-مومىلىرىنىڭ تۇپراق بىشىدا ئۈزۈنغىچە ئۇلار بىلەن مۇڭداشتى، ئۇنچىدەك ياشلىرى تۇپراق ئۈستىگە تامچىلىدى. گەرچە ئۇلار دادىسىدەك جىق ئىش كۆرمىگەن بولسىمۇ، ھاياتتىكى تىراگىدىيە، ھاياتنىڭ قانداق داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئاز-تولا چۈشىنىپ قالغان ئىدى.

ئۇلار مەھەللىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يوقلىدى، مەھەللىنى ئارىلىدى، مەھەللىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ نەپەسلەندى، گۈزەل قىياپىتىدىن ھوزۇرلاندى. ھەر نېمە دىگەن بىلەن ئۇلارنىڭمۇ بۇ يۇرتقا مېھرى-مۇھەببىتى چوڭقۇر سىڭگەن ئىدى.

—ئەمدى قايتايلى، دادا، —دىدى ئىرشاتجان، —مەھەللىدە يالغۇز تۇرساڭ قىينىلىپ

قالسەن، قىيالمىساڭ پات ـ پات كېلىپ تۇرغىن.

ــ شۇنداق قىلغىنا دادا، ــ دېدى زۇلپىيەمۇ دادىسىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ خىزمىتىڭگە دە بولۇپ، پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىۋېلىشىمىزغا پۇرسەت بەر، بولمىسا بىزمۇ سەندەك ھەسرەتتە قالىمىز.

ئوسمانجاننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، كۆزلىرىگە يىغا ياماشتى. ئادەم گاھىدا نېمىدىن خۇش بولۇش، نېمىگە ئاچچىقلىنىشنىمۇ بىلمەي قالىدىكەن. نۇرغۇن نەرسىلەر خۇددى نامازشام گۈلىگە ئوخشاش ئۇ تەرەپتىن ئېچىلىپلا، بۇ تەرەپتىن تۇزۇپ كېتىدىكەن، سىنىڭ رايىڭ ھامان ئارقىدا قالىدىكەن.

ــ بولىدۇ، مەن قايتاي باللىرىم.

ئوسمانجان باللىرىدىن ھېيقىپ جىق گەپلىرىنى دېيەلمەي ئىچىگە يۇتۇۋاتقان قەدىناس ئايالىغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلدى. شۇنچە يىل بىرگە ياشاپ، ئېرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىدىن تارتىپ ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن سېلىمىخان، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر دېيەلمەيۋاتقان بىر گېپىنىڭ بارلىقىنى پەملەپ قالدى.

ــ دادىسى، گەپلىرى بولسا ئېيتسىلا؟

ئوسمانجان ئايالىدىن شۇنچىلىك سۆيۈندى، مۇبادا يېنىدا باللىرى بولۇپ قالمىغان بولسا ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، مۇھەببەتلىك سۆزلەردىن بىرنەچچە ئېغىز قىلىۋالغان بولاتتى.

ــ ماقۇل، ــ دېدى ئۇ، مۇشۇ تاپتا ئۇ سەل ھاياجانلىنىپ قالغان ئىدى، ــ سىلەرگە كۆڭلۈمدە ئويلىغان بىر گېپىمنى ئېيتاي. مەن يۇرتتا كۈن ئۆتكۈزۈشلا ئەمەس، باشقا خىل يوللار بىلەنمۇ ئانا ماكانغا مېھرى ـ مۇھەببەت يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇڭا... ــ ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مەن مەھەللەم ئۈچۈن بىر ئىش قىلاي دەيمەن.

ــ نېمە ئىش؟ ــ ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى تەڭلا سوراشتى.

ــ مەھەللىنىڭ يول ـ كۆۋرۈكلىرى بەك ناچارلىشىپ كېتىپتۇ، شۇلارنى ئوڭلاشقا ئازراق پۇل بېرەي دەيمەن.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى.

ــ مەن سىزنى قوللايمەن، دادا، ــ دېدى ئېرشاتجان بىرىنچى بولۇپ ئىپادە بىلدۈرۈپ.

ــ مەنمۇ قوللايمەن، دادا.

ــ مەنمۇ قوللايمەن.

ھەممە كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىگە چۆمدى.

ئۇلار كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەھەللىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. بۇ كۈنمۇ ئۇلار بەك ئالدىراش ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئالدىراش ئىشلىرىنى تاشلاپ بىر يەرگە جەم بولدى.

ــ ئوسمان ئاكام مەھەللىمىزنىڭ يول ـ كۆۋرۈكلىرىنى ياساش ئۈچۈن بەش يۈزمىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، ــ دېدى مەھەللە باشلىقى بەگمەت.

ــ بەش يۈزمىڭ؟ راستلا ئۇ...

ــ ياخشى ئادەم ئىدىغۇ ئەسلى.

ــ بۇ مەھەللىدىن ئەزەلدىن ياخشى ئادەم چىقىدۇ زادى.

ــ بىزنىڭ تۇغقىنىمىز ـ دە، ــ دەپ ماختاندى ھوشۇرباي.

ــ ئۆزى قېنى؟ ھوي ھوشۇركا، سەن بىلەمسەن ـ ھە؟

ــ كەتتىمىكىن.

ــ ما ئىشنى، ئەجەب كارىمىز بولماپتا.

ــ مۇشۇ كۈنلەردە ئەسكىلىشىپ كەتتۇق جۇمۇ، شۇنچە يىراقتىن بىزنى دەپ كەلگەن ئادەمنى ــ

ــ ئۇيالغىدەك ئىش بولدى بىزگە.

ــ باشقا گەپنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى جامائەت، ــ دېدى مويسىپىتلاردىن بىرى.

ــ راست، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن بۇ ئاكىمىزنىڭ!

ياخشى تىلەكلەر جاراڭلىدى. مەھەللە يەنىلا شۇ قەدەر چىرايلىق، ساپ ھاۋالىق ئىدى. پەرىشتىنىڭ قوللىرىدەك مەيىن شاماللار يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى.

(ئاپتور ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت




«شېئىرىم قەلبىمنىڭ جاھان ئەينىكى بولالىسا؛ ئويلىرىم، ئارزۇ-ئىستەكلىرىم، بولۇپمۇ روھىمنىڭ ئاشۇ سىرلىق ئەينەكتە پارلىغان جۇلاسىنى ئۆزگە قەلبلەردە چاقنىتالىسام» دەيتتىم ھەم شۇنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن بىر «ئاشىق» ئىدىم. نەزىرىمدىكى شېئىرمۇ دەل شۇ ئىدى، شائىرلىقمۇ ھەم...

**1**

قانتىغا قونۇپ گۈگۈمنىڭ
يېپىشمەن قەدىم ئويلارغا.
ماي قوڭغۇزىدەك زۇلمەت ئىلكىدە
يۈزلىنىمەن نۇرلۇق يوللارغا.
تەلەيلىكمەن، زەپىران كۈزدە
سىڭىپ كەتتىم ئانا تۇپراققا.
چىرمىسمۇ لەھەت جىسمىمنى
تىرىلىمەن قايتا باھاردا.
بۇ دۇنياغا بېزەكمەن ھامان
چاقنار كۆزۈم سامانيولىدا.
كەلدىم ياشاپ ئەسىرلەر بويى،
تەلمۈرگەنچە پاك بىر رۇخسارغا
تۇغۇلمىغان مەشۇقۇم ئەمما...

سەۋدايى دەر نادانلار مېنى
غەيۋەتلەرگە قىلماسمەن پەرۋا.
يۈدۈپ كەلدىم بۇ جۇدالىقنى
نە جۇدالىق؟
ئىنتىزارلىقنى
تاغلىرىمدەك باش ئەگمەي ئاگا.
بۆرە تۇغدى دەيمىش ئەزەلدىن
ياغسا يامغۇر ئوچۇق ئاسماندا.
ئاپىرىدە ئەيلىدى بەلكىم
پەرۋەردىگار يارىمنى بۇندا!

ئاپپاق نۇرلار چىرمايدۇ مېنى
ئەركىلىتىپ ئاپپاق قوينىدا
تاۋلاپ روھىمنى مۇقەددەس ئوتتا.

قىنغا سىغماس ئوتلۇق ھېسلىرىم
گاھ چاقماق مەن بۇلۇتلار ئارا.
زۇلمەتلەرنىڭ باغرىنى يارغان
گاھ ماگما مەن زېمىن قوينىدا.
تىنىقلىرىم لاۋا تىزگىنسىز،
كۆلرەك چېچىم كۈللەرگە گۇۋاھ.
ئوزۇقۇمدۇر ساماۋى خىيال
دۇلدۇلۇمدۇر تىنجىماس سابا.
شىلدىرلىغان نامسىز بۇلاقتەك
كۈي قاتىمەن مەسۇم باھارغا.

تەشۇش بىرلە ناتونۇش زامان
مۇشكۇل ئەجەب بىر تىنىق ئالماق
ئىس ـ تۈتەكتە بۇلغانغان ھاۋا.
رەڭ ـ جۇلاسىز تەبەسسۇم ـ جىلۋە،
كۆزلىرىمگە سىغمايدۇ دۇنيا.
شېرىن چۈشتەك ئۈنتۈلار ھەممە،
رۇجەكلەردە ئۆگمەس بىر سىما.
تۈگۈلۈكۈمدە غۇۋا ئاي نۇرى
ئۈنسىز، ئۈمىدسىز قىلار ئىلتىجا.
زاۋاللارنىڭ كۆكسىنى ئەگەن

بۇلۇتلۇق ئاسمان ئەپسۇس بىپەرۋا .
قەلب جامىم دېڭىز، ۋە لېكىن
قىنىغا سىغماس گۈلگۈن ھېسلىرىم
يامغۇر بىلەن ئىشى يوق تاشتەك
ئىشق قەدرىگە يەتمەس بىۋاپا . . .

2

بېكىتى يوق نە بىر يىللارنىڭ
دىۋانىدەك توختىماس ئەسلا .
چۇمۇلىدەك مىغىلدار ئىنسان
تىمىسقىلار نېسۋە ئۈچۈن
بىر بىرىگە كولىشىپ ئورا ؛
ۋىجىك ، نىمجان ، غەيرىي بىر نەسىل ،
ئۆزگەرگەن گېن ، سەرگەردان قەلب ،
گۇناھ بىرلە شەرمىسار دۇنيا .
ھارسىز ، ئارسىز ، ئىپتىخارسىز روھ
جان تىلىشەر شەيتان قوۋمىدىن
كۆكۈللەرنىڭ خارابىسىدە .
سەلتەنەتلىك ئوردا ــ قەسىرلەر
چۈش ۋە خىيالدەك ئۇنتۇلغان نېكەم
سايە ئىزدەر ئۆزىگە ئادەم
تىمىسقىلاپ قۇرۇتتەك گويا .
يەتتىسىگە ئۇلارنىڭ بەلكىم
كۇپايىدۇر بىر تۇپ شۇمبۇيا؟
تاشلىمىغان ئۇلار شۇندىمۇ
گىدىيىشنى تاغلاردەك ئەمما .
تارازىنىڭ تەكپۇكلۇقىنى
بۇزۇۋېتەر كىبىر ــ تەمەننا .
نەرە تارتار بۇندا قويۇنتاز
ئالماق ئۈچۈن نېسىۋىسىنى
ھارغىن تۇپراق ، ياردار زېمىن
مۇڭغا پاتار تەشۋىشلەر ئارا .
قان تامىدۇ ئۇنىڭ كۆكسىدىن
جەز تىرناقلار ئىسكەنجىسىدىن
خۇن باغرىدا تەشۋىش ــ ئىستىھزا .
باھار ئۈچۈن ئاققۇزۇپ ئەگىز
بىر جۈپ بۇلاق سوغىلار بۇندا .

خىيال كەبى توزۇيدۇ خازان
گۈزەللىكنى كېپەنلەپ ئاستا .
كۆز قىسىشار يۇلتۇزلار كۆكتە
شۇنچە سىرلىق ، شۇنچە بىھايا . . .

3

پۇچۇق جامىڭ ئايلانسۇن ھىلال ،
سۇنۇق كۆڭلۈمگە بول بىرپەس ھەمراھ .
يار جىلۋىسى يۈتتى ھويلامدىن
نە لازىمى ئىلپەتنىڭ ماڭا؟
جاھان شۇ تاپ قەلبىمگە ئەسىر
كۈتەر مەندىن دەردىگە داۋا .
تەقدىرىمىز قوشۇلغان قاچان؟
كۆرۈنەر ئۇ بولۇپ دىلرەبا .

ئىشرەتخانا تۇتاشقان بۇدەم
خىرۇستالدەك مۇزلۇق ئىراغا .
قاماشتۇرار كۆزنى سوغ جىلۋە
ئورتاقلىشىپ قان ــ يىرىڭلارغا
دەم تارتىدۇ روھلارنى ھەتتا .
تەبەسسۇمنىڭ بازىرى كاسات
ئاۋات كۆڭۈللەر خىيال بىلەنلا .
ئىسكەنجىگە ئالغان جانلارنى
تەشۋىش ــ گۇمان كىشەندەك گويا .
ئۆلەلمەيدۇ خاتىرجەمگىنە
تەشۋىش ئىلىكىدە ئالتۇن چىش موماي ،
گويا لەھەت ئىچىدە بىركىم
بەتلەپ تۇرغاندەك ئامبۇرنى ئاڭا . . .

تەبەسسۇم ئۇ ئۆڭگەن بىر بوياق
چىرمار تۈننى ئىشقۋاز سەتەڭ
جىسمى يىلان قاسىرىقى گويا .
روھىنى بىركىم كەتكەن ئوغرىلاپ
ۋۇجۇدىدا ئىزتىراپ ــ يارا .
ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەشقۇ ئازاب ،
ئۈمىد بەخش ئېيتەر ئۇ ئەمما .
سامانيولى سېلىنجام مېنىڭ ،
مۇڭدىشىمەن ئاي بىلەن تەنھا .
ئۆز ئۆزۈمگە شاھ مەن خۇش كەيىپ
بارچە غەملەردىن خالاس مەن بۇندا .

پۈت ـ قولۇمنى چىرمىسۇن كېسەل
گاھ جېنىمغا يۇزلەنسۇن ئەجەل
بۇلۇتلارغا پەرۋايى پەلەك
قەلبىم ئوچۇق ئاسماندۇر گويا .

4

تەرك ئەيلىسە گاھى شېرىن چۈش ،
ئۇزاق تۈنلەر دوق قىلار ماڭا .
ئۇۋۇسىدىن بەزگەن كەبى قۇش
ۋەتىنىم ــ ئىھ ، سۆيۈملۈك ھۇجرام
چىدىمايمەن ، قيمايمەن ساڭا!
ھىلال بۇدەم جىلۋەڭ نە ھاجەت؟
پىيالەڭنى ئۇزات يەنىلا ؛
يورۇتقىنىڭ بىلەن ھۇجرامنى
ھارارىتىڭ يوق سېنىڭ ئەسلا .
ناز قىلما ھەم ئىشقۋاز سەتەڭ ،
سەن يارالغان ئايرىلىشقىلا . . .
بېلىق سۇدىن ئايرىلمىغاندەك
ئۇمىد بىرلە ئۆرە بۇ دۇنيا .

ئىزدەر مېنى نۇر تەلقىنلىرى
شەبنەم قونغان گۈللەر مەڭزىدىن
رەڭۋازلىقنى تەرك ئەتكەن مەن
ھەشەمەتلىك رېستورانلاردا .
قەپەستىكى ئاسىي تورغايدەك
قەلبىم تىنماي قىلىدۇ ناۋا .
ئوچۇق ئاسمان قەلبىمگە ئەنداز
تال ـ تال نۇردەك سىرغىيدۇ يامغۇر
ئەيلىگەندۇ بەلكى تەۋەللۇت
پەرۋەردىگار يارىمنى بۇندا .
ھىلال بۇدەم جامىڭ نە ھاجەت؟
مېنى ھەقىقەت قىلماقتا شەيدا!

5

بار ھەيكىلىم تۆت تام ئىچىدە
تەبىئەتتەك يالىڭاچ ـ تەنھا .
يات بىر تىلدا كۈيلەر ئۇ ، لېكىن
تەبىئەتتەك خىسلەت يار ئاڭا .
قەلبىم مېنىڭ ، ھېسلىرىم مېنىڭ
مۇھەببەتنىڭ ئاچاللىرىدا
لەزىز ئەمچەكلەرگە تەلپۈنگەن بالا .
خىياللىرىم گوياكى ئەنقا!

ھايات دېگەن ئۆتىدۇ شۇنداق
چۈنكى ئۇمۇ ئاخىر مۇئەمما .
ئويغانغان چاغ شېرىن ئۇيقىدىن
غايىب بولۇر جانانىمۇ ھەتتا ؛
تۈنۈگۈنكى ئايجامالىڭ يوق
چىرايىڭغا يېنىشلاپ قارا .
بۇ ئەينەكنىڭ چاتىقى ئەمەس
بۇ ــ قىسمەتلەر قالدۇرغان «سوۋغا» .
كۈندۈزدىكى سايىدەك خۇددى
شېرىن چۈشنىڭ ئۆمرىمۇ كوتا .
كۈلكە كەتمەس تىنىق يۈزىدىن
ئۇمىدىملا ھامان ئالدىمدا ،
گۈزەل ھايات خىيالىمدىلا .

6

كېلەر ئىكەن ھەم كېتەر ئىكەن . . .
كىمگە تالىق بىلمىدىم دۇنيا؟
تۇتقان مەھەل خۇشكەيپىم مېنىڭ
ئەركىم پەقەت بىر ئۆزۈمدىلا .
گاھ سۇلاردەك ئاقىمەن ۋەزمىن
گاھ تاغلاردەك تۇرىمەن تەمكىن
ئەركىلەيمەن گاھى ياپراقتەك
ئۇسسۇل ئويناپ چەكسىز دالادا .
ھىجران نېمە ، سېغىنىش نېمە
ئازاب نېمە ، ئۆكۈنۈش نېمە
تېزىش نېمە ، تەلپۈنۈش نېمە؟
قىسمەتلەرگە پەرۋايىم پەلەك
گاھ بۇلبۇلدەك ئەيلەيمەن ناۋا ،
گۈل شېخىغا قونىمەن ھەتتا .

كەچمىشىمنى ئېتىمەن بايان
ئۇچۇپ يۈرگەن تەنھا ياپراققا .
قەدەھلەردە چاقنار ئاي نۇرى ،
مۇگدىمەيدۇ دولقۇن قىنىدا .
پالاق قىلىپ ئالقانلىرىمنى

دولقۇنلارغا بىرىمەن ئۆركەش
چۆمۈپ سوغۇق ئاينىڭ نۇرىغا .
تەزكىرەمنى پۈتىمەن تاڭلا
قاغجىرىغان ئۈستىخانىمغا .

7

بەخت دېگەن كۆلكىمۇ ياكى
ھېچ بىلمىدىم، يا ئازابلىق ياش
يا شەيتاندىن ھەقىقەت سوراش
يا تەگرىگە قىلغان ئىلتىجا؟ . . .
ئۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر شۇ تاپ
تامچە شەبنەم كىمىيا ماڭا،
تومۇرۇمدا ئاققان قان گويا .
سائىل بىلۇر چاڭقاش قەدرىنى
يار جىلۋىسى دەردىمگە داۋا!
تېپىۋالاي ئۆزۈمنى ئۆزۈم
گۈلگۈن جامدىن ـ جاھان ئەينەكتىن
يات جىلۋىدە سەتەڭ بەزمىسى
ئوتلۇق باغرىنى ئاچىدۇ بۇندا .
ئويماق لەۋلەر شېرىن قەدەھتەك،
بال تامىدۇ قەلبىمگە ئاستا .
ئۆپىقىنى قايرىسا كۆزۈم
ئەپسۇس ئايدەك غەمكىن دىلرەبا .
گەز باغلىغان چاڭقاق ھېسلىرىم
ئىلتىجا ئەيلەر ساكىن قۇياشقا .
پۈچۈق جامدۇر مىسالى بۇدەم
دۇنيا مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا .
خۇشكەيپتۇر غالىب ھېسلىرىم
كۈۋەجەيدۇ ئىشقىم ئوكياندا
ئۆزۈپ يۈرگەن لەھەڭ مەن ئۇندا .
ھىلال بۇدەم قەترەڭ نە ھاجەت؟
مېنى مۇھەببەت قىلماقتا شەيدا . . .

(ئاپتور ئىلى ئوبلاستلىق تىل ـ يېزىق كومىتېتىدا)

# غەزەللەر

مۇختار سۈپۈرگى

## نە كېرەك

بولسا گەر شاھ مېھرىبان، قوغداشقا نەۋكەر نە كېرەك؟
ئەل ـ ئاۋام قالقان ئاڭا، ئاسماققا خەنجەر نە كېرەك .
رىسقىغا نا شۈكرىلەر ئۆز نەپسىدىن ئىزدەر بالا،
بەرسە چاڭقاققا بۇلاق، چۆللەردە كەۋسەر نە كېرەك .
كۆلسە بەھرىگىدىن بىراۋ، مېھرى تەئەللۇقتۇر ساڭا،
پارلىسا دىلدا قۇياش، زۇلمەتتە ئەختەر نە كېرەك .
ۋەھشىي گۆشخور بۆرە، شىر، ئۆز قوۋمىدىن قان سورىماس،
ئىزدىسەڭ ئەل كۆڭلىنى، سوغدا سەمەندەر نە كېرەك .
ئەل دېسەڭ، ئەل شېللىسى پايەگگە قوندۇرماس توزان،
رەھنىما بولساڭ زېرەك، بولماق مۇغەمبەر نە كېرەك .
بىر يامانلىقتىن كېلەر مىڭ بىر يامانلىق ھەر قاچان،
خىسلىتىڭ بولسا دۇرۇس، سۇرمەككە ئەمبەر نە كېرەك .
تۆر ئەمەس داستىخاندىكى مەزەگە بالدۇر باققىنىڭ،
بەرسە ئەل دىلدىن ئورۇن، تەختىڭگە مەرمەر نە كېرەك .

## شاتۇتى

ئايلىنىپ چەرخى پەلەك، بولدى زامان شاتۇتىنىڭ،
دورىسا ئەينەن پەقەت، رىزقى راۋان شاتۇتىنىڭ .
ئىگىسى بۇغداي بېرىپ، گۆش كېكىرىشنى سورىسا،
«خوپ» دېسە ،«لەببەي» دېسە بەختى ئامان شاتۇتىنىڭ .
كۆرسىتىپ ئاينى ئەگەر، «دە» دېسە «يۇلتۇز» ئۇنى،
دەيدۇ ئۇ شۇنداق، شۇڭا كۈنى ئاسان شاتۇتىنىڭ .
نە كېرەك قىلماق پىكىر، دوراشنى ئەينەن بىلسە خوپ،
زوقىمنى چىقتى بۇگۈن، بارسا قايان شاتۇتىنىڭ .

بولسا گەر تەلەي نېسىپ دانىشقا مەككار تۆرە بەگ ،
موللىغا جۇلدۇر كېپەن ، زەرلىك چاپان شاتۇتىنىڭ .
نە ئامال نار تۆگىمۇ ئېشەككە ئەگەشتى كۆرۈڭ
ئوقۇسا موللام ناماز ، بولدى ئىمان شاتۇتىنىڭ .

## كەلمىدىڭ

ئۆتۈپ كەتتى نەچچە قىش ، باھار بولۇپ كەلمىدىڭ ،
مارجان ئەتتىم مېغىزدىن ، ئاسار بولۇپ كەلمىدىڭ .
غېرىبسىندىم ، ئاغرىدىم ، مەجنۇن قىلدى جۇدالىق ،
چۈشلىرىمدە قېشىمدا ياتار بولۇپ كەلمىدىڭ .
كۆكلىمدە خەقلەرنىڭ گۈل ئېچىلدى ناتونۇش ،
ھېچ بولمىسا سەلكىندە ئىپار بولۇپ كەلمىدىڭ .
كۆڭۈل يالغۇز قالغاندىن ئېغىر كۆلپەت يوق ئىكەن ،
قونمىساڭمۇ كېلىپلا قايتار بولۇپ كەلمىدىڭ .
ئىزىڭ چۈشكەن يوللاردىن ئۆتتۈم سېنى سېغىنىپ ،
كۆلەڭگەدە جىسمىمنى ياپار بولۇپ كەلمىدىڭ .
ماڭغىنىمنى كۆرگەنلەر كۆلۈشكەندۇ نېمە دەپ ،
ئەقىدەمنى يات كۆزدىن ساقلار بولۇپ كەلمىدىڭ .
سېنى ئەتە كېلەر دەپ چاي راسلىدىم ھەر «ئەتە» ،
«مەن ئىچسەم ئۇ قانار» دەپ ، ئوتلار بولۇپ كەلمىدىڭ .

## باردۇر

كۆلەر ئەپتىڭدە بىر شۇملۇق ، يىقىلسام بايرىمىڭ باردۇر ،
ئۈزۈڭچە چۈكتۈرۈپ ، تارتىڭ ، شاياتۇن سايلىمىڭ باردۇر .
قارا ئەپتىڭگە ھۇقۇشرەڭ ، دىلىڭ نۇرنى تەرك ئەتكەن ،
بىراۋغا كەلسە شور قىسمەت ، ئاجايىپ ئايىمىڭ باردۇر .
ناۋادا كۆلسە بىر ياخشى ، يۈتارسەن كىرپىنى چوغلاپ ،
يىقىتماققا ئۇنى پۈتلاپ ، تۇمەن ئوي ـ ۋايىمىڭ باردۇر .
گوياكى مارىغاق ئىتتەك ، كېلەرسەن شەپىسىز ـ ئۈنسىز ،
تۈيۈقسىز قالسا كىم ، كاپ قىپ ئېسىلغاق ئادىتىڭ باردۇر .
ئۆزۈڭ كۆمگەن تىكەنگە قانچە رەت دەسسەپ ئۇسال بولدۇڭ ،
پۈتۈڭغا پاتتى ئۆز شورۇڭ ، قەدەمدە ۋايجېنىڭ باردۇر .
زىمىستاندا يولۇمغا سۇ سېپىپ ، پاشنامغا نال قاقتىڭ ،
خەتەرنى سەزمىسەم تۈزدە ، نادان دەپ جايلىغىڭ باردۇر .
قالالماس سىرتىدا گۆرنىڭ ، ئۆزى گۆر كولىغان گۆركار ،
يامانلىق تاشقا ئاتقان ئوق ، قىيامەت ـ قايىمىڭ باردۇر .

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

# شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا

كۈرەش ھۈسەيىن

## پىچاق

تەۋەررۈك قاتارى بىر كونا پىچاق ،
يادىكار بىلمىدىم قايسى زاماندىن .
چاقنايدۇ دەستىدە جاۋاھىردىن كۆز ،
ھەر كۆزدە بىر تەسۋىر كەڭرى جاھاندىن .

جۇلالار تىغىدا ئاجايىپ نەقىش ،
ئۆتمۈشنىڭ ھۆججىتى ـ قەدىمىي يېزىق .
يالتىراپ تۇرىدۇ تونۇش جىلۋىلەر ،
خۇددى كۆن نۇرىدەك يېقىملىق ـ ئېنىق .

قىساي دەپ كۆرسەتتىم ، غىلاپچى كاسىپ ،
بېشىنى چايقىدى ، لېۋىنى چىشلەپ .
چاقماقلار زەربىدىن سىيرىلدى ئاسمان ،
كېتىشتى مىليونلاپ تۇلپارلار كىشنەپ .

## شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا

ئاتا باغرىدا سىلكىنىش ئۈچۈن ،
ئانا باغرىدا تۆرىلىش ئۈچۈن ،
ئىنسان باغرىدا تىرىلىش ئۈچۈن ،
شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا .

ئېلىش ئۈچۈن نىگاھىڭدىن زوق ،
ئېمىش ئۈچۈن چېھرىڭدىن يورۇق
بولۇش ئۈچۈن سەن كەبى نۇرلۇق ،
شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا .

ئۇچۇش ئۈچۈن سامادا تولۇق ،
بولۇش ئۈچۈن قىلىچ بىلەن ئوق ،
ياشاش ئۈچۈن ھاياتتا شوخ ـ شوخ ،
شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا .

دېگىنى ئەمەس ، بۇلاق بولۇشقا ،
مەردلەر ئۈچۈن ياراق بولۇشقا ،
كېچىلەردە چىراغ بولۇشقا ،
شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا .

بۇلاقلارنىڭ شىلدىرى ئۈچۈن ،
چېچەكلەرنىڭ ھىدلىرى ئۈچۈن ،
زېمىستاننىڭ دىر ـ دىرى ئۈچۈن ،
شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا .

قار ـ يامغۇرنىڭ يېغىشى ئۈچۈن ،
سۇلارنىڭ شاد ئېقىشى ئۈچۈن ،
كۆزۈڭدىن ياش چىقىشى ئۈچۈن ،
شېئىر يازدىم ئوقۇۋال دۇنيا .

(ئاپتور قەشقەر شەھەرلىك 15 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە)

## چىدا يۈرىكىم چىدا

بۇسارەم تۇرسۇن

سەن نەدە دەپ ،
سورىمايمەن جېنىم ھەرگىز
يۈرىكىمدە تۇرساڭ چوغلىنىپ . . .

ماختىمىغىن سۆيگەن يارىڭنى
ئۈنىڭسىزمۇ سەن
ئەركىن قۇش .

قەدىرلىكىم دەپ
ئېيتالمايمەن ساڭا بىر رەت
ئېيتالايمەن ئۆزۈمگە پەقەت

كېچە يىقىلغاندا ھۇجرامغا
ئېيتارمەن
چىدا يۈرىكىم چىدا
يىرتىلساڭمۇ ،
قىينالساڭمۇ
كۈلۈپ ياشا قەدىرلىكىم . . .

ياش كەبى سىيرىلىپ يىقىلغىنىڭدا ،
ئېھتىمال ئېسىلىپ قالارسەن ماڭا .
بىر سۈرەت مۇھەببەت قارىچۇقتا قاتقان
چىدا يۈرىكىم ، چىدىغىن چىدا ! . . .

(ئاپتور ئاۋات ناھىيە غوروچۆل بازار خەلپەم باشلانغۇچ مەكتەپتە)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم



# يەتتە ئاۋۇش

دىلمۇھەممەد جەفەر

مۇھەررىردىن: شائىر دىلمۇھەممەد جەفەر شېئىرخانلىقتا ئۆتكەن ئون نەچچە يىللىق ھاياتىدا باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ تىنىقلىرى بىلەن قەلبىدىكى بۇ دۇنيادىن خالى بىر دۇنيانى، تەبىئەتكە شېئىرىي روھ بەخش ئەتكەن ئېتىكى كەڭ سەھرالار، يېزا-قىشلاقلارنى ۋە قايناق شەھەرگە كىرىپ تېنەپ قالغان سەھرالىق يىگىتنىڭ تېگىرقاشلىرىنى لىرىكىلىققا باي، تىنىدىنسىيەسى چوڭقۇر مىسرالار بىلەن كۈيلەپ كەلدى.

شائىردىن بىر كەلىمە: ئارىمىزدىكى تۆت-بەش يىلنى چىقىرىۋەتكەندە بۈگۈنگىچە تۇغۇلغان مەھەللەمدە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. يىلقا ئۆيۈزىدەك ياشاپ، بىر داڭگال ئۆزۈپ قالغاندەك تۇيۇلىدىغان مەھەللىدىكىلەر، زامانىۋىلىشىش ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات دولقۇنىدا تەمتىرىگەن ئىنسانلار كەنتىدە ئۆزۈن چىقماي يۈرىمەن، تالاي قېتىم يازغانلىرىمدىن، يازالمىغانلىرىمنىڭ كۆپلىكىنى ھېس قىلىپ ئېچىنىمەن... بىزدە شېئىر سەن نېمە؟ دەپ نالە قىلدىم...

مېنىچە شائىر قۇۋۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز يېشىنىدىكى يازمىلارغا بىرلەشتۈرۈپ، تۇيغۇسىدا گۆھەرلىرىنى سىزىۋالدۇرۇپ، لوغەت مەنىسى بىلەن ئېھتىماللىق مەنىسى توقۇنۇشىدىغان تىلنى مۇھەببىتىدە يېشۈرۈپ بىزگە سۇنغان جەۋھەر-شېئىردۇر...

## قوغۇن يۇرتى

چۇش چىڭقالغاندا، ئېتىزىمدىن يانغاندا،
دەرەخلەر سايىسىنى ئىزدەۋاتقاندا.
يولدىكى ھارغىن پاخاللارنى ئۇچۇرۇپ
ئۆتتى يانداپ قوغۇن باسقان ماشىنا.

ماشىنا ئۆزىدى، ئىپار ھىد تاراپ...
مۇرەمدىكى كەتمەن ئۇھسىندى.
قانچىلىك شىرىندۇر بۇنچە خۇشپۇراق؟!
پىلەكلەر نەلەردىن ئالغاندۇر شوراپ.

بۇ كىمكىن؟
ئېتىزىمدىكى بارلىق خۇشبۇيلۇقنى سېتىۋەتكەن
خەمەكلەر رەستىدە بولغۇچە ساقلاپ.
چۈنەكلەر ھىجراندا قالغاندۇر بوزلاپ،
سويىملار ئاپتاپقا، ھەر يانغا قاراپ...
تېرەكلەر، ئوت-چۆپلەر، سامانلار ۋە مەن
سۇمۇردۇق ھاۋانى يېنىش-يېنىشلاپ.

بۇ ماشىنا ئۆتسە مەھەللىدىن
ئۆي-ئۆيلەردە خۇش خەۋەردەك ھىدلىنار.
بۇ قوغۇن توختىسا بىرەر بازاردا
ئۇندا ئاياللار توساتتىن خۇشخۇيلىشار.
بۇ خۇشبۇيلۇق بارسا بىرەر شەھەرگە
بىنالار چۈشىدە ساتما، يۇلتۇزلار ...

## يەتتە ئاۋۇش

1

ئات بېقىنىدا تۇغۇلۇپ
ئات قولىقىدا ئويناپ، ئۆسۈپ
ئاتتىن غۇلاپ كىردۇق يەرگە...

2

كۆك ئاسمان، ئاقۋاش تاغ، چەكسىز يايلاق
تەگرىلەر بىلەن پاراگلاشتۇق، ئازارلاشتۇق.

3

ئېگىز تاغ، ئېگىز هارۋىلاردىن چۈشتۇق تۇزلەگلىككە
ئاتتىن تامغا دەسسىگەندەك تۇيغۇدا.

4

ئېگىشتۇق ئېكىنزارغا، قارىياغاچلارغا
يىلتىز چىرمىلىپ يىراق كەتمىدۇق.
بۆرىدەك ئۇلىشىپ شەهەرلەر قۇردۇق،
ئاۋۇدۇق، قىرىلدۇق، قىردۇق.

5

قۇم ئاستىدا مۇنارلار قالدى.
نۇرغۇن قەبىلە تۇپلىنىپ ئۇيغۇر ئاتالدى.
نۇرغۇن تەگرىلەر يوقلىپ بىرىلا قالدى.
تالاي باسقۇنلاردىن كۆل، ئۇستىخان قالدى.
زېمىندا يارا، روھ چوگقۇرىدا جاراهەت قالدى.

6

كارىزدىن كۆكلىدۇق، قۇملۇقتا ئۆستۇق.
زامان چاپقۇنلىرىدا سۇدەك ئاقتۇق.
مۇقاملىرىمىز ئىچىمىزگە ئاقتى
ئۇنسىز تۇپراق بىزنىڭ ئاۋازىمىز...

7

ياشىدۇق،
ياشايمىز،
ياشاۋاتىمىز.

## ئالقانلىرىمغا تۇكۇردۇم

نورۇز — قۇش شامىلى، يامغۇر تىنىقى
ئۇخلاۋاتقان ئايدالانىڭ سۇبهىسى.
مەن ئېتىزىمنى سىغىندىم
قىش ئۇچىكىدىن چىقىۋېتىپ.

كۆكلەم نۇرىدا ئاغدۇرۇلغان يەر
ئوغۇت مەستخۇشلۇقىدىكى ئېتىز.
تالقانلانغان، ئىنتىزار تۇپراق...
كۆكەرگەن ئېرىق قىرىدا سۇنايلىنىپ
شۇنچىلىك شېئىر يازغۇم كەلدى.

كەتمەن قەلىمىم، ئېتىز دەپتىرىم
قەلبكە چۆككىنى ئۇنەر شېئىرىدا
يەرگە چۆكۈرۈلگىنى پات ئارىدا
ئاسمانغا تەلپۈنەر چۆككەن ئۇرۇقلار

ۋىسالغا تەلپۈنەر مۆككەن تۇيغۇلار...

ئېتىز ـ شائىرنىڭ كونا دەپتىرى،
دەپتەر ـ ئۇچ مو ئېتىزى.
مەن كۆپرەك كۆممە قوناقلىرىمنى يازدىم.
بەزەن چاكىلدىغان بۇغدايزارنىڭ ئورنىغا
خۇشخۇي ئاپتاپپەرەسلەرنى يازدىم...

ئۇچ مو ئېتىزىم
چىشلەپ ـ تاتىلايدىغان ئوغلۇمدۇر.
بۇدۇسقاپ ئۇخلاۋاتقان قىزىمدۇر.
ئۇنسىز كۈلۈمسىرىگەن بىر ئايالدۇر...

ئالقانلىرىمغا تۇكۇردۇم
ئۇچ مو ئېتىزىمغا نورۇز كەلگەندە...

## ئۇيغۇر بازارلىرىغا قايتىش

ئۇيغۇر ئۇيغۇرغا سالام بېرىدۇ،
ئۇيغۇر ئۇيغۇردىن خۇدۇكسىرەيدۇ.
ياقا يۇرتلاردا
كاۋاۋچىن چاتقىلى سايىسىدا
چولاق ئۇيغۇرمۇ ئەندىككىدەك سۆزلەيدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ خۇرجىنىدىن نان چىقار
ياكى ئۇلار نان ئىزدەپ يولغا چىقار.

بىر كۆزىدە مېھرىبانلىق، بىر كۆزىدە ئەسەبىيلىك،
بىر كۆزىدە مېھنەت، بىر كۆزىدە ئامالسىزلىق...
ئۇيغۇر ھۈيىگەرلەر مۆشتلىشار،
سېتىقچى ئايالار چاچلىشار،
ئۇيغۇر بازارلىرىدا ھەمىيانىڭ تەرلەر،
ئەمما، ئاچتىن ئۆلمەيسەن.
بىر ناننى ئوغلاقتەك تاشلىسا زامان
مېھرىڭ قىستىلىپ بىر بۇردا يەيسەن.

ئۇيغۇر ئۇيغۇرغا ياقا يىرتىدۇ،
ئۇيغۇر جاھانغا گۈل تېرىيدۇ.
ياقا يۇرتلاردىكى ۋاگزالدا
ئادەم ۋە يۈك ـ تاقلار ئارىسىدىكى ئۇيغۇر دوپپىسى
شائىرنى «ئوغرى» مىكىن دەپ تۇرۇپ سالام بېرىدۇ.

ئۇيغۇر بازارلىرى قاينام
ئۇندا چۆرگىلەۋاتقان داڭگالمەن.
يانچۇقچى مۆرىدەيدۇ، ئابدال چىرمىشىدۇ
ئۇۋۇلىۋاتقان داڭگالمەن.
قىستىلىپ قارايمەن سىرىقتالدىكى قۇياشقا
تىلەمچىدىن قۇياشقىچە ئىچىم ئاغرىيدۇ.

مېۋە ـ چېۋە، كاۋاپ ئىسى، ناننىڭ جىلۋىسى
ئاسىي سەنئەتكارنىڭ ياڭراۋاتقان پەرۋازى.
ئەخلەت سېتىۋاتقان ئەزىمەتلەر،
ياشاش تەمەسىدىكى مۇھەببەتلەر، ھەسرەتلەر...
نېمە ئالاي سېنىڭدىن بازار؟!
نېمە ساتاي زامان ئەي ساڭا؟!!!

## قۇيۇنتاز ناخشىسى

ئۈچ كۈن بولدى، ۋاي ئۈچ كۈن بولدى،
بىر قۇيۇنتاز ئەگىيدۇ مېنى.
ئەي قۇيۇنتاز، نېمە ئېپكەلدىڭ؟
قانداق خەۋەر ئېپكەلدىڭ ماڭا؟!
قانداق بىلەي، ۋاي قانداق بىلەي؟!
دۇدۇقلايسەن گاچا تىلىڭدا.

يىراقتىكى باغرى قان يارىم
مېنى كىنەپ ياشلار تۆكتىمۇ؟
يات ئەللەردە سەرگەردان دوستۇم
ئۆزھىسنغانچە ئەسكە ئالدىمۇ؟
ياكى ماڭا پۈتۈلگەن قىسمەت
ئەمدىگىنە يولغا چىقتىمۇ؟

مەن ئېتىزدا، ئۇستىبېشىم چاڭ
ئەي قۇيۇنتاز نېمە ئېپكەلدىڭ؟!
قانداق خەۋەر ئەكەلدىڭ ماڭا،
قانداق بىلەي، ۋاي قانداق بىلەي؟!
دۇدۇقلىساڭ گاچا تىلىڭدا.

گۆندىدىكى ياش قېرىندىشىم
كۆزلىرىگىدە سايرام كۆلىمۇ؟
ياكى دادام، ئانامنىڭ روھى
دۇئالىرىم ئۆكسۈپ قالدىمۇ؟
ياكى مېنىڭ بۇ ئازغۇن ناخشام
قاينىمىگىدا قايتىلىنارمۇ؟

## ئۈمىدكە تولغان لىرىكا

رىسالەت مەردان

دىلمۇھەممەت جەفەر تۇيغۇنسىغا سادىق، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، تەسەۋۋۇرغا باي شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق. ئۇنىڭ «كۈمۈشقوناقنىڭ تويى»، «بىر يوپۇرماقنىڭ ھېكايىسى»، «ئىلى. خانلەيلۇن»، «مايلامچى باللار»، «ئەڭ ئاخىرقى تارانچى» قاتارلىق شېئىر- داستانلىرى ئاللىبۇرۇن شائىرنىڭ ئىسمىنى قەلبىمىزگە مۆھۈرلەپ قويغان.

باش پىياز مومايلار
شوخلىدەك قىزلار
يۇمغاقسۈت چوكانلار
كۆكتات بازىرىدا . . .

«مۇيۇنگۇزەر بازىرى» ناملىق شېئىردىن

يۇقىرىدىكى شېئىر نەزىرىمدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. خۇددى «قەشقەردىكى يەر شارى» ئادىل تۇنىيازنىڭ، «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ، «سالغا تېشى»، «ئانا» ناملىق شېئىرلار بۇغدا ئابدۇللانىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغاندەك، كىشىلەر بۇ شائىرلارنى تىلغا ئالسا، تەبىئىيلا ئاشۇ شېئىرلىرىنى ئېسىگە ئالىدۇ. ياكى بۇ شېئىرلار تىلغا ئېلىنسا دەررۇ ئاپتورى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ. دىلمۇھەممەت جەفەرنىڭ «مۇيۇنگۇزەر بازىرى» ناملىق شېئىرى 2004 ـ يىلى «ئىلى دەرياسى» دا ئېلان قىلىنغان. شۇندىن بۇيان بۇشېئىرلار مېنىڭ نەزىرىمدە دىلمۇھەممەت جەفەرنىڭ شېئىر دۇنياسىدىكى كىملىكىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەكس ئېتتۇۋاتقان تۇيغۇ بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ ياشاۋاتقان تۇرمۇشقا باشلاپ كېتىدۇ. شېئىرلاردىكى يېزا تۇرمۇشى، دېھقانچىلىق ھاياتى، كەنت بازىرى قاتارلىقلارنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ خاسلىقى. چۈنكى ھەر بىر مىسرادا شائىر تۇيغۇسىنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭگەن تۇرمۇش ئۆز جۇلاسىنى تاپقان. بۇ شېئىرلادا تۇرمۇش ھەرگىز ئاددىي، تىز سىزما سۈرەتتەك تەسۋىرلىنىپ قالماستىن، شېئىرنىڭ ئاددىي ئىپادىلەش ياسقۇچىدىن ھالقىپ، يېڭى ـ يېڭى ئىماگلار ئارقىلىق تۇرمۇشنى تېخىمۇ تىرەن ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە يۈزلەنگەن.

بۇ كىمكىن؟
ئېتىزىدىكى بارلىق خۇشبۇيلۇقنى سېتىۋەتكەن
خەمەكلەر رەسىدە بولغۇچە ساقلاپ.
چۆنەكلەر ھىجراندا قالغاندۇر بوزلاپ،
سويمىلار ئاپتاپقا، ھەريانغا قاراپ . . .
تېرەكلەر، ئوت ـ چۆپلەر، سامانلار ۋە مەن
سۇمۇردۇق ھاۋانى يېنىش ـ يېنىشلاپ

«قوغۇن پۇرىقى» ناملىق شېئىردىن

بۇ شېئىردىكى لىرىكا ئىچىدە ھېكايىنىڭ سۈس ئىزناسى بار. ئۇ (شائىر) نىڭ قېشىدىن قوغۇن باسقان ماشىنا قوغۇننىڭ خۇشپۇرىقىنى تارىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ قوغۇننىڭ خۇشپۇرىقىنى پۇرىغاندا باشتا ئۇھسىنىدۇ، كېيىن بولسا قوغۇننىڭ خۇشپۇرىقىنىڭ نەلەرنى ئاۋات قىلغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى تاپىدۇ. قوغۇن خۇشپۇرىقىنى پۇرىغان جايلار ئۈچۈن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. بۇ شېئىردىن بىر خىل ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزى قىلىۋاتقان كەسىپتىن پەخىر ھېس قىلىش، ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقىغا بولغان سۆيۈنۈش ۋە ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشتەك مەغرۇر كەيپىيات ناھايىتى سۆيۈملۈك شېئىرىي تۇيغۇ ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇھسىنىش، ئۆزى تېرىغان قوغۇنغا، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە بولغان قىيالماسلىق تۇيغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى تەبىئىيلا بۇ تۇيغۇنى بېسىپ كېتىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇنداق شېئىرلىرى خېلى بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەبىئەتتىكى بىزگە يېقىن بولغان، ئۆزىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا يېقىن، مۇناسىپ بولغان ئىماگلار ناھايىتى سۆيۈملۈك قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ئىماگلارنى ناھايىتى جايىدا ئىشلەتكەنلىكتىن، ئوقۇرمەنلەرمۇ بۇ شېئىردىن بىر خىل ئورتاق سۆيۈنۈش، ئورتاق كەيپىياتنى بايقىيالايدۇ ۋە مۇناسىپ شېئىرىي تۇيغۇنى ھېس قىلالايدۇ ھەممىدە ئەڭ ئاخىرىدا شائىر ياراتقان شېئىرىي مەنزىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. مانا بۇنى شائىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەيمىز.

كۆكلەم نۇرىدا ئاغدۇرۇلغان يەر
ئوغۇت مەستخۇشلۇقىدىكى ئېتىز.
تالقانلانغان، ئىنتىزار تۇپراق . . .
كۆكەرگەن ئېرىق قىرىدا سۇنايلىنىپ
شۇنچىلىك شېئىر يازغۇم كەلدى.

«ئالىقانلىرىمغا تۈكۈردۈم» ناملىق شېئىردىن

بۇ شېئىرنى بىز تونۇش مەنزىرىنىڭ يېڭىچە ئىپادىلىنىشى دېسەك بولىدۇ. شائىر ئۆز رېئاللىقىدىكى ھەر قانداق نەرسىگە سۆيۈنۈش، مېھىر ۋە مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنى بىزگە ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىدا بېزەپ كۆرسىتىدۇ. بىر پارچە ئېتىزغا يۈز ئادەم قارىسا يۈز خىل تۇيغۇدا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىر پارچە ئېتىز توغرىلىق يېزىلغان بۇ سۆيۈملۈك مىسرالار ئوقۇرمەنلەرنى ئېتىزلار ھەققىدە، بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئېتىز ھەققىدىكى يېڭىچە

قاراشلىرى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. مانا بۇ شائىرنىڭ تۇرمۇشقا، شېئىرغا بولغان يارقىن پوزىتسىيىسىدۇر. بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرى ناھايىتى گۈزەل، جانلىق ۋە تەسىرلىك ئاياغلىشىدۇ.

ئالىقانلىرىمغا تۈكۈردۈم

ئۈچ مو ئېتىزىمغا نورۇز كەلگەندە ...

بۇ مىسرالار بىزنى بۇ ئېتىزلارنىڭ قېشىدا بىر دەم قالدۇرىدۇ. بىز ئاڭلاپ كەلگەن ئېتىزلار ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى ھەققىدىكى زارلاشلار بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ ناھايىتى گۈزەل بىر مەنزىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بىز دىلمۇھەممەت جەفەرنىڭ شېئىرىدا تۇرۇپ ئېتىزلىرىغا بارغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ سۆيۈملۈك تۇپراقنى ئەزىزلەش تۇيغۇسىدا بولغاندەك بولىمىز. شائىر بىزگە تۇرمۇشىنىڭ كەسمە يۈزىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، تۇپراقنى، ئاتا كەسپىنى ئۇلۇغلاش، باشقىلار قېچىۋاتقان، قىلىشنى خالىمايۋاتقان دېھقانچىلىق، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ناھايىتى چىرايلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. دىلمۇھەممەت شائىر ھەم دېھقان. ئۇ بۇ تۇپراقنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭدىكى زىرائەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى شېئىرلىرىغا سۈرەپ ئەكىرىپ يېڭىچە ئىماگلار بىلەن ئىپادىلەپ سۆيۈنۈشنى بىزگە سۇنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ زامانىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ھەم ئەنئەنىۋى ھەم يېڭى بولغان تۇپراقنى، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ئىدىيەسىنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

دىلمۇھەممەت تەبىئەتنىلا ئەمەس، ئۆز يۇرتىنى، ئۆز خەلقىنى سۆيگۈچى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە مۇھەببەت بىلەن باقىدۇ. ئەسلىنى، يىلتىزىنى ئىزدەيدۇ. مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ھەر شەيئىنى كۆزىتىدۇ. ھەر بىر نەرسە كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ھەم شېئىرغا ئايلىنالايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر سۆيۈنۈش تۇيغۇسىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن بۇ سۆيۈنۈش تۇيغۇسىدىن تەبىئىيلا بەھرىمەن بولىدۇ ھەمدە شېئىرىي مۇھىتقا چوڭقۇر چۆكۈپ ھەر بىر ئىماگنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر ھەزىم قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئۇيغۇر بازارلىرى قاينام

ئۇندا چۆرگىلەۋاتقان داڭگالمەن.

يانچۇقچى مۇردەيدۇ، ئابدال چىرمىشىدۇ

ئۇۋۇلىۋاتقان داڭگالمەن.

قىستىلىپ قارايمەن سىرىقتالدىكى قۇياشقا

تىلەمچىدىن قۇياشقىچە ئىچىم ئاغرىيدۇ.

«ئۇيغۇر بازارلىرىغا قايتىش» تىن

شائىرنىڭ تۇيغۇسىدا ھەممە نەرسە سۆيۈملۈك، لېكىن سۆيۈملۈك بولمايۋاتقان شەيئىلەر، ئىشلار ئۇنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولسا ئۇ ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا باش چايقاپ قويىدۇ. ئەمما بۇ ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى ئارىلىغان بازارلار، بۇ تۇرمۇش ئىچىدە ئۆزىنى كىچىك بىر زەررىچە ھېسابلايدۇ، لېكىن بۇ بازارلاردىكى يانچۇقچى، ئابداللارنى كۆرگەندە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. ھەممە نەرسىگە «تىلەمچىدىن قۇياشقىچە» ئىچى ئاغرىيدۇ. مانا بۇ شائىرلىق يۈرىكى. مانا بۇ شائىرلارنىڭ پەرقى. ئۇ سۆيۈملۈك شەيئىلەردىن سۆيۈنۈش بىلەن بىرگە ھەر قانداق شارائىتتىمۇ ئۆزلۈكىدىن، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكىلەردىن ۋاز كەچمەيدۇ. بۇ شېئىرلاردا ئەكس ئېتىۋاتقىنى دەل مۇشۇنداق بىر تەۋرەنمەس پوزىتسىيىدۇر.

ئۇيغۇر بازارلىرىدا ھەميانىڭ تەرلەر،

ئەمما، ئاچلىقتىن ئۆلمەيسەن.

بىر ناننى ئوغلاقتەك تاشلىسا زامان

مېھرىلىك قىستىلىپ بىر بۇردا يەيسەن.

«ئۇيغۇر بازارلىرىغا قايتىش» تىن

ئاخىرقى مىسرالاردىكى كەيپىيات شائىر سۈرەتلەۋاتقان چۈشكۈن، غەمسىز مىسرالارنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. شائىر مۇھەببەت كۆزى بىلەن قارىغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتلىك بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭمۇ بوينىنى قىسىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئۈمىدلىك مىسرالىرى بىلەن ئۆزىگە، ئوقۇرمەنلىرىگە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ.

دىلمۇھەممەتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تېمىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭقۇر مەدەنىيەت ئىزنالىرىدۇر. ئۇ ئۈمىدلىك دېھقاننى، ئۇھسىنۋاتقان كەتمەننى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن مەستخۇش بولۇۋاتقان ئوغۇتلۇق ئېتىزلارنى يازدى. بۇ ئىماگلارلا ئۇنىڭ خاسلىقىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بەلكى بۇندىن باشقىمۇ تېمىلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىپ تۇرالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ

«يەتتە ئاۋۇش» ناملىق شېئىردا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

«يەتتە ئاۋۇش» ناملىق بۇ ئاتالغۇنى رەھمەتلىك يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ناملىق تىرىلوگىيەسىدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. رومانىدىكى نۇرىنىڭ دادىسى زىيەك بىلەن بىرسى مۇشۇ «يەتتە ئاۋۇش» تا بەسلىشىدۇ. بۇ ئەسلىدە پىرىخۇنلارنىڭ يەتتە ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭلىرى بولۇپ، كېيىن پىرىخۇنلار يوقىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ «يەتتە ئاۋۇش» ى ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ ئورۇندىماق تەس، ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بىر ئاھاڭ تۈرىگە تەۋە بولۇپ، خېلى ماھارەتلىك كىشلەرمۇ بۇ ئاۋۇشلارنى دەل جايىدا ئورۇنداپ بېرەلمەيتتىكەن.

دىلمۇھەممەت جەفەر بۇ شېئىرنى ئىلى پەرە كۇيلىرىدىكى يەتتە ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭغا تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىققان بولسا كېرەك، يەتتە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر بۆلەك ئىككىدىن بەش مىسراغىچە تەركىب تاپقان. بىر بۆلەك ئۆزى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ھەمدە بۇ يەتتە بۆلەك بىرلىشىپ بىر شېئىرنى تەشكىل قىلىدۇ. شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدىن ئالتىنچى بۆلىكىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىزنىڭ تارىخىمىز، چارۋىچىلىق مىللەتتىن تېرىم مىللەتكە تەرەققىي قىلىش، ئات ئۇستىدىن ئېتىز بېشىغا كېلىش، تەكلىماكان بويىدىكى تۇرمۇشتىن تاكى ھازىرغىچە بولغان تارىخ ناھايىتى قىسقا، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. ئەڭ ئاخىرقى بۆلەكتىكى ئۈچ مىسرا بولسا شائىرنىڭ ئۈمىد، ئىشەنچكە تولغان خىتابىدىن ئىبارەت. ئۇ ھەر قانداق قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، ئالغا قاراپ ئۈمىدۋارلارچە ئىلگىرىلەيدىغان روھنى نامايان قىلغان. ھەر بىر ئاۋۇش(ئاھاڭ ئۆزگىرىشى) بىر پەللە بولۇپ، ھەر بىر پەللىدىن بىر مەزمۇن يەككە ھالەتتە تۇرغاندىمۇ ئۆز ئالدىغا مەنە ئۇقتۇرالايدۇ. بۇ يەتتە بۆلەكنىڭ بىر پۈتۈنلىسەك بىر نەچچە كىتاب ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولغۇدەك مەزمۇننىڭ پىرىسلانغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

قۇم ئاستىدا مۇنارلار قالدى.
نۇرغۇن قەبىلە توپلىنىپ ئۇيغۇر ئاتالدى.
نۇرغۇن تەڭرىلەر يوقىلىپ بىرىلا قالدى.
تالاي باسقۇنلاردىن كۆل، ئۇستىخان قالدى.
زېمىندا يارا، روھ چوڭقۇرىدا جاراھەت قالدى.

بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن بۇ تارىخلارنى ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ. دىن ئۆزگىرىش تارىخى، تالايلىغان ئۇرۇش ۋە ئۆزگىرىش خاتىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

ياشىدۇق،
ياشايمىز،
ياشاۋاتىمىز.

بۇ تۈگەنچە مىسرالارنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇرمەن «يەتتە ئاۋۇش» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ بىر شېئىرلا ئەمەس، بىر داستان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى پۈتۈلگەن داستان ئىكەنلىكى ھەققىدە چىن پۈتۈپ قالىدۇ. ماۋزۇ بولمىش «يەتتە ئاۋۇش» نىڭ قاتلاملىق مەنىلىرى ھەققىدە ئويلىنىدۇ. بۇ يەتتە ئاۋۇش ئاھاڭ ئۆزگىرىشتىن چوڭقۇرلاپ، بىزنىڭ يىللار قوينىدىن تىرىشچانلىق، مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى تىركىشىشلىرىمىز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخنىڭ يەتتە ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدەك چوڭقۇرلۇققا باشلاپ بارىدۇ.

دىلمۇھەممەت جەفەر ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان، ئەتراپىدىكى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى يېڭىلاپ كېلىۋاتقان شائىر. ئۇ شېئىرلىرىنى كۆپ ئېلان قىلىپ كەتمەيدۇ، ئەمما ھەر قېتىم مەتبۇئاتتا كۆرۈنگەندە ئۆزىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇ بىر دېھقان، شۇڭا مىسرالىرىدىن دېھقانلارغا خاس ئىماگلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ قەلەمنى تار بىر يولدا ئەمەس، كەڭ بىر پەللىدە چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ دېھقانچىلىق، ئېتىز، تۇرمۇش غېمىنىڭ بىز بايقىمىغان تەرەپلىرىنى بايقاپ ئۈلگۈردى. لېكىن ئۇلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپلا توختاپ قالمىدى. ياكى ئېتىز بېشىدىن ئىبارەت بۇ تېما بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بەلكى ئۇنىڭ قەلىمى ئۆزىنىڭ ۋە قوۋمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھازىرقى رېئاللىقى ھەققىدىكى ئويلىرىنى ئىپادىلەپ ئۈلگۈردى. مانا بۇ ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقى.

(ئاپتور چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net




يېقىندا مەن يالقۇن روزىنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى **2013** ـ يىللىق **3** ـ سانىغا بېسىلغان «ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. ماقالىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇۋېتىپ، مۇئەللىپنىڭ ئىلى يېڭى مائارىپى تارىخىدىن ئىبارەت «بوز تېما» ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلغانلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى ماقالە ـ ئەسلىمىلەردە كۆرۈلۈۋاتقان بەزى مەسىلىلەرگە تەنقىدىي مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچى بولغانلىقىدىن خېلىلا خۇرسەن بولغان ئىدىم.

تولىمۇ ئەپسۇس! ماقالىنى ئېچكىرىلەپ ئوقۇغانسېرى بۇ خۇرسەنلىكىمنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى. مۇئەللىپنىڭ ماقالە يېزىشتىكى مۇددىئاسى بىلەن ماقالىدا ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان مەۋقەسىنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئىكەنلىكى، ماقالىغا ئىنتايىن قويۇق ئىنكارچىلىق خاھىشىنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكى مېنى ئۈركۈندۈردى.

ماقالىدا سادىر قىلىنغان بىرىنچى چوڭ خاتالىق ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن بالدۇر باشلانغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى مەيلى ئۇنىڭ توغرا ياكى قىسمەن توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قارىقويۇق ئىنكار قىلىشتا كۆرۈلىدۇ.

تۆۋەندە، مەن يالقۇن روزى زورۇقۇپ ئىنكار قىلماقچى بولغان «بەش خىل قاراش» ئىچىدىكى «بىرىنچى خىل قاراش» نىڭ تارىخىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە توختىلىمەن.

بۇ قاراش مۇھەممەتخان كامالنىڭ «ئىلىدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى ــ ئۇسۇلى قەدىم ۋە ئۇسۇلى جەدىد توغرىسىدا» ناملىق ئەسلىمىسىدىكى «ئاتىمىز مەرھۇم ئابدۇمۇتائالى كامالى (خەلپەم) ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرى»، «**1895** ـ يىلى ئەلاباي مەسچىتىگە چۈشۈپ، بالا يىغىپ **40** چە ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتتى.» دېگەن قۇرلاردىن كەلگەن بولۇپ، بۇ قاراش يالقۇن روزىنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى **1899** ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار تەرىپىدىن ئۇستىنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپتىن باشلانغان.» دېگەن بىرتەرەپلىمە قارىشىنى تەۋرىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئومۇم تەرىپىدىن تولۇق ئېتىراپ قىلىنماي كېلىۋاتقان بۇ قارىشىنى «مۇتلەق ھەقىقەت» سۈپىتىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە قوبۇل قىلدۇرۇش يولىدا تىنماي ئات چاپتۇرۇۋاتقان مۇئەللىپنىڭ ئوغىسى ئۆشتۈمتۇت قايناپ ـ دە، ئۇنىڭ «ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى» نى جان ـ جەھلى بىلەن ئىسپاتلاش كويىغا چۈشىدۇ.

ئۇ بۇ مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، ھەتتا تارىخ ۋە ھەقىقەت روھىغا تىغ تەگكۈزۈشتىنمۇ ھېيىقمىغان بولۇپ، ئىلى خەلقىنىڭ يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش يولىدىكى دادىل ئۇرۇنۇشلىرى ۋە بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن جانپىدالىقنى خۇپسەنلىك بىلەن مەسخىرە قىلىدىغان «قەشقەردىكى جەدىدچە مەكتەپ ئابدۇلكەرىم ئەپەندى ئۇستىنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئاچقان (ھۇسەينىيە) مەكتىپىنى كۆرسىتىدۇ. غۇلجىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنى كىملەر ئاچقان بولۇشى مۇمكىن؟ يۇقۇرىقى بايانلاردا كۆرسىتىلگەندەك (ھۇسەيىن باينىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى) ئاساسىدا ئېچىلغانىمۇ ياكى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن

شۇغۇللىنىۋاتقان رۇسىيەلىك تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇلار تەرىپىدىن ئېچىلغانمۇ ۋە ياكى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم تەرىپىدىن 1895 ـ يىلى ئېچىلغانمۇ؟ مېنىڭچە ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم 1895 ـ يىلى ياركەنتتىكى ئابدۇراھمان داموللا دېگەن تاتار كىشىدىن جەدىتچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىپ غۇلجىدا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان، دېگەن قاراشنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ قاراشتا مەن باشتا ئېيتقاندەك مەلۇم دەرىجىدە ئاساس بار. لېكىن بۇ ئاساس بۇ قاراشنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرۇشىغا يېتەرلىك ئەمەس.» دېگەندەك پەلسەپىتىش گەپلەرنى قىلىدۇ.

يالقۇن روزى قازانلىق ۋەلىشاھ غالىئەكبەرېۋنىڭ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1902 ـ يىلى 3 ـ ئاۋغۇستتىكى سانىغا بېسىلغان خەۋىرىدىكى «ھۈسەيىن مۇسابايېۋ يەنە بىر ھاجى سوفى ئوغلى مەسۇم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇرنى جەدىدچە ئۇسۇلنى پۇختا ئۆگىنىپ كېلىشكە باغچەساراي شەھىرىگە ئەۋەتكەن. بۇ مەسۇم ئەپەندى قەشقەر ۋە غۇلجىدا جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان.» دېگەن قۇرلارنى ئېنىق ئەسكەرتكەن تۇرۇقلۇق «ئىلىدا مۇنتىزىم يېڭى مائارىپنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى بىرقەدەر كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغان قاراش مەسۇم ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن.» دېگەندىن ئىبارەت ئۆز مۇددىئاسىغىلا پايدىلىق، ئەمما، تولىمۇ مەنتىقىسىز خۇلاسىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

ئۇ گەرچە مۇھەممەتخان كامالى ئەسلىمىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىسىز ئىككى گۇمانلىق نۇقتىنى ئەسكەرتكەندە، ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەمنىڭ غۇلجىدا مەكتەپ ئېچىپ، ئۇسۇلى جەدىدنى ئېلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشنىڭ «مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان قاراش» ئىكەنلىكىگە چىنپۈتسىمۇ، بۇ مەكتەپنىڭ «دىنىي مەكتەپ» لىك خاراكتېرىنى ئالاھىدە پۈرىتىپ، ئۇنىڭ جەدىدچە مەكتەپلىك خاراكتېرىنى قەستەن ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. مۇھەممەتخان كامالىنىڭ بايىقى ئەسلىمىسىنى ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان 1895 ـ يىلىدىن ئالاھەزەل 90 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يازغانلىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق خۇددى تۇغۇمدىن تۇلۇك ئىزدىگەندەك ئۇنىڭ چىنلىق دەرىجىسىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ غۇلجا تاتارلىرى «مەكتەبى نۇر» نامىدا قىزلار مەكتىپى قۇرغان ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا «نۇر قىرائەتخانىسى» ئاچقان «1914 ـ يىلى» نى «1910 ـ يىلى» قىلىپ يېزىپ قويغانلىقى ۋە مەكتەب قۇرۇش تەشەببۇسكارىنى «ئابدۇللا بوبى» دېمەي، «كەشفۇلئەسرار داموللام» دەپ ئالغانلىقىدەك كىچىككىنە سەۋەنلىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، ئىلى خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىززەت ـ ئېھتىرامىغا ئېرىشكەن بۇ لەۋزى ھالال زاتنى ئاساسسىز پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان چاكىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. ھەتتا، «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» ئىكەنلىكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي، «مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ماقالىسىدا ‹1895 ـ يىلى› دېگەن يىلنامىنى دەلىل ـ ئىسپاتسىز ئوتتۇرىغا قويغان.» دېگەن سۆزىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىۋالىدۇ. قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېۋ بىلەن نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوفلارنىڭ يازمىلىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز مۇددىئاسىغا بويسۇندۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، «مۇرات ھەمرايېۋ بىلەن نەزەرغوجا ئابدۇسەمېتوفنىڭ ماقالىلىرىدىكى ئۇچۇرلار ياركەنتنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنىڭ 1895 ـ يىلى ئۇ دەرىجىدە ئۇستىن ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.» دېگەن يۈزە خۇلاسىگە كېلىدۇ.

مۇئەللىپ «مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپىتىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق، مۆتىۋەر كىشىدۇر. ئۇ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى يازغان بولۇپ، ئىشەنچىلىك دەرىجىسى خېلىلا يۇقۇرى.» دېگەننى نومۇس كۈچىدىن تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ زاتنىڭ ئادىمىيلىكىدىن شۈبھىلەنگەنلىكىنى راۋرۇس چاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ، مۇھەممەتخان كامالىنىڭ بۇ ھەقتە يالغان ئېيتمىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ «ياركەنت شەھىرىدە ھەققەتەن ئابدۇراھمان داموللا دېگەن كىشىنىڭ بىر مەزگىل تۇرغانلىقى توغرا بايان قىلىنغان. ئابدۇللا بوبى بۇ ئۇچۇرنى 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى غۇلجىغا كېلىپ، تاتار قىزلار مەكتىپى بىلەن ئوغۇللار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلاپ بىرەر ئاي ئۆتمەي، غۇلجىدىكى رۇسىيە كونسۇلى تاتارلار ئۈچۈن تەيىنلىگەن فازىلجان

ئاقساقال دېگەن كىشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا بايان قىلغان.» دېگەن سۆزى ئارقىلىق قىسمەن ياقلىغان بولسىمۇ، ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەمنىڭ غۇلجىدا مۇسابايېفلاردىن بۇرۇن جەدىدچە مەكتەپ قۇرۇپ، ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى سىستېمىلىق رەۋىشتە ئەكىرگەن تۇنجى جەدىدچى ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلىش غەرىزىدىن پەقەتلا يانمايدۇ.

ئۇ يەنە ئابدۇللا بوبىنىڭ شەخسىي خاتىرىسىدىكى «بۇنىڭدىن بۇرۇن، بىزدىن مۇسابايېفلارغا مۇئەللىم بولۇپ كەلگەن ئابدۇلمۇتەللىپ ئىلكايېفنىمۇ فازىلجان ئەپەندى يولغا سېلىپۋەتكەن ئىكەن. مېنىمۇ ئۇ، ئابدۇلمۇتەللىپنى يولغا سېلىۋەتكەندەك يولغا سېلىۋەتمەكچى ئىكەن. لېكىن ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمىدى.»، « ئۇنىڭ پۈتۈن مەقسىتى ھەركىمنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشتۇر. ئۆزىگە بېقىنمىغان، ئۆزىدىن پازىل بىر ئادەمنى ھەرۋاقىت بار كۈچى بىلەن بوزەك قىلىشقا، يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدۇ. ياركەنتتىكى دامولام ئابدۇرەھماننىمۇ ئۇ خاراب قىلغان. پىتنە توقۇپ ئىناۋىتىنى تۆككەن. » دېگەندىن ئىبارەت خۇسۇسىي ئاداۋەت پۈرىقى قويۇق ۋايساشلىرىنى بىردىنبىر پاكىت سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىپ، «بۇ ئۇچۇردىن بىز ئابدۇراھمان دامولىنىڭ ياركەنتتە قاچان تۇرغانلىقىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز.» دېگەن مۇجمەل قاراشنى يورغىلىتىدۇ.

ئەمدى مەن يالقۇن روزى ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش «دەلىل ـ ئىسپاتلار» نىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى باھالاپ ئۆتىمەن:

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم ياركەنتتىكى ئابدۇراھمان دامولla دېگەن ئالىمنىڭ قولىدا ئوقۇغانمۇ ـ يوق؟، ئۇنىڭ 1895 ـ يىلى غۇلجىدا جەدىدچە مەكتەپ ئاچقانلىقى تارىخي ھەقىقەتكە ئۇيغۇنمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ دېگەن نازۇك مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

مانا بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، خەلپەم ھەزرەتىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراھمان ھاجىنى ئىزدىدىم. ئۇ ماڭا: «دادام مۇھەممەتخان كامالىنىڭ ئېيتىشىچە، بوۋام ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەمنىڭ تەكتى قورغاس مازاردىن بولۇپ، **1881** ـ يىلىدىكى ‹كۆچ ـ كۆچ› تە، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ياركەنتكە كۆچۈپ چىقىپتۇ. دەسلەپتە كونا قورغاسلىق موللا ئىبلى دېگەن شائىردا، كېيىن ياركەنت مەدرىسەسىگە كىرىپ، شائىر موللا بىلال نازىمنىڭ ۋە مەشھۇر دىنىي ئالىم، شائىر نىزامىدىن ئاخۇنۇمنىڭ قولىدا ئوقۇپتۇ. بۇ دەل ئابدۇراھمان مشارالىيا دامولام دېگەن تاتار ئالىمنىڭ ياركەنتتە جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، نىزامىدىن ئاخۇنۇم بىلەن بىللە «ياركەنتتىكى ئىككى پازىل» دەپ ئۇلۇغلانغان چاغلىرى ئىكەن. دامولامنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان خەلپەم بوۋام ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئوقۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ خەلپەم بوۋامغا: ‹ھازىر قولۇمدا دىنىي دەرس ئۆگەنگۈچىلەر جىق. ئىلىدىن كەلگەن ئاسپىئاخۇن، ياقۇپبايلارمۇ دىنىي ئىسلامدىن دەرس ئېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇسۇلى جەدىدنى ئوقۇغىن! ئەگەر، ئۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىشنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.› دەپتۇ. خەلپەم بوۋام ياركەنتتە ئوقۇپ «ئېرشادنامە» ئالغاندىن كېيىن، جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن، غۇلجىغا قايتىپ كەپتۇ.

خەلپەم ھەزرەت بوۋىمىز **1895** ـ يىلى ئەتىيازدا، غۇلجا مەھكىمەئى شەرئىنىڭ ئىجازىتى بىلەن سۈدەرۋازا مەھەللىسىدىكى ‹ئەلاباي مەسچىتى› گە ئىمامەتچىلىككە قويۇلۇپتۇ. جامائەتنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن، مەسچىت قورۇسى ئىچىگە جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپتۇ ۋە دەسلەپ **40** نەپەرچە بالىنى يىغىپ ئوقۇتۇپتۇ. شۇ يىلى كۈزدە، ئابدۇقادىر ئاقساقال باشلىق ئاتا ـ ئانىلار ۋەكىللىرى ئالدىدا بالىلاردىن ئوچۇق ئىمتىھان ئاپتۇ. ئۇلار دوسكىغا بىر بىرلەپ چىقىپ، ئىملا يېزىپتۇ، تۆت ئەمەل بىلەن ھېساب ئىشلەپتۇ، جۇغراپىيە دەرسىدە ئۆگەنگىنى بويىچە خەرىتىنى چېنەپ تۇرۇپ، قىتئەلەر ۋە ئۇنىڭغا جايلاشقان شەھەر، مەركەزلەر، تاغ ـ دەريالارنىڭ ئورنى، نامىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ. جامائەت بۇ بالىلارنىڭ خەلپەم بوۋىمىزنىڭ قولىدا ئوقۇپ ناھايىتى تېزلا ساۋادلىق بولغانلىقىنى كۆرۈپ، مەمنۇن بولۇپتۇ ۋە بالىلارنىڭ تار سىنىپتا قىستىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەكتەپنى كېڭەيتىش قارارىغا كەپتۇ. ئابدۇقادىر ئاقساقال مەھكىمەئى شەرئىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، مەكتەپنى ئۆزىنىڭ

تۆتكۈۋرۈك مەھەللىسىدىكى قورۇ ـ جايغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپتۇ. بۇ مەكتەپ جامائەتنىڭ قوللىشىدا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، بىر مۇدىر، تۆت ئوقۇتقۇچى، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار تۆت سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە ئايلىنىپتۇ. مەكتەپ نامىمۇ خەلپەم بوۋىمىزنىڭ مۇبارەك ئىسمىغا يارىشا‹تائالىيە مەكتەپ› دەپ ئاتىلىپتۇ. 1911 ـ يىلى بوۋىمىزنىڭ تىرەكمازاردىن قورۇ ـ جايلىق يەر سېتىۋېلىشى بىلەن تېخىمۇ كېڭىيىپ، رۇشتى (يەتتە يىللىق) مەكتەپكە تەرەققىي قىلىپتۇ.

ئابدۇراھمان مىشارلىيا داموللام دەل مېنىڭ ئانا جەمەت بوۋام بولىدۇ. ئابدۇراھمان بوۋام ئالاھىدىن (تاتارچە غەلەتدىن)، خەلىمە، خەنىپە، خەدىچە ئىسىملىك تۆت پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولۇپ، كىچىك قىزى خەدىچەنى يەنى مېنىڭ رەھمەتلىك ئاپامنى خەلپەم بوۋامنىڭ چوڭ ئوغلىغا يەنى دادام مۇھەممەتخان كامالغا چېتىپتۇ. خەلپەم بوۋام ئابدۇراھمان بوۋىمىزنى چىن ئىخلاس بىلەن يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، ماڭا ئەنە ئاشۇ زاتنىڭ ئىسمىنى قويغان ئىكەن. دادامنىڭ ئەسلىشىچە، ئابدۇراھمان بوۋام ياركەنتتىن غۇلجىغا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، ئىلىدىكى شاگىرتلىرىنى يوقلاپ كەتكەن ئىكەن. ئۈئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنراق ۋاپات بولۇپتۇ ۋە ياركەنتتىكى تاتار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. 1989 ـ يىلى ياركەنتكە بارغىنىمدا، «نوغاي مەدرىسەسى» بىلەن مەرھۇمنىڭ قەبرىگاھىنى كۆرۈپ قايتتىم.» دېدى.

مىرقاسىم گوسمانوف «ئىسمائىل گاسپىرالى ۋە شىنجاڭدا يېڭى ئۇيغۇر مائارىپى» ناملىق ماقالىسىدا، «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1901 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «غۇلجىدىكى جەدىد مەكتەپلىرىدە 500 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. ئىمتىھان بايرام مەزگىلىدە ئېلىنىدى.» [1] دېگەن خەۋەرنى مىسالغا ئالىدۇ. مانا بۇ خەۋەر ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم قاتارلىقلارنىڭ غۇلجىدا جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن ئوچۇق ئىمتىھان ئالغانلىقىغا ئىسپات بولالايدۇ.

خوش. يالقۇن روزىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئېنىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي چىقارغان «ئابدۇراھمان دامولللىنىڭ ياركەنتتە قاچان تۇرغانلىقىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز.» دېگەن ھۆكۈمى قىپ ـ قىزىل يالغان بولۇپ چىقمىدىمۇ!؟ ئۇنىڭ «ئادالەتنىڭ قازىسى» دەك چورتلا كېسىپ ئېيتىۋەتكەن «قىسقىسى، ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ئىلىدا ئۇسۇلى جەدىد ئوقۇتۇشىنى يولغا قويغان پېشىۋا مائارىپچىلاردىن ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، پاكىت يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئاساس كۈچلۈك بولمىغاچقا تۇنجى جەدىدچى دېگەن ئاتاققا نائىل بولالمايدۇ.» دېگەن تاقا ـ تۇقا گەپلىرىگە نېمە دېگۈلۈك؟

غۇلجىدىكى تارىخ بىلىمى مول زىيالىيلاردىن پولات بۇرھان ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم ئوغلى مۇھەممەتخان كامالنىڭ تارىخقا ئىنتايىن ھېرىسمەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى نۇقۇل دىنىي ئىلىم ئۆگىنىشكىلا زورلىماستىن، تارىخقا ئائىت بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان ئىكەن. ئۇ، ئاتىسىنىڭ رىغبىتى بىلەن بېرىلىپ تارىخ ئۆگىنىپ، ئىلى تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغان «تىرىك تارىخ» لاردىن بولۇپ چىقىپتۇ. شۇڭا، تېيىپجان ھادى قاتارلىق تارىخ ئىخلاسمەنلىرى ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلاتتىكەنتۇق. دەڭلارا، مانا مۇشۇنداق تارىخىي ھەقىقەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بىر زاتنىڭ ئۆز يىلتىزى، بىۋاستە تۇغقانلىرى ھەققىدە خالىغانچە توقۇلما قىلىشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر!؟

يۇقۇرىقى ئەسلىمە خەلپەم ھەزرەت ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن راست ئىشلارنى بىرىنچى قول ماتېرىيال قىلغان بولۇپ، ئەسلىمە ئېلان قىلىنغان 1984 ـ يىلى ئىلىدا خەلپەم ھەزرەتنىڭ زامانداشلىرى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ شاھىدلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ھايات بولۇپ، ئەگەر ئەسلىمىدىكى بايانلاردا ساختىلىق ۋە يېتەرسىزلىك بولسا ئۇلار قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماي رەت قىلىۋەتكەن بولاتتى.

يۇقۇرىقىلاردىن بىز ئابدۇمۇتائالى خەلپەمنىڭ ياركەنتتىكى ئابدۇراھمان مىشارلىيا دامولامنىڭ قولىدا ئوقۇغانلىقىنى ۋە 1895 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ جەدىدچە مەكتەپ ئاچقانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز.

«تائالىيە» مەكتەپ تەرىپىدىن 1916 ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ 4 ـ سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ئابدۇلخەمىت ئابدۇلۋەكىلگە تارقىتىپ بېرىلگەن «ئىمتىياز» گۇۋاھنامىسى سۆزىمىزنىڭ

چىنلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ (مۇقاۋىغا قاراڭ).

يالقۇن روزى ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن بالدۇر باشلانغانلىقىغا ئالاقىدار قاراشلارنى ئىنكار قىلغاندا، «ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقىغا ئائىت يۇقۇرىقى بەش خىل قاراشتىن باشقا مەن كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغان ئالتىنچى، يەتتىنچى قاراشلار بارمۇ؟ خەۋىرىم يوق.» دېيىش ئارقىلىق ئىلىنىڭ مائارىپ تارىخىدىن ئانچە خەۋىرى يوقلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك تارىخىي پاكىتلار بار:

**1770**-يىلى غۇلجا شەھرىدە «بەيتۇللا مەسچىدى» ۋە ئۇنىڭ يېنىغا «بەيتۇللا مەدرىسەسى» ياسىلىشقا باشلاپ، **1773**-يىلى پۈتىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن، بالىلارنى ئەنئەنىۋى مائارىپ شەكلى يەنى «ئۇسۇلى قەدىم» بويىچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان. **1840**-يىلى «بەيتۇللا مەدرىسەسى» گە يانداپ «بەيتۇللا مەكتەپ» ئېچىلىدۇ.

**1851**-يىلى «جۇڭگو-رۇسىيە تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، رۇسىيە پۇقرالىرىغا سودىدا كەڭ پۇرسەت ۋە پايدىلىق ئىمتىيازلار بېرىلىدۇ. نەتىجىدە رۇسلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق رول ئوينىۋاتقان تاتار سودىگەرلىرىنىڭ ئىلىغا كۆپلەپ كېلىشى ۋە ئىلىدىن يەر-زېمىن سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلىشىشىغا يول ئېچىلىدۇ. ئىلى خەلقى روسىيە زېمىنىغا چىقىپ سودا قىلىش ۋە روسىيە ئارقىلىق تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا يېڭىلىق كىرگۈزۈش ئارزۇسى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئېشىپ، ئىلىدىكى مەكتەپ- مەدرىسەلەردە دىنىي دەرسلەرگە پەننىيلەشكەن مەزمۇنلارنى تەدبىقلاپ ئۆتۈش رىئاللىقتا ئايلىنىشقا باشلايدۇ.

ئەجدادلىرىمىز قۇرغان «ئالمالىق» قەدىمكى شەھىرى خەلقى تارىختا ئاجايىپ مەدەنىيەت سەلتەنىتى ياراتقان ئىدى. بۇ شەھەر گەرچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىدىن كېيىنكى تۇرلۇك يېغىلىقلار سەۋەبىدىن خارابىلاشقان بولسىمۇ، «ھەسەل ئالغان قاچىدا يۇقۇسى قالىدۇ» دېگەندەك ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولغان قورغاس مازارلىقلار ئەجدادلىرى ياققان مەدەنىيەت ۋە مائارىپ مەشئىلىنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆچۈرمەي كەلدى. ئالمالىقلىق ئالىم جامال قارشىنىڭ دادىسى مۇھەممەت سادىق بۈزۈرۈكۋار ئاچقان مەدرىسەنىڭ كېيىنكى مۇددەرىسلىرىدىن قورغاس مازارلىق خەلپەت مەۋلانىدىن (**1810**-**1738**) بىلەن ئوغلى خەلپەت قاھاۋىدىن (**1888**-**1786**) نى ۋە ئۇنىڭ ياراملىق شاگىرتى خەلپەت زاھىت ئەپەندى (**1871**-**1845**) ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى.

خەلپەت قاھاۋىدىنلارنىڭ ئائىلىسى مەدرىسە ئېچىپ، ئەۋلاد تەربىيەلەشنى جەمەت ئەنئەنىسى قىلغان بولۇپ، **1855**-يىلى ئۇ يۇرت چوڭلىرىدىن ئابدۇساتتار ئاقساقال، ئىسمائىل شەيخ، غوجا ئابدۇكېرىم قاتارلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن دادىسى **1770**-يىلى ئاچقان كونا مەدرىسە ئاساسىدا، «مۇھەممەت سادىق ئاتام مازىرى» نىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئىككى سىنىپلىق كونىچە مەكتەپ ئاچىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىسلام ئەقىدىسىدىن باشقا يەنە قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، كاماندازلىق، قامچىگەرلىك، مىلتىق دورىسى ياساش ۋە پارتىلىتىش ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ. **1858**-يىلى ئۇ شاگىرتى زاھىتنى غۇلجىدىكى تاتار سودىگەرلىرىگە قوشۇپ قازان شەھرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ قازاندا ئوقۇپ رۇسچە ئۆگەنگەندىن كېيىن، تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىگە بېرىپ ئوقۇيدۇ. **1862**-يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇستازى قاھاۋىدىن خەلپەت ئاچقان مەكتەپتە دەرس ئۆتىدۇ. خەلپەت قاھاۋىدىن **1864**-يىلى جەڭ ماھارىتىگە ماھىر **11** نەپەر شاگىرتىنى باشلاپ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاتلانغانلىقتىن، مەكتەپ ۋاقتىنچە تاقىلىدۇ. زاھىت خەلپەت ئۆز ئۆيىدە بالا ئوقۇتۇۋېرىدۇ. **1867**-يىلى ئۇستازى جەڭدىن قايتىپ كېلىپ مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. زاھىت خەلپەت ساۋاقدىشى غوجا ئابدۇرېھىم بىلەن بىللە داۋاملىق خەلپەتلىك قىلىدۇ. ئۇستازىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىغا تۈركىيەدە ئۆگەنگەنلىرى بويىچە يېڭىلىق كىرگۈزۈپ، دىنىي دەرسلەرگە تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب، ئىنشا، ئىملاغا ئائىت دەرسلىكلەرنى قوشۇپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن، جۇغراپىيەدە تۈركىيەدىن ئەكەلگەن خەرىتىگە قاراپ دەرس ئۆتۈپ، بالىلار ۋە ئاتا-

ئانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ دىيارىمىزدا ئۆزىنى «ئەپەندى» دەپ ئاتاشنى تۇنجى قېتىم تەشەببۇس قىلغان كىشى بولغاچقا، زاھىت ئەپەندى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان غۇلجا جامائىتى 1869 ـ يىلى ئۇنى غۇلجا شەھەر «بەيتۇللا» مەدرىسە مەسچىتى يېنىدىكى «بەيتۇللا مەكتەپ» نىڭ مۇئەللىملىكىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىدۇ. مەكتەپ نامى ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىلى مەكتەپ» كە ئۆزگەرتىلىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىك مەزمۇنلىرىنىمۇ يېڭىلاپ، دىنىي دەرسلەرگە پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ. 1870 ـ يىلى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ مولللار ئەلاخان سۇلتانغا «زاھىت ئەپەندى بالىلارنى ئۆزى بىلگەنچە ئوقۇتۇپ، دىندىن ئازدۇرىۋاتىدۇ. ئىلىنىڭ ئۇ يېقىدا سايرام، بۇ يېقىدا قورغاس، دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىۋاتىدۇ. ئۇ تېخى سىزدىن تەخت تالاشماقچى...» دېگەندەك يوقىلاڭ بەدنامىلار بىلەن شىكايەت قىلىدۇ. مەھكىمەئى شەرئى قازىلىرى زاھىت ئەپەندىنى ئۆز يولىدىن قايتىشقا ھەرقانچە زورلىغان بولسىمۇ، ئۆز سۆزىدە قەتئىي چىڭ تۇرىۋالغانلىقتىن، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، 1871 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 26 يېشىدا غۇلجىدا ناھەق دارغا ئېسىلىدۇ.

1875 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدىن راشىدىن، مەنسۇر قاتارلىق كىشىلەر يەتتەسۇ ئارقىلىق تۈركىيەگە چىقىپ ئوقۇپ كېلىپ، «ئىلى مەكتەپ» تە زاھىت ئەپەندىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان ئارىئۆستەڭلىك تاھىر خەلپەت، موللا بىلال نازىمى، سېيىت مۇھەممەت قاشى، ئابدۇللا ھاپىزلار بىلەن بىللە مۇئەللىملىك قىلىدۇ. دەرسلىك مەزمۇنلىرىنى قايتىدىن يېڭىلاپ، تىل، ھېساب، ئىسلام تارىخى، جۇغراپىيە، ئەخلاق، ئىملا، ئىنشا قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتىدۇ.

1875 ـ يىلى تاتار مەرىپەتچىسى شاخابىدىن مارجانىينىڭ مەسلەكداشلىرىدىن مۇھەممەدى ھاجى سالىخوف قازاندىن ياركەنتكە كېلىپ مەسچىد ۋە مەدرىسە سالدۇرۇپ، «ئۇسۇلى قەدىم» بويىچە بالا ئوقۇتىدۇ. ياركەنتلىكلەر ئۇنىڭ مەسچىدىنى «نوغاي مەسچىدى»، ئۇ ئاچقان مەدرىسەنى «نوغاي مەدرىسەسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ 1880 ـ يىلى ئوغلى ئابدۇراھماننى قازان شەھرىگە ئەۋەتىپ، تاتار ئالىمى شاھابىدىن مارجانىي ئاچقان مەدرىسەدە، 1883 ـ يىلىدىن كېيىن، جەدىدچە مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. ئابدۇراھمان 1885 ـ يىلىدىن باشلاپ دادىسى ئاچقان مەدرىسەدە مۇدەررىس بولىدۇ. كېيىنچە ئۇ بۇ مەدرىسنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ، جەدىدچە دەرس ئۆتۈلىدىغان رۇشتى (يەتتە يىللىق) مەكتەپكە ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا، ياركەنت خەلقى ئۇنى «ئابدۇراھمان مىشارلىيا داموللام»، «نوغاي داموللام» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى بولغاچقا، «ئېرشادنامە» ئالالايدىغانلار ساناقلىقلا ئىدى. قورغاس مازارلىق ئابدۇمۇتائالى كامالى، غۇلجىلىق ئاسپاخۇنۇم، چاپچاللىق ياقۇپباي، چۆلۈقايلىق ئەمرۇللا خەلپەتلەر دەل مۇشۇ مەكتەپنى تولۇق تاماملاپ، خەلپەتلىك «ئېرشادنامە» سىغا ئېرىشىدۇ.

1875 ـ يىلى قورغاس مازارلىق غوجامبەردى خەلپەت جامائەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، كىچىك مازار كەنتى چوڭ كوچىسىدىكى ھاپىزباي مەسچىدىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تۆت سىنىپلىق دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، 60 نەپەر بالىنى ئوقۇتىدۇ. بۇ مەكتەپ «مازار مەكتەپ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەكتەپتە دىنىي دەرسلەرگە ئانا تىل، ھېساب، ئىملا، ئىنشا، خۇشخەت، رەسىم، تەنتەربىيەدىن ئىبارەت پەننىي دەرسلەرمۇ قوشۇپ ئۆتۈلىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپنى ھەقىقىي پەننىي مەكتەپكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1895 ـ يىلى ئوغلى ئابدۇللا غوجامبەردىنى سودىگەرلەرگە قوشۇپ تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدىكى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. 1896 ـ يىلى قورغاس مازارلىق ئەمىردىن خەلپەت ئالمۇتادا جەدىدچە مەكتەپتە ئوقۇپ ياركەنتتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان سېپپئايىم توختىيېۋاغا ئۆيلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قورغاس مازاردا مەخسۇس جەدىدچە قىزلار مەكتىپى ئېچىپ بېرىدۇ. سېپپئايىم دەسلەپ 30 نەپەر قىز ئوقۇغۇچىنى يىغىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئىككى سىنىپقا ئايرىپ ئوقۇتىدۇ. قورغاس جامائىتى بۇ مەكتەپنى «قىزلار مەكتەپ» دەپ ئاتايدۇ. 1905 ـ يىلى ئىستانبۇلدىكى پەننىي مەكتەپتە ئون يىل ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇللا غوجامبەردى دادىسى قۇرغان «مازار مەكتەپ» نى تەرتىپكە سېلىپ، پەننىي دەرسلەرنى ئاساس قىلىدىغان جەدىدچە مەكتەپكە ئايلاندۇرىدۇ. 1910 ـ يىلى ئەمىردىن خەلپەت بىر قېتىملىق سىرلىق ھارۋا

ۋەقەسىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سېپىئايىم غوجامبەردى خەلپەتنىڭ ئەمرىگە ئۆتىدۇ. **1914** ـ يىلى ئابدۇللا غوجامبەردى «مازار مەكتەپ» بىلەن سېپىئايىم باشقۇرىۋاتقان «قىزلار مەكتەپ» نى بىرلەشتۈرۈپ، تۆت يىللىق پەننىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «نىجات» مەكتەپ دەپ نام بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار مۇنتىزىم سىنىپلارغا ئايرىلىپ، ئۇلارغا قۇرئان، ھەدىس شەرىف، ئىسلام ئومۇمى تارىخى، ئانا تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تارىخ، خۇشخەت، قول ئىشى، ئەرەپ تىلى، ئىملا، ئىنشا، كىشىلىك مۇئامىلە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتىلىدۇ.

قەدىمكى «قارناق» شەھىرىنىڭ ئىزناسى قالغان قاينۇق يېزا خەلقى ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان مەرىپەتچىلىك ئەنئەنىسىنى ئۈزۈلدۈرمەيدۇ. **1800** ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىلا، قاينۇقتىكى ئارىئۆستەڭ، چەجە، شەرباغدىن ئىبارەت ئۈچ يۈزلىك مەسچىدلىرىدە دەرسخانىلار ئېچىلىپ، كونىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇش ئىشلىرى جانلانغان ئىدى. بولۇپمۇ، **1850** ـ يىللاردىن كېيىن، قاينۇقتا ئىستىقامەت قىلغان مۇتەپەككۇر شائىر ۋە مەرىپەتچى موللا ئەلەم شەھيارى (شاھبەگمۇ دېيىلىدۇ) ۋە ئۇنىڭ مۇھەممەت توختى قاتارلىق ئوغۇللىرى ھازىرقى قاينۇق جامىئە مەسچىد (بۈرۈنقى چەجە مەسچىد) قارمىقىدا، بىر قەدەر مۇكەممەل ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، يىلىغا **150** نەپەرچە بالىنى ئوقۇتۇپ، قاينۇق ئەنئەنىۋي مائارىپىنى گۈللەنگەندۈرىدۇ. **1875** ـ يىلى مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما مۇھەممەت باراتسوپى ھاجى جامىئە مەسچىدىنىڭ شىمالىغا كارىدورلۇق قىلىپ ئىككى ئېغىزلىق مەكتەپ سېلىپ، ئۆزى تەكلىپ قىلغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن بىللە دىنىي دەرسلەرگە چاغاتاي يېزىقى، ھېساب، ئەخلاق، خۇشخەت، ئىنشا قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتىدۇ. بۇ مەكتەپ «مۇھەممەت باراتسوپى مەكتىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. **1885** ـ يىلى مۇھەممەت بارات سوپى ھەج سەپىرىگە مېڭىش ئالدىدا، مەكتەپنى قىزى ھەمزىرىخانغا ئاتىمراس قىلىپ قالدۇرىدۇ. غۇلجا شەھىرىدىن چىققان «قارىي داموللام» دېگەن كىشىنى ئوقۇتۇشقا مەسئۇل قىلىدۇ. **1886** ـ يىلى مۇھەممەت باراتسوپى ھاجىنىڭ مەككىدە ۋاپات بولۇشى، قىزىنىڭ غۇلجىغا كۆچۈپ كېتىشى بىلەن مەكتەپنىڭ ئىشلىرى بىر مەھەل بىنورمال ھالەتكە چۈشۈپ، مەسچىد جامائىتىنىڭ باشقۇرىشىغا قالىدۇ. **1900** ـ يىللاردىن كېيىن، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ يېتىشكەن ئىسكەندەر داۋۇتبەگ ھاجى، نەمەخۇن ئىمام، پەتتار ئىمام، سادىق ھاجى، شېرىپ ئىمام، ئۆمەر ئىمام، مەسئۇد ئىمام، مەخپىر ئىمام، مۇختەر ھاجى، ئىمرەم قارى قاتارلىق زاتلار مەكتەپنىڭ ئىقتىسادى ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. **1902** ـ يىلى جامائەتنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى بىلەن قاينۇق مەھەللىسىدىكى «مەيدان» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنغا ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، ئوتتۇرىسى كارىدورلۇق، بىر ئىشخانا، تۆت سىنىپى بار جەدىدچە مەكتەپ سېلىنىپ، چاغاتاي يېزىقى، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، خۇشخەت، ئەخلاق، قاتارلىق پەنلەر ئاساس قىلىنىپ، جەدىدچە ئۇسۇلدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. يېڭى ئېچىلغان بۇ مەكتەپ بىلەن بۇرۇنقى مەكتەپنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغانلىقتىن، بۇ مەكتەپ ئۇنىڭ شۆبىسى قىلىنىدۇ. مەكتەپنىڭ بارلىق خىراجىتىنى قاينۇق بېگى ئىسكەندەر داۋۇتبەگ ھاجى ئۈستىگە ئالىدۇ. مانا بۇ ئىككى مەكتەپ قاينۇق يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. **1905** ـ يىلى رۇسىيەدىن قاينۇققا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مەشۇر توختاخۇن دېگەن كىشى يۇرت ئەھلىنىڭ تەكلىپى بىلەن قاينۇقتىكى كونا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ ۋە رۇسىيەدىن ئەكەلگەن دەرسلىكلەر ئاساسىدا سىستېمىلىق دەرس ئۆتۈپ، كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. قازاندىن ھېساب، خۇشخەت، ئىملا، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تەنتەربىيە ۋە ئەخلاق قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ئۆزمەي كىرگۈزۈپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ.

سۇيدۇڭنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى **1800** ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا جانلانغان بولۇپ، **1877** ـ يىلى ئابدۇراھمان مەخسۇم ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى مەكتەپ قىلىپ ئېچىپ، **55** نەپەر بالىنى جەدىدچە ئۇسۇلدا ئوقۇتىدۇ ۋە دىنىي دەرسلەرگە ئەرەب ئېلىپبەسى، چاغاتاي يېزىقى، ھېساب، خۇشخەت قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتىدۇ. ئابدۇراھمان مەخسۇم شېئىرىيەت ئىلمىغا پىششىق كىشى بولغاچقا، يۇقۇرى يىللىق بالىلارغا ئەلىشىر ناۋائى ئەسەرلىرى ۋە بابۇرنىڭ دىنىي قانۇن ـ قائىدىلىرىنى بايان قىلىدىغان نەزمىلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىشىغا

شاگىرتى قاسىماخۇن خەلپىتىم يېقىندىن ھەمكارلاشتى. **1887** - يىلى سۈيدۈڭ جامائىتى «ئىلى مەكتەپ» تە دەرس بېرىۋاتقان تاھىر خەلپەتنى تەكلىپ قىلىپ، ئازاق مەسچىدىگە يانداپ ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە دەسلەپ **45** نەپەر بالىنى ئوقۇتۇپ ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، «باقى دۇنيا ھەققىدە قىسسە»، «ھەدىس - شەرىپ» قاتارلىق دىنىي دەرسلەرگە چاغاتاي تىلى، ئەخلاقۇل نىزام، ئىملا - ئىنشا، خۇشخەت، ھېساب، چوت سوقۇش قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتىدۇ. **1898** - يىلى سۈيدۈڭ كۈرە جامائىتى مۇھەممەت ئىمىن لوزۇڭ، خۇدابەردى باي، سىدىق ئىمىن، غازى شاگىيو قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن رۇسىيەنىڭ ئۇفا شەھىرىدىن سۈيدۈڭگە كەلگەن تاتار زىيالىيسى رەپىق ئەپەندى بىلەن ئايالى شەفىقە ئابىستايلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈرەگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلار دەسلەپ **60** نەپەر ئوغۇل - قىزنى يىغىپ، جەدىدچە ئۇسۇلدا ساۋادىنى چىقىرىدۇ. دىنىي دەرسلەرگە ئانا تىل، ھېساب، ئىسلام تارىخى، قول ئىشى دەرسلىرىنى قوشۇپ ئۆتۈش بىلەن بىللە يەنە كەچلىك ساۋاد چىقىرىش كۇرسى ئېچىپ، **80** نەپەردىن ئارتۇق ساۋاتسىز چوڭلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىدۇ. بۇ مەكتەپ كېيىنكى «نۇرىيە» مەكتەپنىڭ ئۇلى بولۇپ قالىدۇ. **1902** - يىلى سۈيدۈڭنىڭ تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەرلىرىدىن ئابدۇراھمان مەخسۇم، سەلەي ھاجى، تاھىر خەلپەتلەر كۈرەدە بېسىمغا ئۇچراپ سۈيدۈڭگە قايتىپ كەلگەن رەپىق ئەپەندى، شەفىقە ئابىستايلارنى ئەتىۋارلاپ كۈتىۋالىدۇ. تاھىر خەلپەت ئاچقان مەكتەپنى يېڭىلاپ، ئۇلارغا تۆت سىنىپلىق جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلار دەسلەپ **60** نەپەر بالىنى يىغىپ، يۇقىرى - تۆۋەن سىنىپلارغا ئايرىپ، رۇسىيە مائارىپ پروگراممىسى بويىچە، ئانا تىل، تۆت خانىلىق ھېساب، خۇشخەت، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، شېئىر، تەنتەربىيە دەرسلىرىنى ئۆتىدۇ. **1904** - يىلىدىن كېيىن، بۇ مەكتەپ قاسىم قارى، ھارۇن ھاجى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر سۈيدۈڭ مۆتىۋەرلىرىنىڭ قوللىشىدا داۋاملىق ئېچىلىۋېرىدۇ. **1910** - يىللاردا مەكتەپ ئىشلىرى سەلەي ھاجى، ھوشۇر مۇھەممەت، باھاۋۇدۇن خوجايوف قاتارلىق مەرىپەتسۆيەر زاتلارنىڭ قوللىشىدا داۋاملىشىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ سۈيدۈڭگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە قېتىلىشى بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆسۈپ، بۇ مەكتەپنىڭ پەننىي مەكتەپلىك خاراكتېرى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ. **1934** - يىلى سۈيدۈڭنىڭ خەلقپەرۋەر ھاكىمى موللاھېلىمنىڭ قوللىشى، مەمەتقۇل ھاجى، تۆلەندى باي، ئەمەتخان نۇراجى، باھاۋۇدۇن خوجايوف، ھوشۇر مۇھەممەت قاتارلىق سۈيدۈڭ مۆتىۋەرلىرىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى، بىناكارلىق ئۇستىسى ئىمىن پەرەڭنىڭ لايىھەلىشى بىلەن چىنباغ مەسچىتى يېنىغا ئىككى قەۋەتلىك مەكتەپ بىناسى سېلىنىدۇ ۋە «خەيرىيە» مەكتەپ، دەپ ئاتىلىدۇ.

**1890** - يىلى خېلىل ئەپەندى، مەغپىر ئەپەندىلەر غۇلجا شەھىرىنىڭ توغرىكۆۋرۈك مەھەللىسىدە جەدىدچە ئۈچ سىنىپلىق «توغرىكۆۋرۈك مەكتىپى» نى ئاچىدۇ. **1920** - يىلى بۇ ئورۇنغا ئىككى قەۋەت، تۆت سىنىپلىق مەكتەپ بىناسى سېلىنىپ، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئەخمەت ئەپەندى، مەرۇپ سەئىدى، مەرۇپجان ئەپەندى قاتارلىقلار بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. مەكتەپ نامى «نۇرنەك مەكتەپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**1894** - يىلى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تاتار زىيالىيسى موللا ئىمىن ھەمەش چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىسىنىڭ سىدە مەھەللىسىدە جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، تىل، ئىملا، ئەخلاق، ھېساب قاتارلىق پەنلەرنى ئۆتىدۇ. بۇ مەكتەپ «سىدە مەھەللە مەكتەپ» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ يىلى «رازىخان - مەزىخان مازىرى» مەسچىتىنىڭ ئىمامى قۇتبى ئىمام مەسچىد يېنىدا يەنە بىر مەكتەپ ئاچىدۇ. **1901** - يىلى موللا ئىمىن ھەمەش ۋاپات بولغانلىقتىن، رۇسىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن ئىمراخۇن ئۇنىڭ ئورنىدا دەرس ئۆتىدۇ. **1905** - يىلى ئىسكەندەر ھاپىز جاغىستايدىكى ئۆيىدە پەننىي دەرسلەرنى ئاساس قىلىدىغان بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، غۇلجىدىن غارىپۇللا ئىسىملىك تاتار ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ بالىلارغا قوشۇمچە رۇس تىلى ئۆگىتىدۇ. بۇ مەكتەپ «ئۆي مەكتەپ» دەپ ئاتىلىدۇ. **1910** - يىلى جاغىستاي جامائىتى جاغىستاي شاگىيوسىنىڭ

باشلامچىلىقىدا يۇسۇپ مىراپ مازىرى يېنىغا ئىككى سىنىپلىق جەدىدچە مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپكە كېيىنچە ئالمۇتادىكى «سوپى زارۋات مەكتىپى» نى پۈتتۈرگەن مىرا موللىنى ئوقۇتقۇچىلىققا قويىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سېدە مەھەللىسىدىكى مەكتەپ 50 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار، ئۈچ سىنىپلىق مۇنتىزىم مەكتەپكە ئايلىنىدۇ. قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تاھىر ئىمىنىياز ئىمراخۇنىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. رۇسىيەدىن كەلگەن ھېزىم، توختاخۇن ۋاجىپ، ئۇشۇر قاتارلىق زىيالىيلارمۇ بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. شۇ يىلى ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق پەننىي دەرسلەر ئاساس قىلىنىپ ئۆتۈلۈپ، ئەينى ۋاقىتنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە قىلىنىدۇ. 1916 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدىن چىققان ئەيسا داموللام بۇ مەكتەپكە مۇئەللىملىك قىلىدۇ. 1918 ـ يىلى ئىلى مەھكىمە شەرئىنىڭ بېسىمى بىلەن قاينۇقىغا يېنىپ چىققان ناسۇھا داموللام جاغىستايغا ماكانلىشىدۇ ۋە 1927 ـ يىلى قىرغىزىستانغا چىقىپ كەتكىچە «ئوردا مەھەللە مازار مەكتەپ»تە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1932 ـ يىلى مانا مۇشۇ مەكتەپلەر ئاساسىدا «بىرلىك» مەكتەپ قۇرۇلىدۇ.

1896 ـ يىلى چۆلۈقايلىق ئىبراھىم موللام ئۆز يېزىسىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، جەدىدچە ئۇسۇلدا بالا ئوقۇتىدۇ. 1897 ـ يىلى ئارىئۆستەڭلىك قەمىردىن خەلپەت ئارىئۆستەڭ يېزىسىدا بىر سىنىپلىق جەدىدچە مەكتەپ ئاچىدۇ. 1898 ـ يىلى پەنجىملىك نەسىردىن داموللام پەنجىمدە ئىككى سىنىپلىق جەدىدچە مەكتەپ ئاچىدۇ.

1899 ـ يىلى غۇلجا تاتار جامائىتى «قازان مەدرىسەسى» دە مۇددەرىسلىك قىلىۋاتقان دىنىي ئۆلىما ۋە مائارىپچى كەشفۇلئەسرار (تولۇق ئىسمى كەشفۇلئەسرار فەتھىددىن ئوغلى ۋاھاب) داموللا ھەزرەتلىرىنى غۇلجىغا تەكلىپ قىلىپ، تاشلەپكە بازىرى يېنىدىكى «تاتار مەسچىدى» گە ئىماملىققا قويىدۇ. بۇ زات قازان، ئاستىراخان، بۇخارالاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، 1900 ـ يىلى تاتار مەسچىتى يېنىغا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، تاتار ۋە ئۇيغۇر بالىلىرىنى جەدىدچە ئۇسۇلدا ئوقۇتىدۇ. غۇلجا خەلقى كەشفۇلئەسرار ھەزرەتنى «نوغاي داموللام»، ئۇ باشقۇرغان مەكتەپنى «نوغاي مەكتەپ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەكتەپتە دىنىي دەرسلەردىن باشقا ئانا تىل، ئەدەبىيات، ھېساب، ئىسلام ئەخلاقى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، سىلاۋيان ئېلىپبەسى قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئۆتۈلىدۇ. مانا بۇ مەكتەپ توغرىلىق «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1900 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانىغا غۇلجىدىن يېزىپ ئەۋەتىلگەن «يېڭى قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ ئوقۇتۇشتا جەدىدچە ئۇسۇلنى قوللانغان»[2] دېگەن خەۋەر بېرىلگەن.

1901 ـ يىلى شەرىفدىن ھاجى غابىتوف ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن سىنىپلار يېتىشمەي قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «بەيتۇللا مەسچىدى» دەرۋازىسىنىڭ جەنۇبىغا تۆت سىنىپ، ئون نەچچە ھۇجرىلىق ياتاقلىق مەكتەپ سېلىپ بېرىدۇ. ئۇ «ئىلى مەكتەپ» نىڭ ئەسلىدىكى تۆت سىنىپى بىلەن قوشۇلۇپ، سەككىز سىنىپلىق جەدىدچە مەكتەپكە ئايلىنىدۇ. شەرىفدىن ھاجى غابىتوف بۇ مەكتەپكە كەشفۇلئەسرار داموللىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز نەپەر ئوقۇتقۇچىنى سەپلەپ بېرىدۇ ۋە مەكتەپنىڭ بارلىق چىقىمىنى ئۈستىگە زىممىسىگە ئالىدۇ. مەكتەپ نامىمۇ كەشفۇلئەسرار داموللامنىڭ نامى بىلەن «مەكتەبى كەشفىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز بۇنى پاكىتلىق ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئاتاقلىق مائارىپچى ئابدۇلخەمىت ئابدۇلۋەكىلى ئەپەندى «مەكتەبى كەشفىيە» نىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا تۇتقان «كۈندىلىك دەپتەر» نىڭ مۇقاۋىسى بىلەن دەپتەرگە قوشۇپ تۈپلەنگەن «ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى» نىڭ فوتو كوپىيەسىنى بەردۇق (مۇقاۋىغا قاراڭ). بۇ دەپتەر «ساباخ كىتابخانىسى» تەرىپىدىن 1905 ـ يىلى قازاندا بېسىلغان بولۇپ، مۇقاۋىسىغا «ياشىماق ئۈچۈن بىلمەك، بىلمەك ئۈچۈن ئوقۇماق تېگىشلىكتۇر.» دېگەن ئەقلىيە سۆز يېزىلغان. دەپتەر ئىچىگە «مەكتەپ بالىلىرى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبلەر»، «مەكتەب نىزاملىرى»، «بايرام قىلىشقا تېگىشلىك كۈنلەر جەدۋىلى» «ئوقۇغۇچىلار نەتىجە كۆرسەتكۈچى» ۋە تۈرلۈك خەت ـ چەكلەرنىڭ ئۈلگەاملىك يېزىلىش ئۈلگىسىمۇ بېرىلگەن. دەپتەردىكى «ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى» تولىمۇ ئىلمىي ئىشلەنگەن بولۇپ، «قۇرئان»،

«ئەدەبىيــات»، «ھېســاب»، «ئىلــم ھــال»، «قــرائەت فەنــىيە»، «تــارىخ»، «جــۇغراپىيە»، «ئىملا»، «ئىنشا»، «ھۆسنخەت»، ««شېئىر» قاتارلىق دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلۈش تەرتىپى ۋە ۋاقتى ئېنىق ئەسكەرتىلگەن.

**1903** ـ يىلى ياركەنتتىكى ئابدۇراھمان مشارالىيا دامــوللام ئاچقــان جەدىــدچە مەكتەپنــى تامــاملاپ، ئىرشــادنامە ئالغــان ئەمــرۇللا خەلــپەت دادىــسى غوجــامبەردى ئــاخۇن ۋە ئۇســتازى ئابــدۇمۇتائالى خەلپەمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئانا يۇرتى چۆلۇقايغا چىقىپ، ئىبراھىم موللام **1896** ـ يىلى ئاچقان دىنىي مەكــتەپ ئاساســدا، ئىككــى ســىنىپلىق جەدىــدچە مەكتەپ ئاچىدۇ.

**1903** ـ يىلــى ئىــستانبۇلدىكى پەننــي مەكتەپــتە ئوقــۇپ كەلــگەن يۇســۇپ خەلــپەت قورغــاس نــاھىيە لوسگوڭ يېزا ئۇيمەھەلله كەنتىدە جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، **30** دىن ئارتۇق بالىغا ئېلىپبە، تىل، ئىملا، ھېساب، جۇغراپىيە، خۇشخەت قاتــارلىق دەرســلەرنى بەرگەن. ئوقۇغــۇچى ســانى ئاشــقاندىن كېــيىن، ئــۇلارنى سەۋىيەســىگە قــاراپ يــۇقىرى ـ تــۆۋەن ســىنىپلارغا ئايرىــپ ئوقۇتــىدۇ. بــۇ مەكــتەپ «ئۇيمەھەلله مەكتەپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**1905** ـ يىلى خەلىچە ئابىستاي، غەزىز ئەبىزى، غەينۇرە قاتارلىق تاتــار ئوقۇتقــۇچىلار قىزىلكۆۋرۈك يېنىدا (ھــازىرقى غۇلجــا شــەھەرلىك **1** ـ باشــلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا) ئۈچ سىنىپلىق جەدىدچە مەكــتەپ ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سەۋىيەسىگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىپ ئوقۇتىدۇ.

**1905** ـ يىلــى نىلقــا ســوۋېتاي يېزىــسىدىكى ئۇنئەنچىچە ئائىلىلىك تاتار ئاھالىسى سوۋېتاي ئۇيغــۇر جامائىتىنىڭ قوللىــشىدا بىــر ســىنىپلىق جەدىــدچە مەكتەپ ئاچىدۇ. شۇ يىلى نىلقا كونىبازار مەھەللە جامــائىتمۇ كونىبــازار مەســچىتى يېنىغــا ئىككــى سىنىپلىق جەدىدچە مەكتەپ قۇرىدۇ.

**1906** ـ يىلى سۈيدۇڭ بــازار ئىچــى مەســچىدى جامائىتى ئالمۇتالىق پىدا خەالپەتنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، مەسچىد قورۇسى ئىچىگە ئىككــى سىنىپلىق مەكتەپ ئاچىدۇ. **1905** ـ يىلــى ســابىت دامولla ئۆز ئالدىغا ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، دىنىي دەرســلەرگە ئېلىپــبە، ھېــساب، ئىنــشا، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتىدۇ. **1910** ـ يىلى پىدا خەلپەت كۆپچىلىكنىڭ قوللىشىدا بازار ئىچى مەسچىدى يېنىغا (ھــازىرقى قورغــاس ناھىيەلىــك مــالىيە ئىدارىــسى جايلاشقان يەرگە) تۆت سىنىپلىق جەدىدچە مەكــتەپ ئېچىــپ، **80** نەپەردىــن ئــارتۇق ئوقۇغــۇچىنى ئوقۇتــىدۇ. بــۇ مەكــتەپ «بــازار ئىچــى مەكــتەپ»، **1916** ـ يىلــلار ئەتراپىدا، بىر مەزگىل «چولپان» مەكــتەپ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاتــار زىيالىيــسى ھەســەن ئــاقچۇرىن شــۇ يىلــلاردا مەكــتەپ مــۇدىرى بولــدۇ. ئــۆكتەبىر ئىنقىلابىــدىن كېــيىن، قورغــاس ئېغىــزى ئــارقىلىق ســۈيدۇڭگە كەلــگەن زىيالىيلارنىــڭ ئوقۇتقۇچىلىققــا سەپلىنىــشى بىــلەن تەرەققــي قىلىــپ، ئانــا تىــل، ھېساب، تەبىئەت، جــۇغراپىيە، تــارىخ، خۇشــخەت قاتــارلىق دەرســلەر ئۆتىلىــدىغان پەننــي پەكــتەپكە ئايلىنىــدۇ. **1930** ـ يىلــى ســۈيدۇڭ جامائىتىنىــڭ قوللىشى بىلەن ئىككــى قەۋەتلىــك مەكــتەپ بىناســى ســېلىنىپ، **1932** ـ يىلــى پۈتــىدۇ ۋە «نەمــۇنە مەكتەپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**1907** ـ يىلى دۆڭمازارنىڭ تار كەنتى خەلقى ئــۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ساۋادسىز قېلىۋاتقانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، غىياسىدىن ھاكىمبەگ غوجىغا ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىــپ بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنىدۇ. ئۇ تار خەلقىنىڭ تەلىپىنــى ئورۇنلــۇق دەپ قــاراپ، ئابــدۇمۇتائالى خەلپەمنــى يــاراملىق شــاگىرتلىرىدىن بىرنــى ئوقۇتقۇچىلىققا تاللاپ بېرىشكە بۇيرىيدۇ. خەلــپەم ھەزرەت چۆلۇقايدا بالا ئوقۇتىۋاتقان ئەمرۇللا خەلپەتنى تەۋســىيە قىلــدۇ. ئەمــرۇللا خەلــپەت ئۇســتازىنىڭ ھاۋالىسى ۋە ھاكىمبەگ غوجىنىڭ تەستىقى بىلەن شۇ يىلى تارغــا چىقىــپ جەدىــدچە مەكــتەپ ئاچىــدۇ. **1908** ـ يىلىغا كەلگەنــدە، ئىلگــىرى دۆلەت ئىمــام ۋە ئاجايىپ ئىماملار قولىدا ئوقــۇپ چــالا ســاۋاد قالغــان بــالىلار ئەمــرۇللا خەلــپەت ئاچقــان يېڭــى مەكتەپــتە ئوقۇپ تولۇق ساۋادلىق بولىدۇ.

**1910** ـ يىلى نوغايتۆلۈق ھەمــراھ مــوللا، قاســىم مــوللىلار ئۆزىنىڭ ئۆيىــدە مەكــتەپ ئېچىــپ، بــالا ئوقۇتىدۇ. **1917** ـ يىلى ئەلا شاكىيۇ، توختاخۇن بايلار ئــۆز مەبلىغــى ۋە نوغــايتۇ جامائىتىنىــڭ ياردىمىغــا تايىنىپ، ئاستى ـ ئۈستىنى تاختايلىق قىلىپ تــۆت سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرىدۇ. **1919** ـ يىلى يەنە بــۇ سىنىپلارغا باغدات پاسونىدىكى ئىشىك ۋە ياۋروپــاچە ئەينەكلىك دېرىزىلەرنى ئورناتقۇزىدۇ. ئــۇنى پەننــي

دەرسلەر ئاساس قىلىپ ئۆتىلىدىغان مەكتەپكە ئايلاندۇرۇپ، «ئىتتىپاق» مەكتەپ، دەپ ئاتايدۇ.

**1910** - يىلى ناسۇھا ئىمىن داموللام مىسىرنىڭ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ، غۇلجا شەھەر «سۇدەرۋازا مەسچىتى» يېنىدىكى ئۆيىدە ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئاچىدۇ. ئوغۇللارغا ئۆزى، قىزلارغا رەپىقىسى سەلىخە ئابىستاي دەرس بېرىدۇ. سىنىپلارغا پارتا - ئورۇندۇق سەپلەپ بېرىپ، ئېلىپبەنى دەپتەرگە يازدۇرۇپ مەشىق قىلدۇرۇش، دوسكىغا چىقىرىپ بور بىلەن خەت يازغۇزۇشتەك يېڭىچە ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ.

چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئىلغار پىكىرلىك ياشلار ئىلىنىڭ جەدىدچىلىك مائارىپ ئىسلاھاتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۈركىيەدە ئوقۇغان ئوقۇتقۇچىلار ‹ئوغۇللار مەكتىپى› نامىدىكى ‹دارىلشەفقەت› مەكتىپىدە ئىستانبۇلدىكى مەكتەپلەرنىڭ پىروگراممىلىرى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا رۇس تىلى ۋە خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدۇ. يۇقۇرىقىلار ئىلىدا قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى، خالاس.

ماقالىدا سادىر قىلىنغان ئىككىنچى چوڭ خاتالىق رۇسىيە زېمىنىدا يولغا قويۇلغان جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ قانداق تارىخىي زۆرۈرىيەت ئاستىدا يولغا قويۇلغانلىقى، قانداق ئۆتكۈشلۈق قەدەملەرنى باسقانلىقى، ئاخىرىدا يەنە قانداق چوڭقۇر قاتلاملىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىگە ئايلانغانلىقىنى ئىلمىي نۇقتىدىن توغرا، سىستېمىلىق شەرھلەپ بېرەلمەسلىكتە كۆرۈلىدۇ.

بۈيۈك مەرىپەت سەركىسى ئىسمائىل بەگ غاسپىرالىنىڭ بىۋاستە تىرىشچانلىقى بىلەن يولغا قويۇلغان جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ئانا يۇرتىمىز يېڭى مائارىپنىڭ سىستېمىلىق رەۋىشتە يولغا قويۇلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، مەن ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدە تارىخىي زۆرۈرىيەت ئاستىدا يولغا قويۇلغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىي نۇقتىدا سىستېمىلىق شەرھلەپ بېرىش ئۈچۈن، جەدىدچىلىك يولغا قويۇلغان روسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولغان مۇقەررەر ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىشنى زۆرۈر تاپتىم.

**1854** - يىلى رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا قىرىم ئۇرۇشى پارتلاپ، رۇسىيە مەغلۇپ بولىدۇ. چار پادىشاھ نىكولاي I ئېچكى - تاشقى بۆھرانغا بوغۇلۇپ، **1855** - يىلى زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالىدۇ. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى شۇكى، رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ دېموكراتىك تەلپۈنۈشى كۈچىيىپ، قارشىلىق ئۆلغىيىدۇ. مەسىلەن: **1826** - يىلدىن، **1837** - يىلىغىچە **19** قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. **1860** - يىلىنىڭ ئۆزىدىلا **126** قېتىمغا، **1861** - يىلىدا بولسا، **1176** قېتىمغا يېتىدۇ. **1850** - ، **1860** - يىللىرى يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قارىتىلغان بىر قېتىملىق ئىسلاھات يۈرگۈزۈلىدۇ. **1861** - يىلى يانچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئەركىنلىككە ئېرىشكەن يەرسىز نامرات دېھقانلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ شەھەرلەرگە كىرىپ ئىشچى بولۇپ، كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرىدۇ. **1862** - يىلى ئالېكساندىر II ئا. ن. گىروۋنىننى مائارىپ مىنىستىرلىقىغا تەئىنلەيدۇ ھەمدە ئۇنى مائارىپ ئىسلاھاتىغا مەسئۇل قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ھەرخىل مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، جەمئىيەتتە شەخسلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار بەس - بەستە مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنى قوزغىلىدۇ. **1864** - يىلدىن ئېتىبارەن رۇسىيە چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە، ئىجتىمائىي تەشكىلات، شەخسلەرنىڭ مىللىي مەكتەپ ئېچىشىغا ئىجازەت بېرىدۇ. ھەرقايسى تەبىقە پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇش ھوقۇقىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ۋاقتى ئۈچ يىل بولۇش، ئاياللارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىغا يول قويۇش، دارىئېلمۇئەللىمىن قۇرۇشقا ئىجازەت بېرىش مەسىلىلىرى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلۈپ، سىستېمىلىق پىلان، پىروگراممىلار مەيدانغا كېلىدۇ.

**1865** - يىلى چېرنەيېۋ تۈركىستان ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تاشكەنتتە «تۈركىستان ۋىلايىتى» گېزىتىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. خۇدايارخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئەمىنبېكنىڭ ئاتىسىغا ئائىت تارىخىي بايانلىرى ۋە ئۆزبېك شائىرى فۇرقەتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى دەل مۇشۇ گېزىت ئارقىلىق جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، «تۈركىستان

ۋىدومىستى» گېزىتىمۇ نەشر قىلىنىپ، خۇدايارخاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالاتىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن ئىدى. 1869 ـ يىلى رۇسىيەدىكى ئالى بىلىم يۇرتلىرىغا ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، رۇسىيە جەمئىيىتى دېموكراتىك ئىسلاھات دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. رۇسىيە زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن بىر قاتار يېڭىلىقلارنىڭ ھەممىسى بىز يۇقۇرىدا بايان قىلغان تارىخىي ئارقا كۆرىنىش ۋە ئىسلاھات مۇقەررەرلىكى تۇرتكىسىدە روياپقا چىققان بولۇپ، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ باشلامچىلىقىدا يولغا قويۇلغان جەدىدچىلىك مېتودى ئاللىقانداقتۇر ۋاقىتلىق قىزغىنلىق سەۋەبىدىن يولغا قويۇلغان بولماستىن، بەلكى چار رۇسىيە زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن پايدىلىق تارىخىي پۇرسەتلەرنى غەنىمەت بىلىپ ئالدىن پۇختا تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا يولغا قويۇلغان ئىدى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى ۋەكىللىكىدىكى ئوت يۈرەك ئىسلاھاتچىلارنىڭ جانپىدالىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدە توسقۇنسىز تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل رۇسىيە زېمىنىغا كېڭەيگەن چوڭقۇر قاتلاملىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى دولقۇنىغا ئايلانغان ئىدى.

يالقۇن روزى ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ 1892 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇسۇلى جەدىد (ئۇسۇلى سائۇتىيە) ئوقۇتۇش مېتودىنى يولغا قويۇشنى مۇراجىئەت قىلىپ، چار رۇسىيەنىڭ تۈركىستاندىكى گېنېرال گوبېرناتورى ئە. ب. ۋىرېۋېسكىيغا (روزىنباخقا) مەكتۇب يازغانلىقى، گەرچە مەكتۇب جاۋابسىز قالغان تەقدىردىمۇ بۇ يولدا بەل قويۇۋەتمەي، 1893 ـ يىلى تاشكەنتكىچە بېرىپ مەكتەپ ئاچقانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە توختالغاندا، رۇس مىللەتچىلىرى ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ شەپقەتسىز قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش ئارزۇسىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشىمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە پەقەتلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىسمائىل بەگ غاسپىرالىنىڭ رۇسىيە زېمىنىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋاقىتلىرىدىكى ئالاھىدە مەمۇرىي ئىمتىيازى ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنى نەزەرگە ئالساق، ئۇنىڭ جەدىدچىلىكنى يولغا قويۇش جەريانىدا باسقان ئۇتۇقلۇق قەدەملىرى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

رىزائىددىن بىن فەخرىددىنى «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1914 ـ يىللىق 21 ـ ، 24 ـ سانلىرىدىكى «ئىسمائىل بەگ گاسپىرىنسكى» ناملىق ماقالىسىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ، «ئىسمائىل بەگ غاسپىرالى 1879 ـ يىلى باغچەساراي شەھرىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىنىپ، ئۇشبۇ لاۋازىمدا تۆت يىل تۇرىدۇ.»، «ئىسمائىل بەگ ‹تەرجىمان› گېزىتىگە ئىجازەت ئېلىش ئۈچۈن، پېتربۇرگ شەھرىگىچە باردى ۋە كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتى.»[3] دېيسە، فۇئاد توخماروف «مەكتەب» ژۇرنىلىنىڭ 1914 ـ يىللىق 9 ـ سانىغا بېسىلغان «ئىسمائىل بەگ جەمئىيەت ئەربابى ئىدى» ناملىق ماقالىسىدا، «‹رۇسىيە مۇسالمانلىرى ئىتتىپاقى› نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە راۋاج تېپىشىدا ئىسمائىل بەگنىڭ غەيرەت ۋە ئىجتىھاتىنىڭ تەسىرى بەك كۆپ بولدى. ‹ئىتتىپاق› نىڭ ھەممە قۇرۇلتىيىدا ئىسمائىل بەگ بار ئىدى ۋە كۆپ ۋاقىتلارغىچە ‹ئىتتىپاق› نىڭ رەئىسى بولغانىدى.»، «1907 ـ يىلىدىكى مەشھۇر مەكەرجە قۇرۇلتىيىدا (رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقىنىڭ) ئىسمائىل بەگنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى، بەرگەن مەسلىھەتلىرى كۆپ يىللارغا قەدەر ئۆز تارىخىي قىممىتىنى يوقاتماي كەلدى. ئىسمائىل بەگنىڭ شۇ قېتىمقى مەكەرجە قۇرۇلتىيىدا كۆرسەتكەن پاراستى ۋە ماھىر تەدبىركارلىقى ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. قۇرۇلتايدا ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالماي، ئىختىلاپ ئىلكىدە ئېتىرازلىشىپ قالغان، ياشانغانلار، ياشلار، ئوڭچىلار، سولچىلار جەم بولۇشقان بولسىمۇ، ئۈزۈلمەس بەس ـ مۇنازىرىگە چۆمگەن ئىدى. ئۆزئارا ھۆرمەتتە بولۇش، پىكىر مەسلەكلەرگە رىئايە قىلىشتەك قۇرۇلتاي كەيپىياتىمۇ كۆتۈرۈلگەنىدى. ئاشۇنداق باشباشتاقلىق ئىچىدە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن قۇرۇلتاي ئەھلىنىڭ دىققەت ئېتىبارى ۋە ئىخلاسىنى تارتىدىغان بىرلا كىشى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىسمائىل بەگ ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ھەممە كىشى بېرىلىپ تىڭشايتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ

ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. دېمەك، ئىسمائىل بەگ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا داھىيلىق سالاھىيىتىنى ئاللىقاچان ھازىرلىغان جەمئىيەت ئەربابى ئىدى.»[4] دەيدۇ.

ئىسمائىل بەگ غاسپىرالى يۇقۇرىقىدەك سالاھىيەت ۋە ئىمتىيازىغا ئاساسەن گېزىت چىقىرىپ «مەتبۇئات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، رۇسىيەدىكى تۈركىي مىللەتلەر تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئۈچ بۈيۈك غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ، سىستېمىلاشقان ئىدىيە ۋە پۇختا پىلان بويىچە ئىش باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ جەدىدچىلىك مېتودىنى يولغا قويۇشتىن ئاۋۋال پېتربۇرگقا بېرىپ چار رۇسىيە ھاكىمىيىتىدىن ئىجازەت ئالىدۇ ھەمدە «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ ھەيئەت رىياسىتى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ باش قازىسى شاھابىددىن مارجانىدىن گېزىت چىقىرىش ۋە ئۇسۇلى سائۇتىيەنى يولغا قويۇش ھەققىدە پەتىۋا ئالىدۇ. ئاندىن باغچەساراي شەھىرىدە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇسۇلى سائۇتىيە مېتودى بويىچە بالا تەربىيەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. «رەھبەرى ئىملا» («ئىملا يېتەكچىسى») قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ دەرس ئۆتىدۇ. ئۆكىنەرلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى غايىسى ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، كېيىنكى بىر غايىسى دۇنيا مىقياسىدا بارلىققا كەلگەن سىياسىي ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار تۈپەيلى يەنىلا غايە پېتىچە قالىدۇ. ئۇ جەدىدچە مەكتەبلەرنى ماڭغۇزۇشتا ئىشنى ئوقۇتۇش مېتودىنى يېڭىلاشتىن باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ باشلىغان جەدىدچىلىك بىر قېتىملىق يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى سۈپىتىدە ئېتىقاد، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر قاتلاملىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى پەيدا قىلىدۇ.

تاتارىستانلىق پېداگوك ۋە تىل ئالىمى مۇھىددىن قۇربانغالىيېف (1941 ـ 1873) قازاندا نەشر قىلىنغان «مەكتەپ» ژۇرنىلىنىڭ 1914 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىكى ماقالىسىدا، ئىسمائىل بەگ غاسپىرالىنىڭ جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشتا ئىشنى قانداق پۇختا قەدەم بىلەن باشلىغانلىقى ھەققىدە:

«ئىسمائىل بەگ 1883 ـ يىلى باغچەسارايدا ‹نەمۇنە ئىپتىدائىيە›نامىدا مەكتەپ ئېچىپ ھەم بۇ مەكتەپكە رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خەلپەت ۋە مۇئەللىملەرنى يىغىپ، ئۇلارغا تامامەن يات بولغان مەكتەپ پروگراممىلىرى بويىچە ئۇسۇلى جەدىدەسىنى ئەمەلىي رەۋىشتە ئۆگەتكەن. بۇ مەكتەپتە خەلپەت ۋە مۇئەللىملەر (ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا) دەرسلەرنى خۇددى ئالتە ئايدا بېسىشقا تېگىشلىك مۇساپىنى پاراخوت ۋە تۆمۈر يوللار بىلەن پەقەت ئالتە كۈندە بېسىپ تۈگەتكەنگە ئوخشاش تېز تاماملايدۇ. بىز ئىككى يىلدا ئۆگىتىدىغان دەرسلەر مانا مۇشۇنداق ئۇنۇملۇك ئۇسۇلدا ئوقۇتۇلسا، پەقەت ئالتە ئايدىلا ئىگىلىتىپ بولىنىدۇ. شۇ قېتىم يىغىلغان كۇرسانتلار يەنە ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق يېڭى پەنلەردىنمۇ ساۋاق ئېلىپ قايتىدۇ. ئوقۇشقا كەلگەنلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ. بۇنىڭ پەقەت بىرلا ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، كۇرسانتلاردىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، جەزمەن يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى، ئەڭ كام بولغاندا ئۆزىگە ئوخشاش يارامىلىق مۇئەللىمدىن ئىككىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى ھەققىدە ۋەدە ئېلىنغان ئىدى. ئەرەب يېزىقىنى ئۆگىنىشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى: 1) ئۇسۇلى ھەرفىيە (ھەرپ ئۆگىتىش)، 2) ئۇسۇلى مەدىيە (سۆز تومۇرى ياكى بوغۇم ئۆگىنىش)، 3) ئۇسۇلى سائۇتىيەدىن ئىبارەت بولغان. ئۆگىنىشنىڭ ئۈچ شەرتى: 1) ئاڭلاپ بىلىۋېلىش، 2) تەدرىجىي بىلىۋېلىش، 3) زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ بىلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.»[5]. دېگەنلەرنى تىلغا ئالىدۇ.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئۆزىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنى نەزەرىيەۋى رەۋىشتە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە مۇلاھىزىلىرىنى گېزىت، كىتاب ـ ژۇرناللاردىن ئىبارەت ئەپچىل مەتبۇئات قورالى ۋاستىسىدە جانلىق تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، كىشىلەر ئېڭىنى ئاقارتىش خاراكتېرى كۈچلۈك پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇنى تەشەببۇس قىلىشقىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاجايىپ ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى روياپقا چىقارغان شەخس ئىدى. ئۇ جەدىدچىلىك ئىدىيەسىنى ئەڭ ئاۋۋال مەكتەپ ـ مەدرىسەلەردە پېداگوگىكىلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ سىنايدۇ،

ئومۇملاشتۇردۇ. باللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشتا يېزىش ۋە ئوقۇشنى تەڭ ئۆگىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى كونا ئۇسۇل بولغان ھەرپلەرنى پەقەت سۆز يىلتىزى ھەمدە مورفېمىلىق قوشۇمچىلارنى ئىپادە قىلىدىغان ئۆلۈك قېلىپ ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە ئۇقۇل ماسكېلىش ئەندىزىسى ئىچىدە قارىلارچە يادلىتىش بىلەنلا چەكلىنىشتەك ئۈنۈمسىز ئۇسۇلغا خاتىمە بېرىپ، يېزىقنى ھەرپ، تاۋۇش سىستېمىسى قانۇنىيىتى تەلىپى بويىچە ئىلمىي ئۆگىتىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مانا بۇ ساۋات چىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ئاسانلاشتۇرۇشتىكى ئىلمىي مېتودىكا، پىداگوگىكىلىق ئىملا قائىدىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە تىل ئوقۇتۇشنى ئۈنۈملىك يولغا قويۇشتىكى زور يېڭىلىق ۋە مۆجىزە ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا «ئۇسۇلى سائۇتىيە» يەنى «تاۋۇش ئۇسۇلى» دەپ نام بەرگەنىدى. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇ ئۇسۇلنىڭ مېتودىكا جەھەتتىكى يېڭىلىقلىرى جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، «ئۇسۇلى جەدىدىيە» يەنى «يېڭىچە ئۇسۇل» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «ئۇسۇلى قەدىمىيە» يەنى «قەدىمچە ئۇسۇل» دېگەن ئاتالغۇ بارلىققا كېلىپ، كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ خاس نامىغا ئايلىنىش بىلەن بىللە جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەرەپدارلىرىنىڭ قارشى قۇتۇپىغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئورتاق نامىغا ئايلىنىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئاتالغۇلار يەنىمۇ ئاددىيلىشىپ، «جەدىدچە ئوقۇتۇش»، «قەدىمچە ئوقۇتۇش» شەكلىدە قېلىپلىشىپ خاس ئاتالغۇغا ئايلىنىدۇ. «جەدىد» سۆزىمۇ تەدرىجىي رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدىغان خاس ئۇقۇمغا ئايلىنىدۇ.

بىز بۇ ئىككى خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ كەمچىللىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى ھەققىدە ئېنىق ئۇقۇمغا كېلىش ئۈچۈن، مۇھەددىن قۇربانغالىيېفنىڭ «ئىسمائىل گاسپىرىنسكى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئىسمائىل گاسپىرىنسكى مۇئەللىم ۋە پىداگوك ئىدى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرىمىز:

«ئانا تىل ـ ئوقۇتىلىۋاتقان پەنلەر ۋە دەرسلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى سانىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە گاسپىرىنسكى زامانىغا قەدەر تۈركىي تاتار تىلىمىز پۈتۈنلەي ئېتىبارغا ئېلىنمىدى ھەم ئەڭ قەدىمىي بولغان «ئۇسۇلى ھەرفىيە» ئەرەبى ئەلىفبە « ئەلىف، بى، تى، سى، جىم، خى...» دەپ ئوقۇتۇپ كېلىندى. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئوقۇغاندا باللار ھەرپلەرنىڭ ئىسىملىرىنىلا، ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپلىرىنىلا يادلاپ كەلدى. نەتىجىدە باللار ھەرپلەر ئىسىملىرىنىڭ نېمىگە كېرەك قىلىنىدىغانلىقىنى، قانداق قوشۇپ ئوقۇتىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن تالىپلار: بۇنداق كۆنۈكۈپ بولماس نەرسىلەرنى بىزگە يادلاتقۇزۇپ بىزنى نېمانچىلا ئازابلايسىلەر؟ دەپ قاقشايتتى. ۋەلھاسىل بۇ ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتقاندا باللارنىڭ ئەقىل ـ زاكاۋىتىنى ئىشلەتكۈدەك ئورۇنمۇ چىقمايتتى. ئۇلار ئوقۇغاندا ناھايىتى كەلسە شۇ مۇئەللىمنىڭ تەلەپپۇزىنى تەقلىدەن دوراشقىلا تىرىشاتتى. باللار كىتابنى قولغا ئېلىپلا بارچە ھەرپلەرنىڭ ئىسىملىرىنى شۇنىڭدەك شەكىللىرىنى يادلايتتى. بۇ تەرىقىدە ئوقۇشنىڭ باللارغا نەقەدەر ئېغىر كېلىدىغانلىقى، ئاخىرى بېرىپ باللارنى يارامسىز ئادەم قىلىپ چىقىرىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىغانلىقى ئىسمائىل گاسپىرىنسكى جانابلىرىغا تولىمۇ ئايان ئىدى. بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىپ، مەرىپەتلىك مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئۇسۇلى سائۇتىيەنىڭ ئەڭ ئاسىرقى تۈرى بولغان ‹سۆزلەرنى ئاۋازلارغا ئايرىپ، ئاۋازلاردىن سۆز قۇراپ، يېزىش بىلەن ئوقۇشنى بىر يولى تەڭ ئۆگىتىش› يەنى ‹تاۋۇشلارنى تەھلىل قىلىپ ئايرىش مېتودى بىلەن ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگىتىش› مەقسىتىدە **1888** ـ يىلى ‹خوجا سەبىيان› («سەبىيلەر خوجىسى») ناملىق ئەلىفبە تۈزۈلدى. بۇ ئەلىفبەنىڭ مەزكۇر ئۇسۇل بويىچە تۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئېنىق دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى كەلتۈرىمىز: **1** ـ مۇقەددىمىنىڭ **8** ـ ماددىسىدا گاسپىرىنسكى مۇنداق دەيدۇ: ‹ھەر سۆزنىڭ ساداسى (تاۋۇشى) بويىچە ئوقۇسۇنلەر. يېزىقنىڭ گۈزەل ۋە ھۆسنىلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئىملاغا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ جەرياندا يازغۇزۇش، پەقەت ئوقۇتۇپلا قالماي، مەلىكە (ماھارەت) ھاسىل قىلدۇرىلىدۇ. باللارغا ھەرپلەر ساداسى ۋە شەكلىنى

بىلدۈرۈشكىلا كۈچەپ كەتمەسلىك كېرەك.›. 3 ـ دەرسنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەقستى باللارنىڭ زېھنىنى ئېچىش بابىدۇر. ئوقۇتقۇچى: ‹بابا› دېگەن سۆزدە قانچە سادا (فونېما) ۋە ھەرپ بار؟ دەپ سورىسا، ئوقۇغۇچى: تۆت ھەرپ بار، بى، ئەلىف، بى، ئەلىف، دەپ، ئوقۇتقۇچى: م، ئا، ر، ت، ھەرفلىرى قوشۇلسا نېمە بولىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئوقۇغۇچى: مارت بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مانا بۇ يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىر يولى ئۆگىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ مۇھىم خاسىيىتى شۇكى، بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە زېھنىي قۇۋۋىتى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشلىتىشكە زور مۇمكىنچىلىكلەر بېرىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇل بىلەن خەت ئوقۇتقاندا تاۋۇشلار ئوقۇغۇچىلارغا يات يوچۇن بولغان، ھەتتا چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتمەيدۇ. باللار ئۇنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ ئوقۇيدۇ، مەڭگۈ ئۇنتۇمىغىدەك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرىۋالىدۇ.»[6]

ئىسمائىل غاسپىرالى «ئۇسۇلى سائۇتىيە» دىن ئىبارەت ئۇنۇملۇك ئوقۇتۇش مېتودىنى ئەنە ئاشۇنداق يۈكسەك غايە، دادىل روھ بىلەن يولغا قويغان ۋە ئۇنى بىر قېتىملىق ئاكتىۋال يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى داھىيانە سالاھىيىتى ۋە كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەسىرى «جەدىدچە ئوقۇتۇش» مېتودىنى پۈتكۈل رۇسىيە زېمىنىدا ئوكۇشلۇق كېڭەيتىشكە داغدام يول ئاچىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ رۇسىيە مائارىپ پىروگراممىسى بويىچە ماس قەدەمدە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىلى تەۋەسىگىچە كېڭىيىشىگىمۇ تۈرتكە بولىدۇ. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق تۇرسا ئىسمائىل غاسپىرالى ئۇلۇغ مەقسەتتە باشلىغان ئىشلارنىڭ مۇئەللىپ ئېيتقاندەك يېرىم يولدا توختاپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟

رىزائىددىن بىن فەخرىددىنىنىڭ «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1914 ـ يىللىق 21 ـ سانىدىكى «ئىسمائىل بەگ گاسپىرىنسكى» ناملىق ماقالىسىدا، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ «تەرجىمان» گېزىتى نەشر قىلىنىلغان ئۈچ يىل مابەينىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى خۇلاسىلىگەندە قىلغان: «بۈگۈنگە قەدەر (1886 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە) رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقى خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن، ئۈچ مىليون رۇبلى ئىئانە توپلىدى ۋە مىڭغا يېقىن نىزاملىق مەكتەپلەر تەسىس قىلىنىپ، ئۇسۇلى سائۇتىيە ئەمەلگە قويۇلدى. تەرجىمانلارمۇ 300 پارچىگە قەدەر پەننىي ۋە ئەدەبىي رىسالىلەرنى نەشر قىلدۇردى. سەككىز شەھەردە نىزامغا مۇۋاپىق خەيرىيە جەمئىيەتلىرى ئېچىلدى.»[7] دېگەن سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، 1897 ـ يىلى تاتارىستاننىڭ قازان رايونى ئۆزىدىلا ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى 20 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، 1912 ـ يىلى بۇ رايوندا قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ سانى 1088 گە يېتىدۇ. دېمەك، «جەدىد» ئاتالغۇسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى جەمئىيىتىدىكى بارلىق لىبېرالىستىك ھەرىكەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنىڭ ئالماش ئىسمىغا ئايلانغان.

ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئارزۇسى ھەرگىزمۇ مۇئەللىپ قارىسىغا ھۆكۈم چىقارغاندەك، گوبېرناتور ئە. ب. ۋىرىۋېسكىينىڭ جاۋاب خەت يازماسلىقى، مۇستەملىكە سىياسەت ۋەياكى يەرلىك قاشاڭ ئاڭ ـ ئىدىيە ئىگىلىرىنىڭ توسقۇنلىقى سەۋەبلىك يوققا چىققان ئەمەس. يۇقۇرىدا رۇسىيەنىڭ دېموكېراتىك ئىسلاھات يولىغا مېڭىشى ۋە رۇسىيە زېمىنىدا مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش دولقۇنىنىڭ پەيدا بولۇشىدەك تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ ھەتتا چار پادىشاھنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبكار بولغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدىم. دېمەك، ئىسمائىل غاسپىرالى كەبى قايتماس ئىرادىلىك مەرىپەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چار پادىشاھ جېنىدا توسۇپ قالالمىغان يەردە ۋىرىۋېسكىيدەك بىرەر تېرىم گوبېرناتور ۋە تارىخنىڭ مۇقەررەر ئېقىمى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ، ئاللىقاچان ئۇلى لىڭشىپ قالغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ توسۇپ قالالىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

«نيۇئورلېئان (يېڭى ئورلېئان) ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسورى ئېدۋارد لاززېرىنىنىڭ ئېنىقلىمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، «ئۇسۇلى جەدىد» تېز ئارىدا قىرىملىقلار ئىچىدە ۋە باشقا تۈركى خەلقلەر رايونلىرىدىمۇ كەڭ تارقىلىپ ئۈلگۈرىدۇ.

جەدىدچىلىكنىڭ تارىخنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلغان ئا. بېننىگسېننىڭ نەتىجىلىك تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1916 ـ يىللىرى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ياشىغان يۇرتلاردا يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل ـ ئورال بويلىرى، كاۋكاز، سىبىر، تۈركىستان، قازاق دالالىرىدا بەش مىڭدىن ئارتۇق جەدىدچە مەكتەپ يەنى يېڭى ئوقۇتۇش مېتودىغا كۆچكەن مەكتەپلەر جۇشقۇن هالدا ئىشلەپ تۇرغاندى.»[8].

مانا بۇلار ئىسمائىل غاسپىرالى باشلىغان جەدىدچىلىك هەرىكىتىنىڭ يالقۇن روزى ئېيتقان ۋاقىتلىق ئۇتۇقسىزلىقلار سەۋەبلىك ئەسلا يوققا چىقمىغانلىقىنى تەستىقلايدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يالقۇن روزى رۇسىيە جەمئىيىتىنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىسلاهاتچىلىقى دولقۇنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ، مەدەنىي مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتۇلدۇرۇش يولىغا ماڭغانلىقىدەك هەقىقەتكە تولىمۇ سەل قارىغان. ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسىيە هاكىمىيىتى خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش دەۋرىنىڭ ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى، مەدەنىيەت ئېڭى ئويغانغان پۇقرالارنى مەدەنىي ئۇسۇلدا ئىدارە قىلىشنىڭ نادان ۋە قالاق پۇقرالارنى زوراۋانلىق ۋاستىسى بىلەن ئىدارە قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇرىقىدەك ئىلغار ئىسلاهات تەدبىرلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا قويغان ئىدى.

مۇئەللىپ دۇنيادىكى بارلىق هۆكۈمرانلار خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ ياۋۇزلۇق بىلەن ئىدارە قىلىشقا خۇشتار ياكى زېڭىشىنغا ئوخشايدۇ، دەپ قارىسا كېرەك، رۇس شوۋىنىزم ئىدىيەسى بىلەن قوراللانغان ۋىرىۋېسكىيدەك ئۆكتەم گوبېرناتورلارنىڭ دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزۈشكە مايىللاشقان رۇسىيە هاكىمىيەت ئاپپاراتىدا ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۈنچىۋالا هەل قىلغۇچ نوپۇزغا ئىگە ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەن. شۇڭا، ئۇلار تەرغىپ قىلغان تاتارلارنى رۇسلاشتۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇپ، تارىخنىڭ ئەۋرەز قۇدۇقىغا تاشلانغانلىقىدەك هەقىقەتنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەن.

يالقۇن روزى گەرچە، تاتارلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل رۇسلىشىپ كەتتى، دېيىشكە پېتىنالمىغان بولسىمۇ، مەجبۇرەن رۇسلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ دەۋر ئېقىمى تەرىپىدىن ئاخىرى سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، نەتىجىسىز ئاياغلاشقانلىقىغا چىنپۈتمىگەن. ئىسمائىل بەگ غاسپىرالى باشلىغان جەدىدىزم هەرىكىتىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى ئەتەي كۆرمەسكە سېلىپ، قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىق ئۈستىگە دەستىشتەك سەۋەنلىككە يول قويغان.

ماقالىدا سادىر قىلىنغان ئۈچىنچى چوڭ خاتالىق ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى هەققىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزمەسلىك، ئۇلارنىڭ جەدىدچە مائارىپنى يولغا قويۇش جەهەتتە قانداق ئاۋانگارت روللارنى ئوينىغانلىقى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن، قانداق بىباها تۆهپىلەر قوشقانلىقىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەسلىكتە كۆرۈلىدۇ.

ئەمدى مەن يالقۇن روزىنىڭ 1873 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك س. د. فورسېيىسنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى يۇرتلارنى تەكشۈرگەندە قىلغان سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ئېيتقان، «1866 ـ يىللىرى ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا يېڭى پەن ـ مائارىپ، هۈنەر ـ سانائەت بىلىملىرى نېمىش قىلىسۇن؟ مەكتەپ، مەدرىسەلەرنىڭ سەۋىيەسى قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكتەپ، مەدرىسەلەرنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئىلى ۋادىسىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇسىنى كىم ئوتتۇرغا قويۇشى مۇمكىن؟» دېگەن سوئالىغا ئىشەنچىلىك تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىمەن.

ئوبدانراق ئويلاپ باقايلى. 1865 ـ يىلى تۈركىستاندا مەدەنىي مائارىپنىڭ ئالى شەكلى بولغان گېزىتلەر نەشر قىلىنغان تۇرسا، رۇسىيە تەسەررۇپىغا ئۆتۈپ بولغان ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت قاتارلىق يەرلەردە، 1866 ـ يىللىرى مائارىپقا ئالاقىدار باشقا ئىسلاهاتلارنىڭ بارلىققا كەلمەسلىكى مۇمكىنمىدۇ؟ 1873 ـ يىلى پەقەت قەشقەر تەۋەسىدىكى يۇرتلارنى تەكشۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن هېلىقى ئەنگلىيەلىك «چوڭگام» نىڭ يازمىلىرى ئىلىدا يېڭىچە پەن ـ مائارىپ

ئوچاقلىرىنىڭ «مەۋجۇد ئەمەسلىكى» گە تولۇق ئىسپات بولالارمۇ؟ بۇنىڭغا تارىخ ئۆزى جاۋاب بەرسۇن!

بىز 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئىلىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا يەنە قانداق يېڭىچە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، رۇسىيەلىك شەرقشۇناس ئالىم ۋاسىلىي ۋاسىلىيېۋىچ رادلوف 1862 ـ يىلى ئىلىدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاساسىدا يازغان «غۇلجىغا ساياھەت خاتىرىسى» دىكى:

«غۇلجا شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى يېزىلاردىكى تارانچىلارنىڭ تۇرمۇشىدەك نامرات، مۇشەققەتلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ قوۋم مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا كاپىتالىست، سودىگەر، دىنىي زاتلار يېتىشىپ چىققان، ھەتتا ئۇلار زورىيىپ كەلمەكتە، بەزى ئىشلار ئۇلارنىڭ دىتىغا ياقمىغان ئەھۋالدا ئەمەلدارلار بىلەن قارشىلىشالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلالايدۇ. بۇنداق چىنبارلىق (رېئال) شارائىتتا ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى.»، «غۇلجا شەھىرىدىكى تاتارلار (ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىردىن) قول ـ ھۈنەر سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن مەشھۇر.»[9] دېگەن قۇرلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز.

مانا بۇ پاكىت 1860 ـ يىللاردىكى غۇلجا شەھىرىنىڭ قويۇق مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىنلا ئەمەس، ئىلىدا كاپىتالىستىك مىللىي سودا ـ سانائەتنىڭ شۇ يىللاردىنمۇ بۇرۇنراق بارلىققا كەلگەنلىكى، دېموكراتىك ئاڭنىڭ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆسۈپ بارغانلىقىدەك ئەمەلىيەتتىنمۇ ئېنىق دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇلار « يېڭى پەن ـ مائارىپ، ھۈنەر ـ سانائەت بىلىملىرى» نىڭ مەھسۇلى بولماي، نېمە !؟

مەن قورغاس مازارلىق ئوت يۈرەك مائارىپچى زاھت ئەپەندىنىڭ 1867 ـ يىلى ئىلى ۋادىسىدا پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇش تەشەببۇسىنى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ، كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا دادىل يېڭىلىق كىرگۈزگەنلىكى، 1869 ـ يىلى غۇلجا خەلقىنىڭ ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تەكلىپ قىلىشى بىلەن غۇلجىغا كىرىپ، «ئىلى مەكتەپ» نى تەرتىپكە سالغانلىقى كونىچە مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا ئاخىرقى نەپەسكىچە بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈچۈن جانپىدالىق كۆرسىتىشنىڭ مەردانە ئۈلگىسىنى ياراتقانلىقى ھەققىدە توختالغان ئىدىم.

دېمەك، بىز ئوت يۈرەك مەرىپەتچى زاھت ئەپەندىنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئۇل سالغان دادىل ئىسلاھاتچى ۋە ھەقىقىي مائارىپ پېشىۋاسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاشقا، ئۇ نام بەرگەن «ئىلى مەكتەپ» نى بولسا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى بۆشۈكى، دېيىشكە ھەقلىق.

روشەنكى، ئىلى خەلقىنىڭ كونىچە مائارىپنى يېڭىلاش، يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى 1870 ـ يىللاردىن بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا زاھت ئەپەندىگە ئوخشاش چەت ئەلگە چىقىپ يېڭىچە مائارىپ بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ دادىل ئىسلاھاتچىلىق روھى تۈرتكە بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن جانپىدالىقلىرى گەرچە، ئەينى ۋاقىتتىكى جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ ئىجابىي ھەرىكىتى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەش ئېڭىنى تاڭ ئالدىدىكى چاقماقتەك لەرزىگە سېلىپ، مائارىپ ۋە يېڭىلىققا كۆچۈش روھىنىڭ توسۇۋالغۇسىز دەۋر ئېقىمىغا ئايلىنىشىنى تېزلەتكەن.

رۇسىيەلىك ۋ. ئا. موئىسېيېۋ يازغان «رۇسىيە ۋە جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدا» ناملىق كىتابنىڭ 131 ـ بېتىدە، مۇنداق بۇلجىماس پاكىتلار ئۇچرايدۇ:

«1873 ـ يىلى رۇسىيە غۇلجىدا قۇرغان مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 34 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 25 نەپىرى ئۇيغۇر بالىلىرى. پەقەت يەتتە نەپەرلا رۇس بالىسى بار. ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى رۇس پېداگوكى ۋاسىلىيېۋ بىلەن ئۇيغۇر قازى ـ كالانلار ئۈستىگە ئالغان. دوختۇرخانىلارنى قۇرۇپ، مەكتەپلەرنى ئېچىشتا پودپولكوۋنىك رېنتال ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى.

شۇ يىلى غۇلجىدا مەخسۇس تاناسىل كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان ياتاقلىق دوختۇرخانا ئېچىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە پۇقرالار ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ھەربىي دوختۇرخانىدا داۋالىنىش

ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. سابىق ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئوردىسى ئىچىگە 50 نەپەردىن 70 نەپەرگىچە بىمار يېتىپ داۋالىنىدىغان چوڭراق بىر دوختۇرخانا ئېچىش پىلانلاندى. تىببىي ياردەمگە مۇھتاجلار ۋىراچ ۋە فىلدىشېرلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇدۇللا بېرىپ، تىببىي ياردەمگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ يەرنىڭ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ چېچەك كېسىلى ۋاكسىنىسى ئەملەش يولغا قويۇلدى.»[10]

1873 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان بۇ زامانىۋى مەكتەپتە ياۋروپا مائارىپ ئەندىزىسى ۋە رۇسىيە مائارىپ ئىسلاھاتى پىروگراممىسى بويىچە دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن ئايان. بىز مانا بۇ ئەمەلىيەتنى نەزەردىن ساقىت قىلمىساقلا، ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ جەدىدچىلىك ئىلىغا تەسىر كۆرسىتىشتىن ئونىنەچچە يىل ئاۋۋال يولغا قويۇلۇپ بولغانلىقىدەك ھەقىقەتكە قەتئىي كۆز يۇممايمىز. «رۇس پېداگوكى ۋاسلىيېف»نىڭ بۇ مەكتەپتە دەرس بەرگەنلىكىدەك پاكىتنىڭ ئۆزىلا، ئۇنىڭ قوش تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان پەننىي مەكتەپلىك خاراكتېرىنى بېكىتىشىمىزگە يېتىپ ئاشىدۇ.

يالقۇن روزى «غۇلجىدا 1870 ـ يىللىرى تۆرلۈك پەننىي دەرسلەرنى ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارمىدى؟» دېگەن گۇمانىي سوئالنىمۇ ئوتتۇرغا تاشلايدۇ. ئەگەر، بىز رۇسلار قۇرغان مەكتەپنىڭ يىلىسىرى كېڭىيىپ، پەننىي بىلىملەر بىلەن قوراللانغان بىرنەچچە قارار ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ چىقىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆزدە تۇتساقلا، ئىلىدا يېڭى مائارىپ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بىمالال يېتىشىپ چىقىش ئېھتىماللىقىنىمۇ يوققا چىقىرالمايمىز. دېمەك، مۇئەللىپنىڭ بۇ ھەقتىكى ئورۇنسىز گۇمانى يوقىلاڭ ئەندىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ياۋروپانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىگە كۆچۈپ بولغان رۇسلارنىڭ ئىلىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان كىشىلەرگە مۇھتاج بولماسلىقى قەتئىي ئەقىلغا سىغمايدۇ ـ دە!

مەن رۇسلار غۇلجىدا قۇرغان بۇ زامانىۋى مەكتەپنى يالغۇز ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭمۇ رەسمىي باشلىنىش نۇقتىسى، دەپ قارايمەن. بۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ مۇشۇ پولاتتەك پاكىتقا ئاساسەن، غۇلجىدا زامانىۋى مەكتەپ بارلىققا كەلگەن 1873 ـ يىلنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلىنىش يىلى سۈپىتىدە خاتىرىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يالقۇن روزىنىڭ «بۇ مەكتەپتە قازى ـ كالانلارمۇ دەرس بېرىدىغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ يېڭىچە مەكتەپ دېگىلى بولسۇن؟» دېيىشى تۇرغانلا گەپ. بىز رادلوفنىڭ «غۇلجىغا ساياھەت خاتىرىسى» دە يېزىلغان «مەسچىد ئىماملىرى بۇ رايوندىكى قانۇننى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان ئالىملار ئىدى.» دېگەن پاكىتقا ئېتىبار بەرسەكلا، بۇ مەسىلىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

ئىلى ۋە يەتتەسۇ ۋادىسى مائارىپىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى سەۋىيەسىنىڭ زادى قانداقلىقىنى تۆۋەندىكى تارىخىي پاكىتلاردىنمۇ ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ:

«شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، غۇلجىدا جەدىدچە مائارىپ ئىسلاھاتى قەشقەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان، شۇنىڭدەك مائارىپنىڭ ئامما ئارىسىدىكى قاپلىنىش دائىرىسىمۇ بىر قەدەر كەڭ بولغان. بۇ نوقتا ئىسمايىل غاسپىرالىنىڭ ‹تەرجىمان گېزىتى› دە ئېلان قىلغان ‹باغچا سارايدىن قەشقەرگە خەت› تە رۇشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ خېتىدە قەشقەر مۇسۇلمانلىرىغا مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىلىق توققۇز تۈرلۈك كۆرسەتمە بەرگەن. ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرلۈك كۆرسەتمىسىدە: ‹مەكتەپ قۇرۇشتا غۇلجا مۇسۇلمانلىرىدىن ئۆگىنىڭلار، جەدىد ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن غۇلجىغا بىر نەچچە ئادەم ئەۋەتىڭلار› دېيىلگەن. يەتتىنچى تۈرلۈك كۆرسەتمىسىدە يەنە تەكرار قىلىپ: ‹مەكتەپ قۇرۇش جەھەتتە قەشقەر بىر نەچچە ئادەم ئەۋەتىپ غۇلجىنىڭ مەكتەپ قۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشى كېرەك› دېيىلگەن. بۇنداق بولۇشىنى ئاساسلىقى غۇلجىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەركەزلىك ئورنى بەلگىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىلى سانغۇن مەھكىمىسىنى ئىلىنىڭ كۈرەدە قۇرۇپ چىققان. 1766 ـ يىلى ئىلى سانغۇنى مىڭرۇي پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق ھەر

قايسى خوشۇنلاردا بىردىن مەكتەپ قۇرۇپ چىققان. بۇ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مائارىپ يېڭىلىقلىرى غۇلجىدا تارقىلىشقا باشلىغان. 1871 ـ يىلى رۇسىيە شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا قوراللىق بېسىپ كىرىپ، تاكى 1881 ـ يىلغىچە 10 يىل بېسىپ ياتقان. بۇ جەرياندا، ئۇلار مەدەنىيەت مائارىپ ئارقىلىق سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن، رۇس مەدەنىيىتىنى ئىلىدا يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىشقا ئورۇنغان، رۇس سودىگەرلەر ۋە دىپلومات خادىملىرى مەركىزى شەھەر غۇلجىدا جىددىي كۆپەيگەن. 1900 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ‹تەرجىمان گېزىتى› ئېلان قىلغان ئېنىق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، غۇلجىدا 170 نەپەردىن ئارتۇق قازان تاتارلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدىن باشقا، غۇلجا شەھرىدە يەنە 89 نەپەر تۈرك (61 نەپەر ئەر، 28 نەپەر ئايال، جەمئىي 42 ئائىلە) بار ئىدى. گەرچە ماتېرىيال قىس بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز دۆلىتى خەلقلىرىنىڭ ئىدىيە قارىشىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەردىن خەۋەردار بولغان بولۇشى ناھايىتى ئېنىق. غۇلجىدا رۇسلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە رۇس تىلى ئۆگىتىدىغان باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلغان. 19 ـ ئەسىردە غۇلجىدا ساياھەتتە بولغان يۈژىن سكيۇلېرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، يەرلىك خەلقلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تەخمىنەن 30 نەپەر ئۆسمۈر بۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. ئىلى رايونىدىن نۇرغۇن ياشلار رۇسىيەنىڭ بەزى شەھەرلىرىگە، ھەتتا تۈركىيە، ئەرەبىستان، مىسىر ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە چىقىپ سودا قىلغان، پەننىي بىلىم ۋە تىل ئىگىلىگەن. غۇلجىدا مەدەنىيەت بىلىملىرى قوشۇمچە قىلىنغان دىنىي مەكتەپلەر ۋە رۇسىيە ئوقۇتۇش پىروگراممىسى بويىچە دەرس سۆزلەيدىغان يېڭىچە مەكتەپلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. »[11]

قازاقىستان روند نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشر قىلغان «20 ـ ئەسىر نامايەندىلىرى» ناملىق كىتابتا، ياركەنت شەھىرىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە مۇنداق بايانلار بار:

«ياركەنت شەھرى قويىنىدا كۆپلىگەن دۇكانلار ئېچىلىدۇ. يېڭى مەكتەپلەر بارلىققا كېلىدۇ. جۈملىدىن 1886 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئوقۇغۇچىلارغا ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال شەھەردە دەسلەپكى دوختۇرخانا سېلىنغان ئىدى. 1887 ـ يىلى بىرقانچە تۈگمەن، خىش زاۋۇدى، ئىككى تېرە زاۋۇدى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى سېلىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.»[12]

يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى دېمىسەكمۇ ئايان. مانا مۇشۇنداق زامانىۋىي مەكتەپكە قانداق سەۋىيەدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ لازىم بولىدىغانلىقى، ئۇنى ئۇزۇلدۇرمەي ئوقۇغۇچى مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، يەنە قانچىلىغان مەكتەپلەرنىڭ ھاجەت بولىدىغانلىقى كۆپچىلىككە تېخىمۇ ئايان بولسا كېرەك. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئىلى ۋە يەتتەسۇ مائارىپىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قانچىلىك يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. دېمەك رادلوفنىڭ 1862 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە كاپىتالىستلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى بايانى بىلەن ياركەنت شەھرىدە «ئىككى تېرە زاۋۇدى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىدەك پاكىتنىڭ ئۆزىلا، يالقۇن روزىنىڭ «1909 ـ يىلىنى كاپىتالىستىك زامانىۋىي مىللىي سانائەتنىڭ بارلىققا كەلگەن يىلى سۈپىتىدە خاتىرىلەشنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېگەن ھۆكۈمىنى پۈتى يەرگە تەگمەس قىلىپ قويىدۇ.

شۇڭا، مەن ياركەنت شەھرىدە تېرە زاۋۇدى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن 1887 ـ يىلىنى ئانا دىيارىمىزدا كاپىتالىستىك زامانىۋىي مىللىي سودا ـ سانائەتنىڭ رەسمىي بارلىققا كەلگەن يىلى سۈپىتىدە خاتىرىلەشنىمۇ ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن.

يالقۇن روزى قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېفنىڭ «1895 ـ يىلى ئانتروپولوگ پايىسېل ياركەنت شەھرىدىكى 300 ئۇيغۇرنى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە ئىچىدە بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەمنى ئۇچراتمىغان.» دېگەن سۆزى ۋە نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ «تارانچى تۈركلىرىدە مەدەنىيەت نۇرى بولغان چوڭراق كىتابخانا، قىرائەتخانا، خەيرىيە جەمئىيىتى دېگەندەكلەردىن ھېچ قايسىسى يوق. ئۇلارنىڭ نامىمۇ يوق. شۇنداقلا مۇنتىزىم مەكتەپ، مەدرىسەگە كەلسەك، بۇرۇندىن قالغان مەكتەپ،

مەدرىسەلەر بار دەپ ئاتالغان يۇرتلار بەك جىق بولۇپ، بۇلاردىن ھەقىقەتتە بىرسىمۇ رەتلىك مۇنتىزىم ئەمەس.» دېگەن سۆزىنى ئۆز مەۋقەسىگە بوي سۇندۇرۇپ تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ: «ئۇ يىللاردا، ياركەنت شەھىرىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، بىراۋلارنى جەدىدچە ئۇسۇلدا تەربىيەلەيدىغان ئىمكانىيەتنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.» دېگەن بىر تەرەپلىمە ھۆكۈمنى ئالدىراقسانلىق بىلەن چىقىرىۋېتىدۇ.

پايىسىلىنىڭ يۇقۇرىقى مەلۇماتىغا گۇمانىي نۇقتىدىن قاراش كېرەك. چۈنكى، بۇ خىل ئۇسۇلدا نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشنىڭ ئىشەنچىلىك بولۇش دەرىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، بۇنىڭ «تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى رۇسلارنىڭ ياردىمىسىز يۈكسەلمەيدۇ» دىن ئىبارەت رۇس شوۋىنىزم ئىدىيەسىنىڭ هارام مېۋىسى ئەمەسلىكىگە كىممۇ كاپالەتلىك قىلالىسۇن !؟

ئالىم مۇراد ھەمرايېفنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە ھۆرمەت قىلىمىز. ئەمما، ئانتروپولوگ پايىسىلىنىڭ «تەكشۈرۈش» نەتىجىسىدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىق. چۈنكى، ئۇنىڭ يالقۇن روزى ئەپەندى «شەرقشۇناسلىقنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىمايلى» ناملىق ماقالىسىدە راسا سۆككەن «سەلبىي شەرقشۇناسلار» دىن بولۇپ چىقىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش تەس. ئەھۋال شۇنداقكەن، ئۇ ھېلىغۇ ئاددىي پۇقرالار ئىچىدىن بەش يۈز ئادەمنى تەكشۈرۈپتۇ، ھەتتا بەش مىڭ ئادەمنى تەكشۈرگەن تەقدىردىمۇ، بىرەر ساۋاتلىق كىشىنىڭ چىقماسلىقى قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مەسىلەن، **1919** ـ يىلىدىكى «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى زور كۆلەملىك يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنى قوزغالغان جۇڭگودىمۇ ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە يۇقۇرى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. مانا مۇشۇنداق ساۋاتسىزلىق ئەۋجىگەن بىر مەملىكەتتە «چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى» ۋە «يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» دەك ئالى بىلىم دەرگاھلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ !؟

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىلىرى قانداق؟» ناملىق ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايىقى بايانلاردا پولاتتەك ھەقىقەت بارلىقى ئېنىق. ئۇ «تارانچى تۈركلىرى» ئارىسىدا مۇنتىزىم زامانىۋىي مەكتەپلەرنىڭ يوقلىقىدىن ئۆكۈنۈش بىلەن بىللە «بۇرۇندىن قالغان مەكتەپ، مەدرىسەلەر بار دەپ ئاتالغان يۇرتلار بەك جىق» دېگەننى ئالاھىدە ئەسكەرتىشنىمۇ ئەستىن چىقارمايدۇ. بۇ يەردە ئۇ «چوڭراق كىتابخانا، قىرائەتخانا، خەيرىيە جەمئىيىتى دېگەندەكلەردىن ھېچ قايسىسى يوق. ئۇلارنىڭ نامىمۇ يوق.» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلاردا كىچىكرەك ياكى ئوتتۇرىھال كىتابخانا، قىرائەتخانىلارنىڭ مەۋجۇد بولۇش ئىمكانىيىتىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئۇنىڭ بايىقى سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «ئېھتىمال، بەزى ئەپەندىلەر پالان ـ پالانى ئۇسۇل جەدىد مەكتەپلىرىنى كۆرسىتىپ، ئېتىراز قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئېتىرازىمۇ ھەقىقەت ئەمەس. بىر مەكتەپكە پارتا، دوسكا كىرىشى بىلەنلا، ئۇسۇل جەدىد مەكتىپى بولۇپ قالامدۇ؟ مۇئەييەن پىروگراممىا بىلەن تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ، باللارغا ئىسلام دىنى ۋە باشقا پەنلەردىن مەئىشەت، تارىختىن ئۆگىتىپ، قىسقىسى، ئۇلارنى دۇنيادا ياشاشقا بىر تۈرلۈك لاياقەتلىك كىشلەردىن قىلىپ چىقىرىش لازىم بولسا، ئۇنداق مەكتەپ بىزدە يوق. بۇندىن كېيىن بولۇشىدىنمۇ ئۈمىد يوق. چۈنكى بىزدە ئۇسۇل جەدىد مەكتەپلىرىدە مۇئەييەن پىروگراممىا يوق. ھەر بىر مۇئەللىم، ھەر بىر موللا ئۆزى بىلگەننى ئوقۇتىدۇ.»[13] دېگەن قۇرلارمۇ تىركەلگەن.

نەزەرغوجىنىڭ تەكىتلەۋاتقىنى ئىلى ۋە يەتتەسۇ تەۋەسىدە جەدىدچە مەكتەپلەر بولسىمۇ، پېداگوگىكا قائىدىسى بويىچە تەربىيەلەنگەن يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كەملىكى ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىغۇدەك مۇنتىزىم دارىلمۇئەللىمىنلەرنىڭ بارلىقىغا كەلمەيۋاتقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ «ئۇسۇل جەدىد مەكتەپلىرى»نىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئەسكەرتىشىدىن «مىللىي مائارىپىمىز پۈتۈنلەي تۈگەشتى» دېمەيۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ئاڭقىرالايمىز.

بىز مائارىپ دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردىمۇ، يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كەملىكىدىن ۋايساۋاتقان تۇرساق، ئالىم مۇراد ھەمرايېفنىڭ **1895** ـ يىللاردىكى ئىشلارنى شىپى كەلتۈرۈپ ئېيتقان بايىقى سۆزىنىڭ قانداقمۇ ئەجەبلەنگۈچىلىكى بولسۇن، دەيسىز !؟

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ بايىقى

ئۆكۈنۈشلىرىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇنتىزىملىشىش تەلىپىدىن خېلى يىراقلىقىدەك ئەمەلىيەتنى بايقاش بىلەن بىللە، بۇ مەكتەپلەردە دوسكا، پارتا ـ ئورۇندۇق دېگەندەك زامانىۋىي ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدەك يېڭىلىقنىمۇ بايقايمىز.

باشقا گەپنى قايرىپ قويۇپ نەزەرغوجىدەك كاتتا زىيالىينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا زېھنىمىز بىلەن نەزەر سالايلى.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف 1887 ـ يىلى غالجاتتا تۇغۇلغان. بىز ئۇنى سەككىز ياشتا مەكتەپكە كىردى، دەپ پەرەز قىلساقمۇ، ئۇ 1895 ـ يىلى رەسمىي غالجاتتىكى جەدىدچە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان بولىدۇ. غالجاتنىڭ 1871 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئىلىغا تەۋە يېزا ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايدىڭ. غالجاتتىن ئىبارەت چەت ـ ياقا يېزىدا جەدىدچە مەكتەپ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا، ئەينى ۋاقىتتا ئىلى ۋە يەتتەسۇ مائارىپىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. روشەنكى، يالقۇن روزى پەقەت ئۆز مۇدىئاسىغا پايدىلىق پاكىتلارنىلا نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ھەممىلا قەلەمكەش ئۇنىڭدەك ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىۋەرسە، ھەقىقەتنىڭ بىرلا تەرىپى تارازا باسىدىغان ئىلىم تەڭپۇڭسىزلىقى روي بەرمەمدۇ !؟

مەن يالقۇن روزىنى نەزەرغوجىنىڭ 1914 ـ يىلى يازغان «تارانچى تۈركلىرىنىڭ ھاياتى» ناملىق ماقالىسىدىكى «تارانچى يېزىلىرى قىشنى بەك جىم ـ جىت ئۆتكۈزىدۇ. ھېچ بىر ھەرىكەت يوق، ياشلىرى ئوقۇيدۇ. چوڭ كىشىلەر ئاپتاپقا يىغىلىپ، بەسلىشىپ، بەھۇزۇر كۈن ئۆتكۈزىدۇ. كېچىنى بولسا ئۇلار، ئومۇمىي تۈركىستانلىقلارغا ئوخشاش، مەشرەپ، نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇششاق باللارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپكە ماڭىدۇ ۋە قايسىلىرى كۈننى ئوشۇق ئويناپ ئۆتكۈزىدۇ. باشقا ئىش يوق.» دېگەن قۇرلار بىلەن «بەينەل ئەھلى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ گېزىت ـ ژۇرناللار ‹ۋاقىت›، ‹تەرجىمان›، ‹يۇلتۇز›، ‹شۇرا›، ‹تۈرك يۇرتى› بۇلارنىڭ مۇشتەرىلىرى جىق. ئەندى ‹ئايال› ژۇرنالىنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. تارانچىلار ئارىسىدا ھېچ قارشىلىقسىزلا قوبۇل قىلىنىپ، كونا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۇسۇل جەدىد مەكتەپلىرىگە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ بىر چوڭ قۇسۇرلىرى بولۇپ، ئوچۇق، مۇھىم، ئۇلۇغ مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە، مۇنتىزىم ئەمەس.»[14] دېگەن ھەقدا قۇرلارنى ئەستايىدىل ئانالىز قىلىپ بېقىشقا ئۈندەيمەن.

نۇشىرۋان ياۋشېۋ «ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ۋە مەكتەپ» ناملىق ماقالىسىدا، «مەيلى ئالتەشەھەر، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار بولسۇن، ئىپتىدائىي تەلىم ـ تەربىيەگە پەقەت ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ خەلق ھەمىشە مەكتەپلەرگە تۆۋەن كۆز بىلەن قارايدۇ. بۇ تەرەپلەردىكى خەيرىيەتچى بايلار ئېغىزىدا ‹خانىقا، مەسچىد، مازار ۋە قارىيخانا، ئۆزلىرى يېتىشقا گۈمبەز سېلىش› نىلا ياخشى ئىش دەپ زىكرى قىلىشىدۇ. مەكتەپ دېگەننى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ. زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، مەسچىد يېنىغا مەسچىد، مەدرىسە يېنىغا مەدرىسە، گۈمبەز ۋە قارىيخانىلارنى قوشلاپ ھەم ئۈستىلەپ سېلىشقان. ئەمما، بۇ مۇئەسسەسەلەرگە قارىغاندا، مىللەتنىڭ ئېھتىياجى نەچچە ھەسسە چوڭ، تۆھپىسى كۆپ بولغان مەكتەپلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە قىزىققۇچىلاردىن بىرسىمۇ يوق. شەھەر ئىمارەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى مەسچىد ـ مەدرىسە، خانىقا ۋە قارىيخانا، گۈمبەز ۋە مازارلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يەرنىڭمۇ يېرىمى مەزكۇر مۇئەسسەسەلەرگە ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەن. ئالتەشەھەر (غۇلجا بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ ئىچىدە بالا ئوقۇتقىلى بولغۇدەك تەرتىپلىك ۋە مۇنتىزىم بىرمۇ مەكتەپ يوق.»[15] دېگەنلەرنى يازىدۇ.

ئۇ يەنە «ئارتۇش تەسراتى» ناملىق ماقالىسىدا، «لېكىن يېرىنىڭ ئازلىقىدىنمۇ، ئىلىم ـ تېخنىكا يوقلۇقتىنمۇ؟ ئىشقىلىپ، ئارتۇش خەلقى ئومۇمەن مۇھتاجلىقتا ياشايدۇ. تۇرمۇشى بەك بىچارە. ياخشى ئۆيلەردە تۇرۇش، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىش، نوچى ئاتلارغا مىنىش، مەززىلىك تائاملارنى يېيىش، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشتەك سائادەتلەردىن مەھرۇم قالغان. خار ۋە زەبۇن ھالەتتە ياشايدۇ. تاپاۋىتى ئاز، بىراق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى خېلى قىممەت. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ يەردە ئانا بالىغا، بالا ئانىغا قاراشمايدۇ. قىيامەت كۈنىدەك ھەركىم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە.»[16] دېگەن قۇرلارنى يازىدۇ. ئۇنىڭ «غۇلجا بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ

ئەسكەرتىش بېرىشدىنلا، ئىلى مائارىپىنىڭ ئالتەشەھەر مائارىپىدىن ھەقىقەتەنمۇ ئۈستۈنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

1916 ـ يىلى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن مالىيە خادىمى سالاھىيىتىدە شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن شې بىنىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» دىكى ئىلىغا ئائىت مەلۇماتلاردا، «سودىدا ئىشلىتىلىدىغان ھېسابات دەپتەرلىرى، چوت، پۇل، پاكتور ـ تالونلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رۇس پاسونىدا ئىكەن. بازارلاردا رۇسىيە ماللىرى سېتىلىدىكەن، رۇسىيەلىكلەرنىڭ ئادەت ـ يوسۇن، قائىدىلىرى قوللىنىلىدىكەن. قىسقىسى، جۇڭگونىڭكىگە ئوخشايدىغان بىرەرمۇ شەيئى تېپىلمايدىكەن. ھالىمىزغا ۋاي!»[17] دېگەن قۇرلار چېلىقىدۇ.

مانا بۇلار ئىلى ۋىلايىتى چار رۇسىيە تەسىررۇپىدىن قۇتۇلۇپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي باشقۇرۇشىغا ئۆتكىنىگە 30 نەچچە يىللار بولغان دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەينەن ئىنكاسى. بۇنىڭدىن بىز ئىلى ۋادىسىنىڭ ئەينى يىللارغىچە رۇسىيە سىياسىي تۈزۈلمىسى تەسىرىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى، ئىلىدا رۇس مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ يەنىلا مۇتلەق ئۈستۈنلىكتە تۇرىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

جاڭ داجۇن «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ناملىق كىتابىدا، «ياڭ زېڭشىن 1915 ـ يىلى 24 ـ دېكابىر قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى خەلق قۇرغان خەنزۇچە مەكتەپلەر (ئۇيغۇر بالىلىرىغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەر. ئاپتوردىن) دەرسلىكلىرى ئىچىدىكى رۇس تىلى دەرسلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ياڭ زېڭشىن قەشقەر ۋالىيسىغا يېڭىشەھەردىكى خەلق قۇرغان خەنزۇچە مەكتەپ دەرسلىكىدىن رۇس تىلى دەرسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ‹باشلانغۇچ مائارىپى مەجبۇرىيەت مائارىپى. ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ مەكتەپ ئېچىش ئىشلىرى خىراجەتنى يەرلىك مۆتىۋەر سودىگەر ئاقساقاللارنىڭ ئىئانە قىلىشى بىلەن قوزغالدى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى ما شاۋۋۇ بۇ ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال تەشەببۇس قىلدى. باھاۋۇدۇن باي قاتارلىق ئۇيغۇر مۆتىۋەرلىرىنىڭ سېخىيلىق بىلەن ئىئانە قىلىشى نەتىجىسىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى ۋە ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكىدىكى خەنزۇچە ئوقۇتىلىدىغان، قوشۇمچە ساۋات چىقىرىدىغان مەكتەپتىن ئىككىسى قۇرۇلدى.›»، «شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار خەنزۇچە ئوقۇشنى خالىمايدۇ. بۇنىسى ئېنىق. ئۇيغۇرلار قۇرغان مەكتەپلەر تۆۋەن ۋە يۇقۇرىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك ئوقۇش ئورۇنلىرىنى ‹مەكتەپ› دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنداق مەكتەپلەرنى كۆپىنچە ئاخۇنلار قۇرىدۇ. ئۆتىلىدىغان دەرسلەر مۇنداق: 1 ـ ئىسلام شەرىئىتى، 2 ـ تىلاۋەت ۋە تەپسىر، 3 ـ ھەفتىيەك، ـ قۇرئان كەرىم، 5 ـ سوپى ئاللايار (دىنىي شېئىر)، 6 ـ ناۋائى، 7 ـ خوجا ھافىز. يۇقۇرىقى يەتتە دەرسنىڭ ئالدىنقى تۆتى ئەرەپچە، بەشىنچى، ئالتىنچىسى تۈركچە، يەتتىنچىسى پارسچە. خەلپەتلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، ئۆلۈك يادلاشنىلا تەكىتلەپ، چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشنى تەكىتلىمەيتتى.»، «يۇقۇرى دەرىجىلىك مەكتەپلەر كۆپىنچە بايلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان. كۆلىمى چوڭ، ئەسلىھەلىرى ھەرھالدا تولۇق. تالىپلار ياتاقلىرى بار بولۇپ، چەت جايلارنىڭ تالىپلىرىمۇ قوبۇل قىلىناتتى. ئاساسەن دىنىي مەزمۇندىكى دەرسلەر ئوقۇتۇلاتتى. يەنى مۇھەممەد ئەللەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىدىن سىرت ئەرەب تىلى، پارس تىلى ئۆگىتىلەتتى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۆلۈك بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن تالىپلار خەت ئالاقە ھۆججىتىنىمۇ تۈزەپ يازالمايتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈش يىلىنىڭ ئېنىق مۇددەت چېكى بولمايتتى. تالىپلار 20، 30 يىل ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، پەقەت بىر تۈركۈم دىنىي زات بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى. ئۇلاردا ئەمەلىي بىلىمدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر بايلىرى پەرزەنتلىرىنى تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىرىپ ئوقۇتتى. مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭدا يېڭىچە (جەدىدچە) مەكتەپلەرنى ئاچتى. لېكىن بۇنداق يېڭى مەكتەپلەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلدى.» دېگەنلەرنى يازىدۇ. زېڭ ۋېنۋۇنىڭ ‹جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى› ناملىق يازىدۇ.كىتابىدىكى مەسئۇت سابىرىنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ يېزىلغان: «مەن 1915 ـ يىلى تۈركىيەدىن ۋەتەنگە قايتىپ

يۇرتىمىزدىكى قالاقلىق، قاششاقلىقنى تۈگىتىش مەقسىتىدە «تۇران» مەكتىپىنى قۇرسام، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن تاقىۋېتىلدى.» دېگەن قۇرلارنى ئەسكەرتكەندىن كېيىن، يەنە «مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) كۇچالىق ئۇيغۇر باي نۇشىرۋان ئىسمىلىك تاتارنى تەكلىپ قىلىپ، مەخپىي رەۋىشتە مەكتەپ ئاچقان بولۇپ، بۇ مەكتەپنىمۇ ھۆكۈمەت تاقىۋەتكەندى.» دېگەنلەرنى يازىدۇ. تۈركىيە پۇقرالىرىنىڭ مەكتەپ قۇرۇشىنىڭ چەكلىنىشى ھەققىدە توختالغاندا، «1916 - يىلى 14 - ئاۋغۇست ياڭ زېڭشىن ھەرقايسى جايلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۈركىيەلىكلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇپ قوشۇمچە مەكتەپ قۇرۇشىنى چەكلىدى. ئەينى چاغدىكى يەكەن ھاكىمى لىۇ رېنتەننىڭ مەلۇم قىلىشىچە: يەكەن ناھىيەلىك سودا - سانائەت شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرى ياقۇپ تۈركىيەلىك بولۇپ، سودا - سانائەت مەكتىپى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. كېيىن، دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلى دىققىتىمىزنى قوزغىغان. ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، مائارىپ ئىشلىرى ھۆكۈمىتىمىز ئىچكى سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. قۇدرەت تاپقان ئەللەرمۇ مائارىپ ھوقۇقىنى ھەرگىز چەت ئەللەرگە تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. جۇڭگومۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. چەت ئەللىكلەر جۇڭگوغا كېلىپ مەكتەپ ئېچىشتا مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى شەرت. يۇقىرىقى مەكتەپلەر چەت ئەللەردىن خالىغانچە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىيەلىكلەر بىلەن چەنتۇ پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىر. ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا مەكتەپ ئېچىشىغا يول قويۇلسا قارىماققا بىلىم ئۆگىتىپ، خەلق مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە دىن ئارقىلىق چەنتۇ پۇقرالىرىنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتى مائارىپ ئىچىگە يوشۇرۇنغان. چەنتۇ پۇقرالىرى بىلىمدە بېكىنمە يول تۇتىدۇ. دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك. ئەگەر تۈركىيەلىكلەر تەرىپىدىن ئازدۇرۇلسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. بۇلتۇر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىلىك چەنتۇ باي سودىگەر باھاۋىدۇن باي مەكتەپ ئېچىپ، تۈركىيەلىك ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلغانلىقىنى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلمەپتىكەن، چاررۇسىيە كونسۇلى بۇنى تىمىسقىلاپ بىلىۋالغان ۋە

تېلېگراممىا ئارقىلىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمىزنى خەۋەرلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپنىمۇ تاقىدۇق.» دېگەنلەرنى يازىدۇ.(بۇ جايدا يەنە نۇشىرۋان ياۋشېفنىڭ «ئالتە شەھەر مەكتۈپلىرى»ناملىق كىتابىدىن كەلتۈرۈلگەن بىر قىسىم نەقىللەر سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن قىسقارتىلدى. — مۇھەررىردىن)

بىز جاڭ داجۈن بىلەن نۇشىرۋان ياۋشېفنىڭ بايانلىرىدىن ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ ئالتەشەھەردە جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش يولىدىكى ئارزۇسىنىڭ پەقەت جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەھەل ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما، تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي توسالغۇلارغا ئۇچراپ يوققا چىققانلىقىنى ۋە بىردە داۋاملىشىپ، بىردە توختاپ ئىزچىل تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنداق بولمىسا، بۇ مەكتەپلەر ھېلىھەم مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىغان بولاتتى.

مۇشۇ ئەمەلىيەتتىن بىز مۇساباييېفلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ سودا - تىجارىتىنى نېمە ۋەجىدىن ئاتۇشتا ئەمەس، ئىلىدا تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى، زامانىۋى تىپرە زاۋۇتىنى ئالتەشەھەر تەۋەسىدە قۇرماستىن، ئەكسىچە غۇلجىدا قۇرغانلىقىدىكى نېگىزلىك سەۋەبىنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالالايمىز. كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇنىڭدا ئىلىنىڭ مىللىي سودا - سانائەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئەڭ باپ كېلىدىغان «جەننەت ماكان» بولۇشىدەك ئوبيېكتىپ ئامىل مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، ئىلى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقۇرى، يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىش روھىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدەك سۇبيېكتىپ ئامىلمۇ ئىنتايىن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

نۇشىرۋان ياۋشېفنىڭ «چىنىدا ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرى خېلى ياخشى. يېقىنقى يىللاردا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئوبدانلا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان. ئەمما، ئالتەشەھەردىكى تۇرپان، كۇچار، ئاقسۇ، كاشغەر، ياركەنت ۋە خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئىقتىسادىي ئىشلاردىمۇ، ئىلمىي ئىشلاردىمۇ بەك ئاستا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. شەھەرلىرى، مەكتەپ ۋە مەدرىسەلىرى، ئومۇمى

تۇرمۇشى ۋە مەئىشەتلىرى پۈتۈنلەي قەدىمىي پېتىچە كېتىۋاتىدۇ. ھەر شەھەردە ئىككى ـ ئۈچتىن ئوچۇق پىكىرلىك زاتلار بولسىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ ئەسىردىن بېرى كاردىن چىقىپ كەتكەن بىر مىللەتنى ئورنىدىن قوپۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار يېتىشمەيدۇ.»[19] دېگەن مەزمۇنلار بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

يالقۇن روزى يەنە «باھاۋىدۇن باي ئىلىدىكى ئەڭ كاتتا مەسچىد بەيتۇللا مەسچىدىنىڭ بېقىنىدا ‹پۈتۈنلەي پەننىي دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپ› قۇرسا مەدرىسە ئۆلىمالىرى قاراپ تۇرارمۇ؟ ‹نېمىشقا دىنىي دەرس ئۆتمەيسەن› دەپ سورىماسمۇ؟ ياكى باھاۋىدۇن باي ئاتىئىزمچىمۇ؟» دېگەندەك رېتورىك سوراقلارنى سورايدۇ. بۇ يەردە ئۇ، باھاۋىدۇن باينىڭ بەيتۇللا مەسچىدى يېنىدا مەكتەپ ئاچقانلىقىنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا قالماي، ئىلى خەلقىنىڭ يېڭى مائارىپقا تۇتقان ئاكتىۋال مۇئامىلىسىنىمۇ بىراقلا يوققا چىقارماقچى بولىدۇ.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا «مۇسۇلمان بار يەردە مەسچىد بار، مەسچىت بار يەردە مەكتەپ بار» دېگەن ئوبرازلىق گەپ بار. بىز رادلوفنىڭ 1862 ـ يىلىدىكى غۇلجا دىنىي زاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئېيتقان «مەسچىد ئىماملىرى بۇ رايوندىكى قانۇننى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان ئالىملار ئىدى.» دېگەن سۆزى بىلەن 1873 ـ يىلى رۇسلار غۇلجىدا قۇرغان زامانىۋى مەكتەپتە قازى ـ كالانلارنىڭ دەرس بەرگەنلىكىدەك پاكىت ئىلى خەلقىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن مەكتەپ مائارىپىدىن ئىبارەت ئىككى مەنىۋى ئەڭگۈشتەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن، كەم بولسا بولمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەنلىكىنى پەملەيمىز. ئىلىدىكى كۆپلىگەن مەكتەپلەرنىڭ مەسچىدلەرگە يانداش ئېچىلغانلىقى، ئۇنى ئاچقۇچىلارنىڭ ئاساسەن دىنىي زاتلار ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتمۇ، يالقۇن روزىنىڭ رېتورىك سوراقلىرىغا قايماقتەك جاۋاب بولالايدۇ.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ «تارانچى تۈركلىرىنىڭ ھاياتى»ناملىق ماقالىسىدا 20 يىل ئىلگىرىكى رەسىم ـ قائىدىلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىپ بارغانلىقىدىن خاۋاتىرلىنىپ ئېيتقان «مەسىلەن، بۇلاردىن بىرى يېڭى يىلنى، نورۇز بايرىمىنى قارشى ئېلىش ئىدى. ھەممە ئۈچۈن ئۇنىڭدا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈمىدى بولغانلىقتىن، ئومۇمىي ئاھالە، خوتۇن ـ قىزلار بىر مەيدانغا يىغىلىپ، بۇ يىلنىڭ ھەممە ئۈچۈن قۇتلۇق يىل بولۇشىنى تىلەيتتى. پۈتكۈل ئاھالە تەرىپىدىن بايرامغا مۇناسىپ مىللىي ئويۇنلار ئوينىلاتتى. موللىلارمۇ ئۇنىڭغا خۇش ـ شادلىق بىلەن ئىشتىراك قىلاتتى.»[20] دېگەن سۆزلىرى بايىقى جاۋابنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ.

بەرھەقكى، ئىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئاساسلىق دىنىي زاتلىرى ئاساسەن دېگۈدەك قاھىرە، ئىستانبۇل، قازان، ئوفا، باغچەساراي، بۇخارا، ياركەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل كۆرۈش جەريانىدا نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن ھەمدە غۇلجىدىكى تەرەققىيپەرۋەر تاتار مۇئەللىملەردىن جەدىدچە تەربىيە ئېلىش نەتىجىسىدە، ئاڭ ۋە ئىدىيە جەھەتتە خېلى بۇرۇن ئويغانغان كىشىلەردىن بولۇپ، «مەدەنىي ـ مائارىپ يۈكسەلمىسە، مىللەت يۈكسەلمەيدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن ئىدى. مۇئەللىپ مانا بۇ ئەمەلىيەتنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دىنىي ئېتىقاد مۇھىتى بىلەن قەشقەر تەۋەسىدىكى يۇرتلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد مۇھىتىنى تامامەن ئوخشاش ئىدى، دەپ قارىۋالغان.

1934 ـ يىلى كۈزدە، «ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قارمىقىدىكى سانائىنەفىسە زىيا سەمەدىنىڭ «قانلىق داغ» دىرامىسىنى جالالىدىن يەھيارى رېژىسسورلۇقىدا سەھنىلەشتۈرىدۇ. دىراما قويۇلۇش ئالدىدا ھۆكۈمەت دائىرلىرى دىرامىنى قويغۇزماسلىق ئۈچۈن، مەھكىمە شەرئىيگە بېسىم ئىشلىتىدۇ. سانائىنەفىسە مەسئۇللىرى ئويۇن مەزمۇنىنىڭ دىنغا قارشى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەھكىمەئى شەرئىينىڭ قازىسى ئاسىپئاخۇنۇمدىن پەتىۋا سورايدۇ. ئاخۇنۇم ئۇلارغا پەتىۋا بېرىش ئۈچۈن، ھاكىمبەگ غوجا قاتارلىق جامائەت مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىللە كېلىپ دىرامىنى كۆرىدۇ. ئويۇن ئاخىرلىشىپ، ئارتىسلار تاماشىبىنلارنىڭ تەلىپى بويىچە سەھنىگە قايتا چىققاندا، ئۆز ئوغلى قېيىيۇمبەگ غوجىنىڭمۇ رول ئالغانلىقىنى كۆرگەن ھاكىمبەگ غوجا خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ كېتىدۇ. ئاسىپئاخۇنۇم بولسا: «مەن بۇ ئويۇندا ئىسلامغا مۇخالىپ بىرەر سۆز ـ ھەرىكەتنىڭ بارلىقىنى بايقىمىدىم. جامائەت ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارە قويۇلسا بولىدۇ.» دەپ پەتىۋا بېرىدۇ

ۋە بۇ ئويۇنغا ئەرلەرنىڭلا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ «نامەھرەم بولىدۇ» دېگەن شىكايەتتىن قورققانلىقىنى ئاڭلاپ: «بۇنداق ياخشى ئويۇننى خوتۇن ـ قىزلارمۇ كۆرۈپ ئىبرەت ئالمىقى جاھىزدۇر. ئەرلەر ئىتتىن قورقمىغاندىكىن ئاخشىمى، ئاياللار كۈندۈزى كۆرسۇن!» دەپ ئىجازەت بېرىدۇ.

توي ـ تۆكۈنلەردە باغاق يېزىشنىڭ قانداق مەدەنىيلەشكەن تۇرمۇش ئادىتىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك. **1926** ـ يىلى **29** ـ نويابىر كۈنى غۇلجا شەھرىدە بېسىلغان تۆۋەندىكى بىر پارچە «تەكلىپنامە» («دەۋەتنامە») ئابدۇلخەمىت ئابدۇلۋەكىلى ئەپەندى جەمەتىدە ساقلانماقتا. (مۇقاۋىغا قاراڭ)

بۇ تەۋەررۇك تەكلىپنامە ئىنتايىن ئۆلچەملىك بېسىلغان بولۇپ، «ئىززەتلىك ھۆسەيىن قارابايېۋ. شەنبە كۈنى سائەت **10**دا، خانىمىزگە خەتنە تويىغا ئىلتىفات قىلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمىز. ئېھتىرام ئىلە: نەسرىدىن شەمشىدىن ۋە زەيىندىن بىن ھاجى غەينىدىن.» دەپ يېزىلغان. يان تەرىپىدىكى «جۇڭخۇا مىنگو **10** ـ يىل جامادى ئەۋۋەل» دېگەن خەتلەردىن ئۇنىڭ ئانا نۇسخىسىنىڭ **1921** ـ يىلى بېسىلغانلىقى ئايان.

مانا بۇ «تەكلىپنامە» دىن ئىلىدا باغاق ۋە تەكلىپنامە يېزىش ئادىتىنىڭ **20** ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز. شۇنداقلا، يېڭى مائارىپ ئېلىپ كەلگەن مەدەنىي تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىنىڭ ئىلى خەلقىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە، قانچىلىك ئاكتىۋال رول ئوينىغانلىقىنىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىمىز.

ماقالىدا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئۈچ چوڭ خاتالىقتىن باشقا تارىخىي خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس. سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن بىرنەچچىسىنىلا تىلغا ئالىمەن:

مۇئەللىپ «ئىككىنچى خىل قاراش» تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مۇسابايېفنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باھاۋىدۇن باي **1870** ـ يىلى ياركەنتكە چىقىپ، تاتارلار ئاچقان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەن» دېگەن مەسىلىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ھەققىدە خېلى ئورۇنلۇق گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، «**1881** ـ يىلىدىن ئىلگىرى يوق شەھەرنى شىپى كەلتۈرۈپ ماقالە ـ ئەسلىمىلەرنى يېزىش، توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.» دېيىش ئارقىلىق ياركەنت شەھرىنىڭ **1881** ـ يىلىدىن ئىلگىرى «مەۋجۇد ئەمەسلىكى» نى قارىسىغىلا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىز ۋاسىلىيېۋىچ رادلوفنىڭ «غۇلجا ساياھەت خاتىرىسى» دىكى «ئەپسۇسلىنارلىق ئىش شۇ بولدىكى، دەريانىڭ شىمالىدىكى سولۇنلار مەھەللىلىرىگە بارالمىدىم. زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يۇرتلارنى شەھەر ـ بازار دەپ ئاتايدىكەن.»، «ئۇلار يېزا ـ كەنتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ياركەنت، يەنە بىرىنى ئاقكەنت دەيدىكەن»[21] دېگەن قۇرلاردىن **1862** ـ يىلى ياركەنت ۋە ئاقكەنتتىن ئىبارەت شەھەر ھالىتىدە كۆلەملەشكەن ئىككى يۇرتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۇقىمىز. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، **1881** ـ يىللارنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولغان «كۆچ ـ كۆچ» قوشاقلىرىغا يۈزلىنەيلى:

ئەلنىڭ ئالدى يەتكەندۇ،
ياركەنتنىڭ بازارىغا.
تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈڭلار،
قورغاسنىڭ مازارىغا.

بۇ قوشاقتا «ياركەنتنىڭ بازارىغا» دېگەن سۆز ئارقىلىق ياركەنتنىڭ شەھەرلەشكەن يۇرت ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتتىن بېشارەت بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شەھەر دەرىجىسىگە توشمىسا، بۇ سۆز «ياركەنتنىڭ بازارى» دېيىلمەستىن «ياركەنت بازىرى» دەپ ئېلىنغان بولاتتى. بەلكىم بۇنى «قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن شۇنداق ئېلىنغان» دېگۈچىلەرمۇ چىقار. ئەمما تۆۋەندىكى تارىخىي پاكىت بىزنى بۇ گۇماندىن تامامەن خالاس قىلىدۇ.

چوقان چىڭگىزوۋىچ ۋەلىخانوفنىڭ «ئالتەشەھەرگە سەپەر» ناملىق كىتابىنىڭ غۇلجىغا سەپەر بۆلىكىدە:

«**1856** ـ يىلى **8** ـ ئاينىڭ **3** ـ كۈنى.

بىز يولبويى كۆلىمى كىچىك توپ ـ توپ ئورمانلىق، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ ماڭدۇق. ھەيدەلگەن يەر ۋە دېھقانلارنى ھېلىدىن ھېلىغا ئۇچرىتاتتۇق. بەزىدە قورۇق ئىگىلىرىنىڭ ئوڭچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىمۇ ئۇچرىتاتتۇق. بىز شىبە زەنگىسى ــ پولك مايورى تۇرىدىغان ياركەنت،

چىغان شەھەرلىرىنى ئوڭ تەرىپىمىزدە قالدۇرۇپ، ئاقكەنتكە قاراپ ئۇدۇل يۈرۈپ كەتتۇق.»[22] دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ.

مانا بۇ پاكىت يالقۇن روزىنىڭ «**1881**-يىللاردىن بۇرۇن ياركەنت شەھىرى قۇرۇلمىغان» دېگەن خاتا ھۆكۈمىنى پۈتۈنلەي سۇغا چىلاشتۇرۇپ، ياركەنت شەھىرىنىڭ **1850**-يىللاردىمۇ مەۋجۇدلۇقىدەك ھەقىقەتنى يۈزدە يۈز ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىدا، بىز ياركەنت شەھىرىنىڭ **1886**-، **1887**-يىللاردىكى مەدەنىيلەشكەن ھالىتىدىن خەۋەردار بولغان ئىدۇق. دەرۋەقە، بۇ نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىسى قانداق؟» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان **1911**-يىلدىن **26** يىل بۇرۇنقى ئىشلار. ئەگەر، ياركەنت شەھىرى **1881**-يىلىدىن كېيىن بىنا قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ **1886**-، **1887**-يىللاردىكى قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەن مەدەنىي ھايات مەنزىرىسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولاتتىمۇ؟!

يالقۇن روزى ئابدۇللا بوبىنىڭ **1917**-يىلى غۇلجىدىن رۇسىيەگە كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنى «ئابدۇللا بوبىنىڭ رۇسىيە تەرىپىدىن غۇلجا تاتارلىرىغا ئاقساقال قىلىپ بەلگىلەنگەن فازىلجان يۇنىچىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانلىقى» غا باغلاپ تەھلىل قىلىدۇ ۋە بۇ تۇتۇرۇقسىز پەرىزىنى بىز ماقالىنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان ئابدۇللا بوبى خاتىرىسىدىكى خۇسۇسىي ئاداۋەت پۈرىقى كۈچلۈك ۋايساشلارغا تايىنىپ ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

دېمەك، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن «ئابدۇللا بوبىنى فازىلجان ئاقساقال يەكلەپ كەتكۈزىۋەتكەن» دېگەن مەنا چىقىدۇ. بۇ يەردە مەسىلىنىڭ تېگى ئۈچى ئىلى تاتارلىرىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاقساقىلى فازىلجان يۇنىچىنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىگە تاقىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويۇشنى راۋا كۆردۇم.

مىرقاسىم گوسمانوفنىڭ «يېپىلمىغان كىتاب» ناملىق كىتابىنىڭ **90**-بېتىدە فازىلجان ئاقساقالنىڭ ئابدۇللا بوبى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رولى ھەققىدە مۇنۇلار يېزىلغان:

«ئەمما ئادىللىق ئۈچۈن شۇنى ئېيتىشقا تېگىشلىككى، ئىمتىيازىغا مۇناسىپ ھالدا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە ۋە رۇسىيە گىراژدانى سۈپىتىدە، رۇسىيە كونسۇلىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان فازىلجان ئاقساقال بىلەن ئابدۇللا بوبى ئارىسىدا بەزىبىر زىددىيەتلەرنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى ئايان. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى، نوقۇل بوبىنىڭ ئەسكەرتكىنىچە، ئاقساقالنىڭ رېئاكسىئونلىقىدىن ئەمەس، مېنىڭچە، ئۇنىڭ (ئابدۇللا بوبىنىڭ) سالامەتلىكىنى (ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى. ئاپتوردىن) ئويلاپ ئېھتىيات بىلەن باشقۇرۇشقا ئۇمتۇلگەنلىكى ھەمدە تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ئىگە، ماكسىماليست تەبىئەتلىك بوبىنىڭ قىزىققانلىقى، تەرسالىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېھتىماللىقلارنى ئويلاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك خىزمەت ئۇسۇلى، ئىككى تۈرلۈك تاكتىكىنىڭ بىردەكلىكىدىن ئىزدەش كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، فازىلجان يۇنىچىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئۇنۇملۇك نەتىجىلەرنى توغرا چۈشەنمىگەن بولىمىز. بىرىنچىدىن، غۇلجىدا ھەقىقىي زامانىۋى تاتار مەكتىپىنىڭ ئېچىلىشى، ئۇنىڭ بىناسىنىڭ سېلىنىشىغىچە بولغان ھەممە ئىشلار فازىلجان ئاقساقالنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشقۇرۇلغان. ئىككىنچىدىن، غۇلجا تاتار جامائىتىنىڭ ئۇيۇشۇپ، مەكتەپ-مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇزاق يىل خىزمەت قىلىشىدا ئالدى بىلەن ئاقساقالنىڭ ئىجتىھاتچانلىقى، يەكدىللىقى زور روللارنى ئوينىغان. ئۈچىنچىدىن، غۇلجا تاتار ياشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى چەت ئەللەرگە (رۇسىيە، تۈركىيە، گېرمانىيەلەرگە) ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش ئويىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەرنىڭ بىرى دەل ئەل ئىچىدە ئابرۇيلۇق فازىلجان ئاقساقالدۇر. تۆتىنچىدىن، جامائەتنىڭ پايدىلىنىشىنى كۆزلەپ، ئۆز ئۆيىدە شەخسىي كىتاپخانا ئېچىش ئارزۇسىنى تۇنجى قېتىم فازىلجان ئاقساقال ئەمەلگە ئاشۇرغان. بەشىنچىدىن...

خەير. بۇلارنى ساناپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، ئۇنىڭ مەنىۋىي سۈپىتىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقىنى چاقنىتىدىغان مۇنۇ دوكۇمېنتقا تايانغىنىمىز دۇرۇسىتەك قىلىدۇ. بۇ دوكۇمېنت فازىلجان يۇنۇچىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدىن ئىبارەت.»[23] دېگەن قۇرلار بار.

مەزكۇر «ۋەسىيەتنامە» نىڭ تەپسىلاتى ئابدۇۋەلى مۇقىيتىنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ **2010**-

يىلى **4** ـ سانىغا بېسىلغان «بىر پارچە ۋەسىيەتنامىدىن ئەينى دەۋرگە نەزەر» ناملىق ماقالىسىغا تولۇق بېرىلگەنلىكتىن، تەكرارلىمايمەن.

«بوبى مەدرىسەسى» ناملىق ماقالىنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت مەھدىيېۋ ئابدۇللا بوبىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھارپىسىدا رۇسىيەگە كېتىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇنىڭ قىزى غەلىيەگە يازغان مۇنۇ خېتىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«خەلقئارا ۋەزىيەتنى دائىم كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن. رۇسىيەدە ئىنقىلابنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر بۇ مۆلچەرىمنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ئىمانىم كامىل. يېقىن كەلگۈسىدە شۇنداق كاتتا ھۆرىيەتلەر بولغۇسى. بىر ئۇلۇغ سائادەتلىك، خۇشاللىنارلىق كۈنلەر تۇغۇلغۇسى. بىز ئويلاپ باقمىغان زور ئىمتىيازلار بىزگە قۇچاق ئاچقۇسى، بىز زارىقىپ كۈتكەن ئاشۇ مىنۇتلار ئاخىرى يېتىپ كەلدى. قىزىم غەلىيەكەي، يۇرتىمىزدا قىزلار مەدرىسەسى ئاچىمەن. بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ، ئۇنى دارىلمۇئەللىمىن قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن. ئۇنىڭدا رۇسچە لىسانى مۇكەممەل ئوقۇتىمەن . ئەنە شۇ ۋاقىتتا ھەممىزنىڭ مىللىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىمىزنى، بەك سۆيۈنەرلىك ھايات كەچۈرىدىغانلىقىمىزنى ئويلىغىنىمدا، بارچە ھەسرەتلىرىم ۋە كۆرگەن ئېغىرچىلىقلىرىمنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىمەن، يۈرىكىم شادلىق ئىسكەنجىسى ئىلكىدە سوقىدۇ. كۆڭلۈم مەمنۇنلۇقتىن ئاۋۇنىدۇ. ھەسرەتلىرىم كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئىسسىق ياشلىرىم يۈزلىرىمنى يۇيىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەسرەت يېشى ئەمەس، بەلكى سۆيۈنۈش ۋە شادلىق ياشلىرىدۇر.»[24].

فازىلجان يۈنچى مەشھۇر جامائەت ئەربابى سالاھىيىتىدىلا ئەمەس، ئۇلۇغ ئاتا سۈپىتىدىمۇ ئۇلۇغلاشقا مۇناسىپ كىشى. چۈنكى، ئۇنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش يولىدىكى تىرىشچانلىقى جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىدىن قېلىشمايدۇ. مەسىلەن، سابىق «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى ھەبىب يۈنىچىدەك نامدار ژۇرنالىست، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پولكوۋنىكى ئايتۇغان يۈنۈچىدەك جەڭگىۋار ئىنقىلابچى، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى فىزىماتىكا فاكولتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئېرىك يۈنۈچىلار دەل ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. شۇڭا، بىز ئابدۇللا بوبىنىڭ كېسەللىك ئاسارىتىدە مىجەزى چۈشلىشىپ، پىسخىك بىنورماللىقتا تۇرۇۋاتقاندا يازغان خۇسۇسىي ئاداۋەت پۇرىقى كۈچلۈك خېتىگە ئاساسلىنىپلا، ئاقساقالنى ئەيىپلىيەلمەيمىز. دېمەك، ئابدۇللا بوبىنىڭ غۇلجىدىن كېتىش سەۋەبىنى فازىلجان ئاقساقالغا دۆڭگەش ئاقلانىلىق ئەمەس.

يالقۇن روزى «يېپىلمىغان كىتاب» نىڭ ئاپتورى مىرقاسىم گوسمانوفنى تىلغا ئالغاندا، ھېچ ئىككىلەنمەيلا «تاتارىستانلىق ئاكادېمىك مىرقاسىم گوسمانوف» دەۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مىرقاسىم گوسمانوف **1934** ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، «تاتار مەكتەپ» ۋە «رۇس گىمنازىيەسى» دە ئوقۇغان، **1955** ـ يىلى قانۇنلۇق رەسمىيەت بىلەن تاتارىستانغا چىقىپ كەتكەن، **2006** ـ يىلى قازاندا كۆز يۇمغان ئىدى.

ئۇ باشقا ئاپتورلارغا جەدىدچىلىكنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە «دەرس» بېرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كەسكىن خاتالىقلارغا يول قويغانلىقىنى سەزمەيلا قالىدۇ. مەسىلەن، ئالاقىدار تارىخىي پاكىتلارنى تولۇق دەلىللەپ كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋاقىتنى خاتا ھالدا «**1884** ـ يىلى» دەپ يېزىپ، ئۇنىڭ جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان ۋاقتى بىلەن «تەرجىمان» گېزىتىنى چىقارغان ۋاقىتنى ئىلگىرى ـ كېيىن قىلىپ قويىدۇ.

تاتارىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس ۋە سىياسىي ئوبزورچى جامال ۋەلىدى جامالىدىن ئوغلى (**1932 ـ 1887**) رۇسچە يازغان «ئىسمائىل بەي گاسپىرىنسكى» ناملىق ماقالىسىدا «ئۇ **1883** ـ يىلى باغچەسارايدا نەمۇنە ـ ئۈلگە بولارلىق مەكتەپ ئاچتى ۋە «خوجا سەبىيان» («سەبىيلەر خوجىسى») ناملىق ئېلىپبە كىتابىنى تۈزدى.»[25] دەيدۇ.

يالقۇن روزى «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ نەشردىن چىققان ۋاقتىنى «**1883** ـ يىلى» دەپ توغرا يازغان بولسىمۇ، كونكرېت ئاي ـ كۈننى ئەسكەرتمەيدۇ. **1915** ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «ئىسمائىل گاسپىرالى ئالبومى» ناملىق توپلامدىكى «ئىسمائىل بەگنىڭ مۇختەسەر تەرجىمەئى ھالى» سەرلەۋھىلىك

ماقالىدا: «‹تەرجىمان›نىڭ 1 ـ سانى 1883 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چىققاندى .»[26] دەپ يازسا ، رىزائىددىن بىن فەخرىددىنى «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1914 ـ يىللىق 21 ـ ، 24 ـ سانلىرىغا چىققان «ئىسمائىل بەگ گاسپىرىنسكى» ناملىق ماقالىسىدا: « ‹تەرجىمان› گېزىتىنىڭ تۇنجى نۇسخىسى مىلادىيە 1883 ـ يىلى 10 ـ ئاپرېل ۋە 15 ـ جامەدىئەل ئاخىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندى .»[27] دەپ تېخىمۇ ئوچۇق مەلۇمات بېرىدۇ .

ماقالىدا ئۇ يەنە ھاجى سوفى ئوغلى مەسۇم ئەپەندىنى «بۇ ئادەم ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىدىكى تۆھپىسى ئەڭ زور پېشىۋا مائارىپچىلارنىڭ بىرىدۇر .» دەپ ئۇلۇغلاپ ، خېلى ساۋابلىق ئىش قىلغاندەك تەسىرات بېرىدۇ . ئەمما ، تازا سەگەكلىك بىلەن تەپەككۇر يۈرگۈزسەك ، بۇ «ساۋاب» نىڭمۇ تۆۋى تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز . دەرۋەقە ، ئۇ «مېھنەت» تىن «مىننەت» نى ئەلا بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان بولۇپ ، مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار غۇلجىدا ئاچقان «مەكتەبى ھۇسەينىيە» نىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكى ۋە ھۇسەيىن مۇسابايېۋنىڭ تۈرتكىسىدە ئاۋۋال تاتارىستاننىڭ باغچەساراي شەھىرىگە ، ئاندىن تۈركىيەگە بېرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىدەك پاكىتنى مەقسەتلىك پەش قىلىپ ئۇنىڭ ئۆزى كۆككە كۆتۈرگەن «پېشىۋا مائارىپچى» لىق سۈپىتىنى بىراقلا يەرگە ئۇرىدۇ . مانا بۇ «مۇسابايېفلار بولمىسا ، ئىلىدا يېڭى مائارىپ باشلانمايتتى» دېگەن بىمەنە قاراشنى «سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈش» ھىيلىسى بىلەن بازارغا سالغانلىق بولماي ، نېمە!؟

ئەيساجان مۇسا ، ئىمىن ئىبراھىملارنىڭ «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 4 ـ سانىدىكى «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» بايان ناملىق ماقالىسىدا ، «شۇ يىللاردا ئىلىدىكى ياشلار ئىچىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ بىر قىسىملىرى ھۇسەيىن ئەپەندى باشچىلىقىدا ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا ماڭغان . يەنە بىر قىسىم ياشلارنى باھاۋۇدۇن باي ئۆز مال ـ مۈلكىنىڭ زاكات پۇلى ھېسابىغا تۈركىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن . چەتكە ئوقۇشقا چىققانلارنىڭ ئالدى 1913 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىپ ، ئۆز كەسپى بويىچە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلىدى . بىر قىسمى بەيتۇللا مەسچىدى يېنىدىكى پەننىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . بۇ مەكتەپكە ‹ھۇسەينىيە مەكتىپى› دەپ نام بېرىلدى . كېيىن ‹ئىلى مەكتەپ› كە ئۆزگەرتىلدى .» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ .

بۇنىڭدىن بىز خەلپەت زاھىت ئەپەندى نام بەرگەن «ئىلى مەكتەپ» نىڭ 1913 ـ يىلىدىن كېيىن ، بىر مەزگىل «ھۇسەينىيە مەكتەب» ئاتالغانلىقىدەك تەخمىنى ئۇچۇرغا ئېرىشسەكمۇ ، ئەمما ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىلىدا «مەكتەبى ھۇسەينىيە» ئاتىلىدىغان بىرەر مەكتەپنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئائىت ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەيمىز .

قېيۇم مۇسابايېفنىڭ (باھاۋۇدۇن باي مۇسابايېفنىڭ تۈركىيەدە ئوقۇغان ئوغلى) 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە يېزىپ تاپشۇرغان:

«باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ 1906 ـ يىلى قەشقەر ئۇستىنئاتۇش ئېكساق كەنتىدىن تۇرسۇن ئەپەندى ، قەشقەر شەھىرىدىن قادىر ئەپەندى ، مۇھىددىن ئەپەندى ، غۇلجا شەھىرىدىن مەسئۇد ئەپەندى ، ئابدۇراھمان ئەپەندى ، غۇلجا تۇرپانيۈزىدىن مەسۇم ئەپەندى ، غۇلجا شەھىرىدىن سەئىد ئەپەندى بوتابايوف قاتارلىق بىرقانچە ياشلارنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل ، لىۋاننىڭ بېيرۇت شەھىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەنىدى . بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىستانبۇل ، بېيرۇت شەھەرلىرىدە تۈركچە ، فرانسۇزچە ، ئىنگلىزچە ئوقۇش بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق ، تەنتەربىيە ، سپورت ، دوختۇر قاتارلىق كەسپلەرنى ئوقۇپ 1913 ـ يىلى ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن . جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى زوڭتۇڭلۇققا سايلانغاندىن كېيىن ، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەر ، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ئېچىلغان خەنزۇچە تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتەپلىرىگە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەك ، ئوقۇش خىراجەتلىرىنى تۆلەپ ، خەنزۇچە ئوقۇتقانىدى . مەسىلەن ، بۇلاردىن ئازادلىقتىن كېيىن ، 1960 ـ يىللارغىچە تەرجىمان بولۇپ ، غۇلجا شەھىرىدە خىزمەت قىلغان داۋۇت

موللا، قەشقەر ئاتۇش ئىكساق يېزىسىدىن مەرھۇم نىيازى، مەھەممەت قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ. **1913** ـ يىلى تۈركىيە ئىستانبۇل، لىۋان بېيرۇتلاردىن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى، سىفەن مەكتىپى، بېيرۇتتىكى ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە كوللېژ قاتارلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ غۇلجا، قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن مەسئۇد ئەپەندى، ئابدۇراھمان ئەپەندى، مەسئۇم ئەپەندى، قادىر ئەپەندى، جىرجىس ھاجىلارنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ، غۇلجىدا «دەرنەك» مەكتىپى ئىسىملىك باشلانغۇچ مەكتەپ تەشكىل قىلغاندى. قوشۇمچە تىياتىر ئۇيۇشتۇرۇپ، ياشلارنى تەشكىللەپ، مەدەنىي مائارىپنى تەشۋىق قىلغان جاھالەت، نادانلىقنى تەنقىد قىلىدىغان پېسىلارنى (سەھنە ئەسەرلىرىنى) ئويناپ چىققاندى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چېقىمچىلىقى نەتىجىسىدە ئەكسىيەتچىل ئەمەلدارلار مەكتەپنى ياپتۇرۇپ، ئابدۇراھمان ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندى، جىرجىس ھاجىلارنى قومۇلغا پالىغاندى. شۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى غۇلجا شەھىرىدىكى پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىغا **1912** ـ يىلى باھاۋىدۇن مۇسابايېفلارنىڭ خىراجىتى بىلەن بىر مەكتەپ ياسىتىپ، مەكتەپنىڭ نامىنى «مەكتەپ قورۇ» دەپ ئاتىغاندى. بۇ مەكتەپتە **200** گە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇتۇلغاندى. بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى يېتىم بالىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ تاماق، كىيىم ـ كېچەك، دەپتەر ـ قەلەم قاتارلىق ھەممە خىراجەتلىرىنى مۇسابايېفلار قامداپ بەرگەندى. بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان بالىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، قوشۇمچە تېرە زاۋۇتىدا ھېساباتچى، شورنىك، پىرىيومچىك، سېلىسار، توكار، تېرە ئىشلەپچىقىرىدىغان تېخنىكقا ئوخشاش كەسپلەرنى ئىگىلەپ چىققاندى. مەسىلەن، بۇلاردىن غۇلجىدا مۇندىن ئۈچ ـ تۆرت يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ساۋۇت ئاكام بىلياگىخاڭ، سايۇزغا چىقىپ كەتكەن زۇنۇن تېپىپوف، ئابدۇرۇپ موللام، سانائەت نازارىتىدە جۇرىن بولۇپ ئىشلىگەن (بۇ كىشى تۆرت ـ بەش يىل بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتتى) ئاتۇش ئىكساقلىق شاۋۇدۇن ئاكىملارنى مىسالغا ئالساق بولىدۇ.» دېگەن ماتېرىيالدىمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق ئۇچۇر يوق.

دېمەك، بۇ ماتېرىيالدا مۇسابايېفلار **1912** ـ يىلى ئاچقان مەكتەپنىڭ «مەكتەپ قورۇ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، مەسئۇم ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ **1913** ـ يىلى تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ، مۇسابايېفلار غۇلجىدا تەشكىل قىلغان «دەرنەك» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭدىن بۇرۇن غۇلجىدا «مەكتەبى ھۇسەينىيە» نامىدىكى جەدىدچە مەكتەپنىڭ بارلىقى، مەسئۇم ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلىقى پەقەتلا تىلغا ئېلىنمايدۇ.

گۈلسۇم سەلەي خانىمنىڭ «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» **18** ـ ساندىكى «ئىلىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش تارىخىدىن سۆز» ناملىق ماقالىسىدا: «**1920** ـ يىلى مەسئۇم ئەپەندى غۇلجا شەھىرىدە ‹دەرنەك› مەكتىپى نامىدا ئاقارتىش مەكتىپى ئاچىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتىدۇ. جۈملىدىن ھۆسنىخەت، رەسىم، تەنتەربىيە، دەرسلىرىنى تەسىس قىلىدۇ. كېيىنچىرەك تېخىمۇ كۆپ پەنلەر ئۆتىلىدۇ.

چەتئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن ئەپەندىلەر خەلق مائارىپىنى گۈللەندۇرۇش، ئىلىم ـ پەن ئەھلىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا ھارماي ـ تالماي، ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بەزى مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر ‹جەدىدچە كالتە قۇيرۇقلار كۆپىيىپ كەتتى› دەپ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەننىي بىلىم ئېلىشىغا قارشى چىقىپ، مەسئۇم ئەپەندىنىڭ ‹دەرنەك مەكتىپى› نى يېپىشقا قىستايدۇ. مەسئۇم ئەپەندى يۇرت ئىچىدە ئىناۋەتلىك، قابىلىيەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدىكى ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن، مائارىپنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، كۆپ ساندىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن مەسئۇم ئەپەندى قۇرغان ‹دەرنەك› مەكتىپى ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىدى. بۇ مەكتەپتە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تەربىيەلىنىپ يېتىشتۈرۈلدى. شۇ زامانلاردا ئىسمائىل خەلپەت دېگەن كىشى ‹دەرنەك مەكتىپى›نى مەدھىيەلەپ تۆۋەندىكى شېئىرنى يازغان ئىدى:

بۇ مەكتەپ بېغىدا ئېچىلدى گۈل ئەترە رەيھان،
غۇلجا شەھرىدە خۇشبۇي ھىدى سۇردى دەۋران.

**1930** ـ يىللىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى

«دەرنەك مەكتىپى» تاقالدى.» دېگەن پاكىتلىق قۇرلار بار. بۇنىڭدا، مەسۇم ئەپەندىنىڭ 1920 ـ يىلى «دەرنەك» مەكتىپى نامىدا مەكتەپ ئاچقانلىقى قەيت قىلىنىسمۇ، ئەمما، غۇلجا ۋە ئاتۇشتا «مەكتەبى ھۇسەينىيە» دېگەن مەكتەپنىڭ بار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر بېرىلمەيدۇ.

تارىخىي يازمىلاردىن ئايانكى، 1924 ـ يىلى غۇلجىدا ئاتاقلىق مەرىپەتچى ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوفنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىر زامانىۋى پەننىي مەكتەپ بارلىققا كەلگەن ئىدى. ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوف 1935 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۇرۇمچىدە ئاچقان «ئاۋام قۇرۇلتىيى» دىن قايتىۋېتىپ، كەگسايدا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن، غۇلجا جامائىتى ھەسىنەم پالتىبايوف، نەسرۇللا بايلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مەرھۇمنىڭ مەكتەپكە سىڭدۈرگەن تۆھپىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ مەكتەپنىڭ نامىنى «ھۇسەينىيە مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىدۇ.

مائارىپتىكى يېڭىلىق ئىزچىللىق ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە ئۆز ئۆزىنى تولۇق نامايان قىلالايدۇ. «1899 ـ يىلى ئىككىساقتا جەدىدچە مەكتەپ قۇرۇلغان » دېگەن قاراشقا ماقۇل دېيىمۇ تۇرايلۇق. ئەمما، مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئېچىلا ـ ئېچىلمايلا تاقىۋېتىلگەنلىكى ۋە تەرەققىيات ئىزچىللىقىنى ساقلىيالمىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا، بۇ مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئېقىمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولىدىغانلىقى ئېنىق. باشلىنىش نۇقتىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئېقىمنىڭ ئۇلغىيىپ ئەزىم دەرياغا ئايلىنالمايدىغانلىقى كۆپچىلىككە تېخىمۇ ئايان بولسا كېرەك. بىز نۇشىرۋان يائوشېفنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە بىرمۇ ئىپتىدائىي مەكتەپنىڭ يوقلۇقى ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە باشقا پولاتتەك پاكىتلار ئىككىساقتا قۇرۇلغان بۇ مەكتەپنىڭ ئىزچىل مەۋجۇد بولۇش ئاساسىنى ساقلىيالمىغانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى ئىسپاتلىشىمىزغا يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز تەرەققىيات ئىزچىللىقىنى ساقلىيالىغان بولسا نۇشىرۋان يائوشېف كەلگەن 1915 ـ يىللارغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىغان ۋە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئۇزۇلمەس ئېقىنىغا ئايلىنالىغان بولاتتى. مانا بۇ تارىخىي ئەمەلىيەت بۇ مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالمايدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

ئىلىدا قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپلەر گەرچە تارىخنىڭ تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇنلىرىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇق ئاساسى ۋە تەرەققىيات ئىزچىللىقىنى يوقىتىپ قويمىغان. مەسىلەن، زاھىت ئەپەندى نام بەرگەن «ئىلى مەكتەپ» بىلەن ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم قۇرغان «تائالىيە» مەكتەپلەرنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا، سۆزىمىزنىڭ توغرىلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

قېنى، ئەمىسە، 19 ـ ئەسىردە ئىلىدا قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى:

غۇلجا شەھىرىدىكى «بەيتۇللا مەكتەپ» (1840 ـ يىلى)، قورغاس مازاردىكى قاھاۋدىن خەلپەت ئاچقان مەكتەپ (1855 ـ يىلى)، «ئىلى مەكتەپ» (1869 ـ يىلى)، رۇسلار قۇرغان «غۇلجا مەكتەپ» (1873 ـ يىلى) ، قورغاس مازاردىكى «مازار مەكتەپ» (1875 ـ يىلى)، چاپچالدىكى «قاينۇق مەكتەپ» (1883 ـ يىلى)، توغرىكۆۋرۈكتىكى «ئۆرنەك» مەكتەپ (1890 ـ يىلى)، چاپچال جاغىستايدىكى «سېدە مەھەللە مەكتەپ» (1894 ـ يىلى)، غۇلجا شەھىرىدىكى «ئەلاباي مەسچىد مەكتەپ» (1895 ـ يىلى)، چىلپەگزىدىكى «چىلپەگزە مەكتەپ» (1895 ـ يىلى)، قورغاس مازاردىكى «قىزلار مەكتەپ» (1896 ـ يىلى)، غۇلجا شەھىرىدىكى «ئەنجان مەكتەپ» (1896 ـ يىلى)، غۇلجا ناھىيەسىدىكى «چۇلۇقاي مەكتەپ» (1897 ـ يىل)، «ئارىئۆستەڭ مەكتەپ» (1897 ـ يىلى)، «پەنجىم مەكتەپ» (1898 ـ يىل)، غۇلجا شەھىرىدىكى «تائالىيە» مەكتەپ (1898 ـ يىلى)، «نوغاي مەكتەپ» (1899 ـ يىلى) . . . قاتارلىقلار.

دېمەك، پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلىدا ئانا يۇرتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلغانلىقى، مۇستەھكەم ئاساس، پۇختا قەدەم بىلەن ئىزچىل تەرەققىي قىلغانلىقى، كۆلەملەشكەن ھالەتتە كېڭىيىپ، ئۈزۈلمەس مائارىپ ئېقىنىغا ئايلىنالىغانلىقىدەك ئەمەلىيەت ئۇيغۇر يېڭى

مائارىپىنىڭ ئىلىدىن باشلانغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ھەقىقەتنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

بىر رايون مائارىپىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىگە ئىلمىي ۋە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش ئۈچۈن، شۇ رايون مائارىپىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆتكۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنىڭ تۈرىنى، سان ـ ساپاسىنى چوقۇم ئىستاتىستىكا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭ ماددىي ئىسپاتلىرى خېلىلا تولۇق بولۇپ، مەرىپەتسۆيەر ئىلى خەلقى ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى دەۋرلەر بويىچە مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تۈرلۈك يېزىقلاردىكى دەرسلىكلەر ۋە دەرسخانا سىرتىدىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە مىڭ نۇسخا كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت ئىلمىي قوللانمىلارنى تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ھېلىھەم بېجىرىم ساقلاپ كەلمەكتە (مۇقاۋىغا قاراڭ).

«**20** ـ ئەسىر نامايەندىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ **36** ـ بېتىدە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىك قاتلىمىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىسمائىل تاھىروفنىڭ يۇرتى چېلەكتىن غۇلجىغا كېلىپ، ئابدۇللا بوبى ئاچقان «مەكتەبى نۇر» دا ئوقۇغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان، «غازى ھاجى ئىسمائىلنى يېڭىچە ئوقۇشقا بېرىشكە مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە مەڭسۇر (ئىسمائىلنىڭ دادىسى) نىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغانلىقتىن كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىدۇ. جامائەتچىلىك بىر ئاز پۇل يىغىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بالىنى (ئىسمائىلنى دېمەكچى) غۇلجىغا، رۇسىيەدىن ئىنقىلابىي پائالىيىتى ئۈچۈن قوغلانغان ئابدۇللا بوبى ئاچقان تاتارچە مەكتەپكە ئەۋەتىدۇ.»[31] دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇ پاكىتتىن ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭ ئانا دىيارىمىزغىلا ئەمەس، يەتتەسۇ تەۋەسىگىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە چىن پۈتىمىز.

ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇلار ھايات كەچۈرگەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئۇلارنىڭ ئادىمىلىك ساپاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ئالاھىدە گىرەلەشمە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ مۇھىم رولىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ خىل ئالاھىدە مۇھىت ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانا دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا ئاڭ ۋە ئىدىيە جەھەتتىن بالدۇرراق ئويغىنىشىغا ئالاھىدە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىللە ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ ئانا دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن بالدۇر باشلىنىشى ۋە مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشىغىمۇ بىۋاسىتە تۈرتكە بولغان.

دېمەك، ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلىنىڭ شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە تەڭلا ئەۋج ئېلىپ، كۈچلۈك مەدەنىي مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىغا ئايلىنالىشىدا ئەنە ئاشۇنداق مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساس ۋە قويۇق ئىجتىمائىي مەدەنىيلىك ئاتموسفېراسى ۋە ئىدىيە ـ ئاڭ جەھەتتىكى ئىلغارلىق ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇنىڭ توسقۇنسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىنى مائارىپ ۋە مەدەنىيلىكنى قەدىرلەيدىغان ئىلى خەلقىنىڭ بىردەك قوللىشى ۋە ئۇلار ئىچىدىن چىققان مەرىپەت پېشۋالىرىنىڭ پائال ۋە ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز.

خۇلاسە كالام شۇكى، ئىلىدا يېڭى مائارىپ **1850** ـ يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن پەننىيلەشكەن مائارىپ ئاساسىدا بىخ سۈرگەن، **1867** ـ يىلى قورغاس مازارلىق زاھىت ئەپەندىنىڭ دىنىي دەرسلەرگە پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتۈشى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن، **1873** ـ يىلى رۇسلارنىڭ غۇلجىدا ياۋروپا مائارىپ ئەندىزىسى بويىچە مۇنتىزىم پەننىي مەكتەپ ئېچىشى بىلەن رەسمىي باشلانغان، **1883** ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى قوزغىغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىجابىي تەسىرىدە يەنىمۇ سىستېمىلاشقان، خەلپەم ھەزرەت، مەسۇم ئەپەندى قاتارلىق مائارىپ پېشۋالىرىنىڭ ئىزچىل جانپىدالىق كۆرسىتىشى ۋە ئۇيغۇر مائارىپىغا بارلىقىنى بېغىشلىغان كەشفۇلئەسرار داموللا، ئابدۇللا بوبى قاتارلىق تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ جانكۆيەرلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ساغلام تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ مۇنتىزىم ھالەتكە كەلگەن ھەمدە كېيىنكى

تۈرلۈك يېڭىلىقلار داۋامىدا زورىيىپ، ئۈزۈلمەس ماتېرىيال ئېقىنى دولقۇنىغا ئايلانغان بولۇپ، ئانا دىيارىمىز يېڭى ماتېرىيالنىڭ بارلىققا كېلىشى، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىدە كۈچلۈك تۈرتكە بولغان.

مەن ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي پاكىتلار ۋە دوكلىمېنتلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر يېڭى ماتېرىيالنى ئىلىدىن باشلانغان، دېگەن قاراشنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىمەن. ئۇيغۇر ماتېرىيال تارىخى ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقان كەسپداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمەن.


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

[1]، [2]، [3]، [4]، [5]، [6]، [7]، [8]، [25]، [26]، [27] — كوللېكتىپ ئاپتورلۇقىدىكى «ئىسمائىل بەگ گاسپىرىنىسكى» ناملىق كىتاب، تاتارىستان جىبىن نەشرىياتى، تاتارچە نەشرى، 2006 ـ يىل، قازان.

[9] ، [21] — ۋاسىلى ۋاسىلىيېۋىچ رادلوف، «غۇلجىغا ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ماقالە، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2013 ـ يىللىق 3 ـ سان، غۇلجا، پولات بۇرھان تەرجىمىسى.

[10] — ۋ. ئا. موئىسېيېۋ، «رۇسىيە ۋە جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدا» ناملىق كىتاب، رۇسىيە تارىخ نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، موسكۋا.

[11] — رەھمەتۇللا ھەسەن، « چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماتېرىيال ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى» ناملىق ماقالە، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى،ئۇيغۇرچە، 2013 ـ يىللىق 2 ـ سان، ئۈرۈمچى.

[12]، [13] — كوللېكتىپ ئاپتورلۇقىدىكى «20 ـ ئەسىر نامايەندىلىرى» ناملىق كىتاب، قازاقىستان رونىد نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2005 ـ يىل، ئالمۇتا.

[13]، [14]، [20]، [22]، [28]، [29]، [30] — نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، «يورۇق ساھىللار» ناملىق كىتاب، قازاقىستان جازۇشى نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1991 ـ يىل، ئالمۇتا.

[15]، [16]، [18]، [19] — نۇشىرۋان يائۇشېۋ، «قەشقەر مەكتۇپلىرى»، «مىللەتلەر نەشرىياتى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2013 ـ يىل، بېيجىڭ.

[17] — شى بىن، «شى بىننىڭ ‹شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى› دىن ئۈزۈندىلەر»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 19 ـ سان، پولات بۇرھان تەرجىمىسى.

[22] — چوقان چىڭگىزوۋىچ ۋەلىخانوف، «ئالتەشەھەرگە سەپەر»، ئالمۇتا ئاتا مۇرا نەشرىياتى، قازاقچە نەشرى، 2006 ـ يىل، 133 ـ بەت.

[23] — مىرقاسىم گوسمانوف، «يېپىلمىغان كىتاب»، تاتارىستان كىتاب نەشرىياتى، تاتارچە نەشرى، 1996 ـ يىل، قازان .

[24] — كوللېكتىپ ئاپتورلۇقىدىكى «ئۆچمەس ئوتلار لاۋۇلدايدۇ» ناملىق كىتاب، تاتارىستان كىتاب نەشرىياتى، تاتارچە نەشرى، 2006 ـ يىل، قازان.


ئاپتور ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت



# نۇر ئىچىدە نۇرلانغان ھايات

ئەدىھەم ئىبراھىم

سالام قىلىپ ئوڭ پۇتۇمنى بوسۇغىدىن ئېلىشىم بىلەن ئەتراپىمنى يارقىن نۇر ھالقىلىرى ئورىۋالدى. ھە دېگەندە ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئېسىلغان سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نۇرانە رەسىمنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، يەنە بىر تامدا «يۈك» دېگەن بىر فوتو سۈرەت: بىر ئانا قايناق بازاردىن قايتقان بولسا كېرەك،دولىسىدا ئۆزىدىنمۇ ئېغىر بىر خالتا يۈك...ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلارمۇ يەلكىسىدىكى يۈكنىڭ دەستىدىن مۈكچىيىپ كەتكەن...

—ئادىلكا، كەسىپ ئۆزگەرتىپ رەسىم سىزىۋاتامسىز نېمە؟— چاقچاق ئارىلاش سورىغان سوئالىمغا ئۇ:

—بۇ رەسىملەرنى مەخسۇس بۇيرۇتۇپ سىزغۇزىۋاتىمەن، بۇ يىل «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتىلىغانلىقىنىڭ **70** يىللىقى، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى تەۋەللۇتىنىڭ **100** يىللىق خاتىرە يىلى بولىدۇ، شۇڭا خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئاز-تولا ئەمگەك قىلىپ قوياي دېدىم.

—قالتىس ياخشى ئىشقا تۇتۇش قىپسىز... ماۋۇ تامدىكى «يۈك» ئادەمنىڭ خىيالىنى ئۇزاق بىر يەرلەرگە ئەكەتتىمۇ نېمە؟

—بۇ مېنىڭ خېلى غۇلغۇلا قوزغىغان فوتو سۈرەتلىرىمنىڭ بىرى، بۇنى خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيەسىدىكى دېھقان بازىرىدىن تارتىۋالغان ئىدىم. سۈرەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قايناق بازار، بۇنىڭدا يۈك كۆتۈرۈۋالغان ئانا ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قارا ئەدىھەم، بىزنىڭ ئۆشىنىمىزدە نۇرغۇن يۈكلەر بار، تۇرمۇش يۈكى بولسا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى خالاس. بۇنىڭدا ھاياتنى بويسۇندۇرۇپ مەردانە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئانىلار ئوبرازىنى ياراتتىم. مۇنۇ ئوڭ تەرەپ ياندىكىسى بولسا كونا سوقما تام.

—شۇ، مەن قارىسامۇ بۇ ئەسەردىن ئوتتۇرا ئەسىر پۇرىقى كېلىدىكەن، يەنە مۇشۇنداق ئەسەرلىرىڭىز بولسا كۆرۈپ باقسام.

—سۈرەت دېگەن تولا گەپ،—دېدى ئۇ گېزىت-ژۇرناللاردىكى چاقناپ تۇرغان بەدىئىي سۈرەتلىرىنى ئالدىمغا يېيىپ،—بەزى سۈرەتلەرنىڭ قىممىتى ھازىر بىلىنمىگىنى بىلەن كېيىن تۇتىيا بولۇپ كېتىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە نادىر ھېسابلانمىغىنى بىلەن بەزى ئەسەرلەرنىڭ ساقلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولىدىكەن. مەسىلەن: «كونا تۈگمەن»، «مەن ساڭا ھەمراھ بولاي»، «خەتنە قىلىش»، «ئۇيغۇر مەشرىپى»، «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»... قاتارلىقلار ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەر. سۈرەت تارتقاندا بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرسە، كۆز ئالدىدىكىلا مەنپەئەتنى كۆزلىسە بولمايدۇ، بەزى ئەسەرلەر ۋاقىتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلۇغلىنىدۇ.

مەن داڭلىق فوتوگراف ئادىل ئىسمائىلنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن فوتو ئاپپارات ئارقىلىق ئاپىرىدە بولغان ئەسەرلىرى كۆز ئالدىمدا ھەر بىرى بىر دانە گۆھەر دەك چاقنايتتى.شۇڭا بۇ سۈرەتلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايتتىم، گەرچە كەسىپ ئىگىسى بولمىسامۇ،بۇ دۇردانىلەردىن شائىرانە نەزەرىم بىلەن يېڭى-يېڭى مەنىلەرنى ئىزدەيتتىم. بىر پارچە بەدىئىي سۈرەت مېنى بۆلەكچە

مەپتۇن قىلىۋالىدى. بۇنىڭدا ھويلا تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان بىر ۋېلىسىپىت، ۋېلىسىپىتنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا تىزىپ قويۇلغان كىتابلار، **3 ـ 4** ياشلاردىكى بالىنىڭ ئىشتىنىنى كۆتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، پۇتچاقلىرىنى سۆرەشتۈرۈپ، ۋېلىسىپىتتىكى كىتابلارنى ئېلىشقا ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان ھالىتى ئەكس ئەتكەن ئىدى... دىلىم يورۇپ، ئوماق ئوغلۇم كۆز ئالدىمغا كەلدى.

مەن سۈرەتلەردىكى نۇرھالقىلىرى ئىچىدە سەير ئەتمەكتىمەن... «ئۆزىمىز يول تاپايلى» دېگەن سۈرەتتە ئىككى ئۆسمۈرنىڭ قېلىن كىيىملەرنى كىيىپ، سەھەردە مەكتەپكە ماڭغان كۆرۈنۈشى. سۈرەت كۈن چىقىش ئالدىدا بالىلارنىڭ كەينىدىن تارتىلغان بولۇپ، ئۇ ئىككى بالا ئاپپاق قارلىق دالادا باشقىلار ئېچىپ قويغان ئاياق ئىزى بىلەن ماڭماي، ئۆزلىرى يول ئېچىپ ماڭغان كۆرۈنۈش ئىپادىلەنگەن. سۈرەتتىكى ئوبرازلار بىرسى بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ماس كەلگەن بولسا، ئىككىنچىسى قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى گەۋدىلەندۇرگەن ئىدى. يەنە كېلىپ يەنە كېلىپ ئەسەرماۋزۇسىنىڭمۇ قاراتمىلىقى خېلى كۈچلۈك ئىدى. مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا بۇ ئۆتكۈر نەزەرلىك فوتوگرافنىڭ سۆزلىرى يادىمدىن كەچتى: «بىر كەسىپ ئەھلى ئۆزىنىڭ كەسپىگە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلىگىدەك بىر نەرسە قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىشى، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ مېڭىشنى بىلىش كېرەك. مەن بۇ قائىدىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدىم. فوتوگرافىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇن توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتۇم، بېشىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتتى. بىراق مەن بەل قويۇۋەتمىدىم، مېنى ھازىرغىچە تۈرتۈپ تۇرغىنى كەسپكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق. مەن قىيىنچىلىق ئىچىدە تاۋلاندىم، يول تاپتىم، پىشىپ يېتىلدىم، ئەگەر ئاشۇ قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلار بولمىغان بولسا كەسپتىمۇ يېتىلمىگەن، تۇرمۇشقىمۇ پىشمىغان چولتا بىر فوتوگراف بولۇپ قالاتتىمكەن...»

داڭلىق فوتوگراف ئادىل ئىسمائىل **30** يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ نادىر سۈرەتلىرى ئارقىلىق ژۇرنال مۇقاۋىلىرىنى جۇلالاندۇرۇپ كەلدى، ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىدىكى ئاشۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، ھېسام قۇربان، مۇھەممەتجان راشىدىن قاتارلىق داڭلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى ئەل قەلبىگە مۆھۈر قىلىپ بېسىۋەتتى. ئۇ دەيدۇ: «بىر ئىجادكارنىڭ ھايات تارىخىدا چۈشكەن سۈرىتىدىن پەقەت بىر ـ ئىككى پارچىسىلا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئەڭ جەلپكار چىققان بولىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، ھېسام قۇربانلارنىڭ ئەڭ تىپىك سۈرىتىنى مەن تارتىۋالغان ئىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر فوتوگرافتا بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈرلۈك بولۇش بىلەن بىرگە، قىلچىلىك پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويمايدىغان سەزگۈر يۈرەك بولۇش كېرەك. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ فوتو سۈرىتىنى **1994** ـ يىلى غۇلجىدا «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنى ئېچىلغاندا، پائالىيەت ئارىلىقىدا تارتىۋالغان ئىدىم. زوردۇنكامنىڭ «ئانا يۇرت ئوغلى» دېگەن تېمىدىكى بۇ پورترېتىنى تېخى ئېلان قىلمىدىم، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ بەردەم چاغلىرى ئىدى، بېشىغا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىزىل مانچېستېر دوپپىسىنى كىيىپ، يوغان كۆزەينەكنى تاقاپ، تەبىئەتنىڭ يېشىل زىلچىسى بولغان چىملىقتا، بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان يېقىملىق ھالىتى ئىدى.»

«چاقچاق پېشۋاسى»، «ھايات نەسىردىن ئەپەندى» ھېسام قۇرباننىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىش تەخىرسىز مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى دەپ قارىغان ئادىل ئىسمايىل **1998** ـ يىلى ھېسام ئاكىنىڭ قىزىل مانچېستېر دوپپا كىيگەن ئۆلچەملىك سۈرىتىنى تارتىپ تارىخىمىزدىكى ئۇنتۇلماس ئەستىلىكنى نامايەن قىلدى.

ئۇ يەنە شۇ **1998** ـ يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىككى يىللىق ئوقۇشقا باردى، بىراق ئۆزى ھەۋەس قىلىدىغان فوتوگرافىيە ئەمەس، بەلكى ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك ھايات دوقاللىرىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، قاتمۇ ـ قات توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ،

ئاخىرى يۇقىرى تېخنىكا، يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە فوتوگراف بولالىدى. ئۇ كەسىپ ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى دەڭسىيەلىشى كېرەك. ئادەم يەنە بەك ئېھتىياتچان بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى بەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەندە چوڭ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. شۇڭا كەسىپتە ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن تەۋەككۇلچى بولۇش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا راستچىل سەممىي بولۇش، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق قىلماسلىق، كەسپىي ئەخلاققا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىش ـ ھەركەتلەرنى قىلماسلىق كېرەك. شۇڭا ياشلار ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىپ ئىش قىلىشى، قىلالايدىغىنىنى قىلىشى، ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە كەسىپ تاللىشى، ھەممە ئادەم بىر كوچىغا قىستىلىپ كىرىۋالماسلىقى لازىم.»

## كەسپكە ئىشتىياق

قەدىم تەكلىماكان، تومۇز ئىسسىقتا يېلىنجاپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى سېنى ھازىرلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك، ۋىل ـ ۋىل ئازدۇرۇپ قايسىدۇر ئېزىتقۇ غارلىرىغا ئەكىرىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بىر ساھىل ئېغىر سومكىسىنى دولىسىغا ئارتىپ، تاشتەك قەدەملەر بىلەن تەكلىماكان بويلاپ ئالغا سىلجىيتتى. «جىن ـ ئەرۋاھ»لار گويا ئۇنى قاپساپ تۇراتتى. شۇنداقمۇ ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، قۇم بارخانلىرىنى، گاھ ـ گاھ ئۇچراپ تۇرىدىغان جەنۇب يېزا ـ بازارلىرىنى ئاپپارات كۆزلىرىگە قوندۇراتتى. ھارغاندا بېشىنى تاشقا قويۇپلا، ئاچ قورساق يېتىپ قالاتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە پەقەتلا بىر قانچە پارچە سۈرەت تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولاتتى...

ئۇ **1991** ـ يىلى ئىلىدىكى بىر قىسىم كەسپداشلىرى بىلەن مۇزتاغقا سۈرەت تارتقىلى بارىدۇ، مۇزتاغ يولىدا «ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى» ئەسكەرلىرىنىڭ يەرلىكنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، سەبداشلىرىدىن ئاستىلا ئايرىلىپ، يولنى داۋام ئېتىدۇ. كېيىن يولدىن ئېزىپ قالىدۇ... ياق، سۈرەت «جىنى» غا ئەگىشىپ قورقۇنچلۇق بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالىدۇ...

ئۆڭكۈر ئىچىدىن ھازىرلا بىرەر يىرتقۇچ ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنى بوغۇپ يەۋېتىدىغاندەك بارھۇجۇدىنى سۈر بېسىپ، بۇرۇنلىرى تەرلەپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئارقىسىغا قايتمىدى. قانداقتۇر بىر ئىشەنچ ئۇنى ئالغا يېتەكلەيتتى. بارا ـ بارا ئۆڭكۈر يورىدى... لېكىن بۇ ئىسسىق ئۇۋىدا تۇيۇقسىز بىر يىرتقۇچ پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلىدىغاندەكلا قىلاتتى...

تالادا ۋارقىرىغان ئاۋاز:

ـ ئادىل، تېز يېنىپ چىق! بۇ ئىيىق ئۆڭكۈرى ئىكەن، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ سېنىڭ!...

ئادىل ئۆڭكۈردىن يېنىپ چىققاندا، سەپداشلىرى يەرنى تېپىپ تۇرۇپ: «سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ» دەپ ئەيىبلەپ كەتتى...

ئادىل شۇ قېتىم يەنە «ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى» ئەسكەرلىرىنىڭ مۇزداۋاندىن ئۆتۈش ئالدىدا ئۆز قوللىرى بىلەن چەككىلەپ چىققان تاش ئابىدىسىنى سۈرەتكە تارتىۋالىدى. ھازىر نادان پادىچىلار ئۇ ئابىدىنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇزىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەينى ھالىتى پەقەت ئادىل ئىسمائىلنىڭ فوكۇس نوقتىسىدىلا تارىخ بەتلىرىگە ھايات بەخش ئېتىپ تۇرماقتا.

**1991** ـ يىلى خۇنەن فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭدىن **11** نەپەر فوتوگراف نەق مەيدان سۈرەتكە تارتىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۇچۇن چاڭشاغا بارىدۇ. خۇنەننىڭ داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدا ساياھەت ۋە ئېكىسكۇرسىيەدە بولىدۇ. ئۇلار مياۋزۇ ـ تۇجيازۇ ئوبلاستىغا بارغاندا يەرلىك ئالاھىدىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئېكسكۇرسىيە قىلىنىدىغان زال ئىچىگە كىرىش ئالدىدا مىياۋزۇ ئامىي (قىزى) قولىدا ياغاچ پەتنۇسنى تۇتۇپ تۇراتتى، پەتنۇستىكى سۇزۇك ئىچىملىكنىڭ ئاستىدا مارجاندەك ئاپئاق گۈرۈچلەر يالتىراپ تۇراتتى.

زال ئىچى مياۋزۇ قىزلىرىنىڭ لەرزان ئۇسۇللىرى بىلەن قىزىپ كەتكەن ئىدى. بايىقى يەرلىك ئىچىملىكنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئادىلنىڭ ئىچى قىزىۋاتقاندەك، غايىۋى بىر كۈچ «سەنمۇ ئويۇنىماسسەن» دەپ ئۇنى مەيدانغا سۆرەيتتى. ئۇنىڭمۇ كەسپداشلىرىدەك مياۋزۇ قىزلىرى بىلەن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇسۇل ئويىنىغۇسى كەلدى. بىراق ئالدى بىلەن بىرنەچچە پارچە سۈرەت تارتىۋالماقچى

بولدى . چارس ـ چۇرس قىلىپ ئىككى پارچە سۈرەت تارتتى ، ئەمدى ئۇ يەنە بىر كۆرۈنۈشكە فوكۇسنى توغرىلىدى ، سۈرەت فوكۇس نۇقتىسىغا دېگەندەك چۈشمەيۋاتاتتى ، فوكۇس نوقتىسىدىكى ھەرىكەت جىم تۇرماي ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئىمىر ـ چىمىر قىلاتتى ، ئۇ ئاخىر فوكۇسنى يەنە بىر توغرىلاپ تەپكىنى شۇنداق باستى ـ دە ، بىردىنلا كەينىگە دىرىگگىدە ئۆچۈپ چۈشتى . ئەتىسى قوپسا ياتاقتا يېتىپتۇ ، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇراتتى . . .

ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا بۇنىڭغا ئوخشاش خەتەرلىك ۋە قىزىقارلىق خاتىرىلەر پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئۇ مۇنداق ئەسلارنى ئەسلىگەندە ئېيتسارلىق بىلەن شۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمدە ئۆز كەسپىگە قارىتا ئوتتەك ئىشتىياق بولمىسا بولمايدۇ ، كەسپنى قول ئۈچىدىلا خام ـ خاتا قىلىپ قويغاندا بۇنى كەسپ كۆتۈرمەيدۇ . بۇنىڭدىن باشقا يۈكسەك كەسپىي ئەخلاق بولۇش كېرەك . بەزىلەر بۇ كەسپنى ‹ئەڭ ئاددىي كەسپ ، بىر ئاپپاراتىڭ بولسىلا سۈرەت تارتىش دېگەن ئوڭاي ئىش› دەپ قارايدۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئاسان ئەمەس . بۇ كەسپنىڭ قانچىلىك مۇشكۇل ، كەسپ ئىگىلىرىنىڭ قانچىلىك تەۋەككۈلچى ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالىسىز . . .»

### سۈرەتلەر كۆرگەزمىدە

**2001** ـ يىلى **5** ـ ئايدا بېيجىڭدىكى داڭلىق «گۈزەل سەنئەت سارىيى» دا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ «تۇنجى نۇۋەتلىك بەدىئىي سۈرەت كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزۈلدى . داڭلىق فوتوگراف ئادىل ئىسمائىلنىڭ **146** پارچە بەدىئىي ئەسىرى غەربىي زالدا نۇرلىنىپ ، نەچچە مىڭ تاماشىبىننىڭ ئەقلىنى لال قىلدى . جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى . دېمەك ئۇ سۈرەتتىكى نۇر ئارقىلىق پايتەخت بېيجىڭدا قەدىم تەكلىماكان روھىنى نامايان قىلدى . ئۇ يەنە دۇنياغا جۇڭگونىڭ غەربىدە ، شانلىق تارىخقا ئىگە «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتنىڭ قۇم بورانلار بىلەن كۈرەش قىلىپ ، ياشاۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى تونۇتۇپ قويغان ۋەتەنسۆيەرئوغۇل ئىدى .

**2005** ـ يىلى **8** ـ ئايدا گۇاڭجۇدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك رەسساملار ئاكادېمىيەسىنىڭ كۆرگەزمە زالىدا ، ئۇنىڭ بەدىئىي سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەزبىسىنى گۇاڭجۇلۇقلارغا نامايان قىلدى .

**2005** ـ يىلى**10** ـ ئايدا غۇلجىدىكى «ئىناق ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتى» زال بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ ، غالىبىيەت بىناسىدا ئۇنىڭ بەدىئىي سۈرەتلىرىنى **37** كۈن كۆرگەزمە قىلىندى . كۆرگەزمىگە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر قاتناشتى . ھەرقايسى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ كۆرگەزمىنى كۆردى . مەن بۇنىڭدىن مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىڭمۇ نەزىرىنى مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا قارىتىپ ، ئۇيغۇر ئاۋام توپىنىڭمۇ مەدەنىيەتكە ، ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەشكە قاراپ ، مېڭىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم .

ئۇ بۇ يىل ئۆزىنىڭ ھايات باھارىنىڭ **50** يىلىنى ، گۈزەل سەنئەت ھاياتىنىڭ **30** يىلىنى خاتىرىلەپ ، ئىجات ـ ئەگكىنىڭ سەمەرىسى بولغان بەدىئىي سۈرەت كەسپىگە بېغىشلانغان ئىجادى ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىش ئاساسىدا ، ئۈرۈمچى ياكى بېيجىڭدا فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئاچماقچى . ئۇ بۇ كۆرگەزمىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر شەخس ـ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، زوردۇن سابىر ۋە ھەسام قۇربانىنىڭ داڭلىق فوتو سۈرەت پورترېتىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشنى پىلانلاۋاتىدۇ . بۇ كۆرگەزمىدە قويۇق مىللىي پۇراق گەۋدىلەندۈرۈلگەن **100** پارچە بەدىئىي سۈرەت كۆرگەزمىگە قويۇلۇشى مۇمكىن . . .

### تۈگەنچە

مەن فوتوگراف ئادىل ئىسمائىلدىن بۇندىن كېيىنكى پىلانلىرى ھەققىدە سورىغىنىمدا ئۇ ، ئەمدى بەدىئىي سۈرەتلەرنى ئانچە تارتىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، خاتىرە سۈرەت قالدۇرىدىغانلىقىنى ، يەنە بەزى بىر مۇھىم پىلانلىرىنىڭ بارلىقىنى ، بىراق ئۇنى ئالدىراپ ئېيتمايدىغانلىقىنى ، ئۇنى ئاشكارىلاپ قويغاندا كاللىسى قاپاق بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا

چۆشۈپلىپ ئىشنى خام ـ خاتا قىلىپ قويىدىغانلىقىنى دېدى. مەن يەنە ئۇنىڭدىن: «ئەسەرلىرىڭىزنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «ھازىرغىچە چوڭراق پۇلغا سۈرەت سېتىپ باقمىدىم، بېيجىڭدىكى كۆرگەزمىدە بىر پارچە ئەسىرىمنى بىر ئامېرىكىلىققا **300** دوللارغا ساتقان بوپتىمەن، بىر پارچە ئەسىرىم سېتىلمىسىمۇ ئۇنىڭغا **230** مىڭ سوم باھا قويۇلدى، بۇنىڭدىن قارىغاندا بەدىئىي سۈرەتلىرىمنىڭ كەلگۈسى پۇل بولۇپ كېتىدىغىنىغا ئىشىنىمەن. مەن ئۇيغۇر مەنىۋىيىتى تويۇنغاندا ئەسەرلىرىمنىڭ بازىرى چىقىپ كېتىدۇ دەپ قارايمەن» دېدى.

مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئالتە مىڭغا يېقىن بەدىئىي ۋە خاتىرە سۈرىتى تارتقانلىقىنى، **600** پارچىغا يېقىن بەدىئىي سۈرىتىنىڭ ھەرقايسى نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىنغانلىقىنى، ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىنىڭ كۆپرەك «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغانلىقىنى، **2001** ـ يىلى بېيجىڭدىكى ئالتە خىل تىلدا نەشر قىلىنىدىغان «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ **5** ـ سانىدا بەدىئىي سۈرەت ئەسەرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

توغرا، بىر ئادەمنىڭ ئىش ـ ئوقىتى ئۇنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بىر داڭلىق يازغۇچى ئۆز ئەسىرىگە بىلىپ بىلمەيلا ئۆزىنى يۇغۇرۇپ قويىدۇ، بىر داڭلىق رەسسام بىر گۈل سىزسىمۇ ئۇنىڭغا ئۆز پورترېتىنى سىڭدۈرۈپ قويىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر داڭلىق فوتوگرافمۇ فوتو سۈرەتلىرىگە ئۆز «كۆلەڭگە» سىنى قالدۇرۇپ قويغان بولىدۇ. دېمەك داڭلىق كەسىپ ئىگىلىرى ئۆز ئەسىرىدە ئۆزىنى ياراتقان بولىدۇ.

## كىچىك ئارخىپ

ئادىل ئىسمائىل **1963** ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. **1980** ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا خىزمەتكە چىققان. دەسلەپ يېزىقچىلىق ۋە مۇخبىرلىققا قىزىققان. **1981** ـ يىلىدىن باشلاپ سۈرەتچىلىككە بولغان ئوتتەك ھەۋىسى ۋە يانماس ئىرادىسى بىلەن ماناپ قادىرى، ھاكىم تالىپ قاتارلىق فوتوگرافلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، فوتوگرافلىقنىڭ نازۇك ھالقىلىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ ھازىر ئىشەنچ بىلەن «فوتوگرافلىق ھاياتىمدىكى توغرا تاللىشىم» دەيدۇ.

**1986** ـ يىلىدىن باشلاپ ئادىل ئىسمائىلنىڭ بەدىئىي سۈرەتلىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. شۇ يىلى ئۇ ئىلى ئوبلاستلىق فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. **1991** ـ يىلى «ئۇستاز مېھرى» ناملىق سۈرىتى ئىلى ئوبلاستى بويىچە «مائارىپ لوڭقىسى» فوتو ـ سۈرەت مۇسابىقىسىدە ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. **1997** ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ نادىر بەدىئىي ئەسەرلىرى مەتبۇئاتلارنى قاپلاپ، ئالقىشقا ئېرىشكەن. بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، غۇلجا شەھەرلىرىدە ئۈچ قېتىم بەدىئىي سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن. **2006** ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن **14** ـ نۆۋەتلىك فوتو ـ سۈرەت مۇسابىقىسىدە «مايلامچى بالا» ناملىق سۈرىتى مىس مېدالغا ئېرىشكەن. «ئۇيغۇر ھويلا ـ ئارام مەدەنىيىتى» ۋە «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق چاتما سۈرەتلىرى **2006** ـ ، **2008** ـ يىللىرى ئىلى ئوبلاستى ۋە غۇلجا شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىدە ئايرىم ـ ئايرىم **1** ـ دەرىجىگە ئېرىشكەن. «ئۇستاز مېھرى»، «قەيسەر ئانا»، «يۈك» ناملىق ئەسەرلىرى ئوبزورچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ۋە غۇلغۇلا قوزغىغان. خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «مەدەنىيەت زاتلىرى» ژۇرنىلى ۋە «ئىلى گېزىتى» قاتارلىقلاردا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك فولكلور فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

(ئاپتور چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت



# كونا ئەسكەرنىڭ كەچمىشى

مۇھەممەد رەھىم

## كىرىش سۆز

شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن زالىم، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ئېلىپ بارغان جەبىر-زۇلۇم، ھاقارەت، زورلۇق-زومبۇلۇق، قىرغىنچىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىدى. «ھەر نەرسە چېكىدىن ئاشقاندا ئەكسىگە قايتىدۇ» دېگەن تەلىماتقا ئاساسەن ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلققە قىلغان-ئەتكىنى ئۆزىگە قايتىدىغان قىسمەت يۈز بەردى؛ يەنى، غەزەپلەنگەن خەلق ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن قوللىرىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن 1944-يىلى كۈزدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاب پارتلىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىنقىلاب دولقۇنىنى باستۇرۇش ئۈچۈن خىل قوراللانغان مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئىشقا سالغان بولسىمۇ جەسۇر ۋە پەم-پاراسەتلىك ئىنقىلابچىلىرىمىز تەرىپىدىن تار-مار قىلىندى. 1944-يىلى 11-ئايدا غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن 1945-يىلى 9-ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت تەلتۆكۈس ئازاد قىلىنىپ، مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىغا بېرىپ توختىدى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىلى، جىڭ، شىخو ئۇرۇشلىرىدىكى مەغلۇبىيىتىنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. «ئۈچ ۋىلايەت» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. 1946-يىلى 6-ئايدا ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىدىن قايتتى. گومىنداڭ تەرەپ بىتىمگە ئەمەل قىلماي، نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. 1949-يىلغا كەلگەندە جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ، شۇنىڭدەك مىللىي ئارمىيەنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاق بايراق كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى.

«ئۈچ ۋىلايەت» مىللىي ئارمىيەسىنىڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ ھالسىراتقانلىقى شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ماۋجۇشى مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىش خىزمىتى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن قوزغىلاڭلار، ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى تارىخىدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئىنقىلابنىڭ شانلىق تارىخىنى يېزىش ۋە ئۇنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش يولىدا نۇرغۇن ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىلدى. مېنىڭ بۇ ئەسلىمەم ئاشۇ شانلىق تارىخنىڭ بىرەر ھاجىتىگە ياراپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆڭلۈم ئەمىن تېپىۋاتىدۇ.

## بىچارە دادام

ئەسلىشىمچە، ئۇ مېنىڭ ئالتە ياكى يەتتە ياش ۋاقىتلىرىم ئىدى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن ھويلىمىزدا بىر ئالا مۈشۈكنىڭ قۇشقاچ تۇتۇش ھۈنىرىنى كۆرۈۋاتاتتىم. ھېلىگەر مۈشۈك ھويلىدىكى تونۇرغا قالايدىغان بىر دۆۋە شاخ-شۇمبىلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ، دانلاش ئۈچۈن چۈشكەن قۇشقاچلارنى پايلاپ ياتاتتى. بىر قۇشقاچ يېرىم مېتىرچە يېقىنلىشىۋىدى، مۈشۈك كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى-دە، شاخ-شۇمبىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ يەۋەتتى. مەن قۇشقاچنىڭ ئەتتىنى ئېلىش ئۈچۈن شاخ-شۇمبىلارنى دەسسىسەم، مۈشۈك ئۇ تەرەپتىن قېچىپ كەتتى. مەن مۈشۈكنىڭ چىۋەرلىكىگە، قۇشقاچنىڭ بىخەستەلىكىگە

ھەيران بولۇپ تۇراتتىم. شۇ ئەسنادا تۆت ئادەم بىر ئادەمنى زەمبىلدە كۆتۈرۈپ كىرىشتى. بېرىپ قارىسام، زەمبىلدە دۇم ياتقان كىشى دادام ئىكەن. مەن:

ــ ۋاي دادا، ــ دەپ زەمبىلگە ئېسىلىپ يىغلىدىم. كىچىك تاغام مېنى زەمبىلدىن ئاجرىتىپ:

ــ يىغلىما، ئوغلۇم، داداڭ ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشتى. چوڭ چاتاق يوق، ساقىيىپ كېتىدۇ، ــ دەپ مېنى بەزلىدى.

ئۇلار دادامنى ئۆيگە ئەكىرىپ، قېلىن كۆرپە ئۈستىدە دۇم ياتقۇزدى، دادام دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئېغىر تىنىپ، قىمىرلىماي ياتتى، ئاپام بىر نېمىلەرنى دەپ مىشىلداپ يىغلاپ، دادامنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇ ئارىلىقتا بىر تېۋىپ كەلدى. ئۇ دادامنىڭ دۈمبىسىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ كۆردى. مەنمۇ، ئاپاممۇ كۆرۈپلا يىغلىۋەتتۇق. دادامنىڭ دۈمبىسى تاياق زەربىدىن تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيەر ــ بۇيەردە ئۇيۇپ قالغان قانلارنى كۆردۇق. بۇ نېمە ۋەقە دەپ سوراشقىمۇ ئاغزىمىز بارمىدى. تاغىلىرىم تېۋىپ بۇيرىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدى. ئاپام تېۋىپنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىشنى قىلدى. بىردەمدە تېۋىپ ھەرخىل دورىلىق نەرسىلەردىن تەييارلانغان مەلھەمنى دادامنىڭ دۈمبىسىگە تەكشى سۈركەپ، كۆڭلىكنى جاراھەتلىرىگە تەگكۈزمەي ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى.

ــ ئەنسىرىمەڭلار، جاراھەت غەم قىلغۇدەك ئېغىر ئەمەس، مۇشۇ مەلھەمنى ئىككى كۈندە بىر سۈرتۈپ قويسام، بىر ھەپتىگىچە ساقىيىپ كېتىدۇ، ــ دەپ بىزنى خاتىرجەم قىلدى. ھەممىمىز تېۋىپتىن مىننەتدار بولغان ھالدا رەھمەت ئېيتىپ، ئىش ھەققىنى رازى بولغۇدەك بېرىپ يولغا سېلىپ قويدۇق.

سۈيدۇڭ ناھىيەسىنىڭ سېپىلى خېلى مۇستەھكەم بولۇپ، شەرق، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە ئايلانما قوش دەرۋازىلىرى بار ئىدى، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان جەنۇبىي دەرۋازا بەكمۇ ھەيۋەتلىك، راۋاقلىرى ئېگىز ھەم چىرايلىق ئىدى. ئىككى دەرۋازا بىر ــ بىرىگە ئۇدۇل بولماستىن، سىرتقى دەرۋازا شەرققە، ئىچكى دەرۋازا جەنۇبقا قارايتتى. شەھەر ئىچىگە كىرمەكچى بولغان ئادەم ۋە ئات ــ ئۇلاغلار سىرتقى دەرۋازىدىن كىرىپ، ئون ــ ئون بەش قەدەم مېڭىپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئىچكى دەرۋازىدىن كىرەتتى. بۇ دەرۋازىلار ھازىرقى يۈك ئاپتوموبىللىرى بىمالال كىرىپ چىقالىغۇدەك چوڭ بولۇپ، شۇ زاماندىكى ھەربىي ئېھتىياجغا ئاساسەن شۇنداق ياسالغان ئىكەن. 1933 ــ يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن سىرتقى دەرۋازىلار چېقىۋېتىلىپ، ئىچكى دەرۋازىلار ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

سۈيدۇڭ ناھىيەسىنىڭ مۇشۇ سېپىلى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن خەنزۇ ئاھالىلىرىنى يەرلىك ئاھالىلەردىن ئايرىپ تۇراتتى. سېپىل ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز بولغىنىدەك، سېپىل سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. لېكىن سېپىل ئىچى ۋە سىرتىدا ئاز ساندىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىجارەتچى، سودىگەر، ھۈنەرۋەنلەر ئارىلاش ياشايتتى. دادام ئىككى ئىنىسى بىلەن سېپىل ئىچىدىكى بىر چوڭ دۇكاندا ياغاچچىلىق قىلاتتى.

بىر كۈنى پېشىن ۋاقتىدا يامۇلنىڭ بىر ئەمەلدارى دۇكانغا كىرىپتۇ. دادام ۋە تاغىلىرىم تەزىم قىلىپ ئورۇندۇق قويۇپتۇ. ئەمەلدار ئورۇندۇقتا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇياق ــ بۇياققا قاراپتۇ. ئانچە ــ مۇنچە ئەھۋال سوراپمۇ قويۇپتۇ، ئۇنىڭ كۆزى يېڭى ياساپ پۈتكۈزۈپ قويغان جوزا بىلەن ئورۇندۇقلارغا چۈشۈپتۇ. دادام بىلەن تاغىلىرىم بۈگۈن بۇنىڭ دۇكانغا كىرىپ كېلىشى بىر بالا ــ قازانىڭ بىشارىتى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قول باغلاپ تۇرۇشۇپتۇ.

ــ ماۋۇ جوزا بىلەن ئورۇندۇقلارنى قانچىگە ساتىسەن؟

دادام خەنزۇچىنى ئاز بىلەتتى، بىلگىنىچە تىترەپ تۇرۇپ ئۆز باھاسىنىڭ يېرىمىنى دەپتۇ:

ــ ھەممىسى 21 سەر كۈمۈش تەڭگە.

ــ ھەممىسىنى ماڭا سېتىپ بەر، ئۈچ ئادەم ئەۋەتىمەن، شۇلار ئېلىپ كەتسۇن، پۇلۇڭنى بېرىمەن.

ئەمەلدار (دارېن) قايتىپ كېتىپ يېرىم سائەت ئۆتە ــ ئۆتمەي ئۈچ يايى كېلىپ، جوزا بىلەن سەككىز ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈشۈپ مېڭىپتۇ. پۇلنى سورىسا، «پۇلۇڭنى دارېندىن ئال، بىز بىلمەيمىز» دەپ چىقىپ كېتىشىپتۇ.

دادام ئىنىلىرىگە ئەلەم بىلەن قاراپ:

ــ دارېن پۇلنى بەرگەن بولسا، مۇشۇ ئوغرىلار بەرمەي كەتكەنمۇدۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ بۇمۇ يوق گەپ ئەمەس. دارېن بۇدا كەلگەندە سوراپ باقايلى، ــ دەپتۇ تاغىلىرىم.

شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى دادام دۇكاندا يالغۇز ئىشلەۋاتقاندا ھېلىقى ئەمەلدار كىرىپ كەپتۇ. دادام پۇلنى سورايمۇ، سورىمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ، تەسلىكتە سوراپتۇ:

ــ دارېن، ئۆتكەندە جوزا، ئورۇندۇقلارنى ئېلىپ كەتكەن كىشىلەر پۇلنى بەرمەي كېتىشتىغۇ؟

ــ شىمۇ، شىمۇ؟

ــ ھېلىقى جوزا بىلەن ئورۇندۇقلارنىڭ پۇلى ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمىكىن؟

ئەمەلدارنىڭ چىرايى تۇرۇلۇپ:

—تامادى... سەن مەندىن يەنە پۇل سورامسەن؟—دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كېتىپتۇ، بىچارە دادام قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرغاندا تاغىلىرىم كىرىپتۇ. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرغان پەيتتە ئىككى يايى كىرىپ دادامنى ھەيدەپ يامۇلغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. دادامغا ئەگىشىپ تاغىلىرىممۇ، قوشنا دۇكاندىكى ئۇيغۇرلارمۇ يامۇلغا كىرىپتۇ. دادام بىلەن تاغىلىرىم دارىننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپتۇ. دارىن دادامدىن سوراپتۇ:

—سەن پۇلۇڭنى ئالدىڭمۇ، ئالمىدىڭمۇ؟

—ئالمىغان ئىدىم...

—يالغان ئېيتىدۇ، بىز ئون سەر كۈمۈش تەڭگىنى بىر-بىر ساناپ بەردۇق. بۇ نائىنساب سىلىدىن يەنە ئون تەڭگە ئالماقچى بولۇپتۇ،—دەپتۇ ئىككى يايى تەڭلا.

دارىن بۇنىڭدىن ئارتۇق سوراق-سوئالمۇ قىلماي:

—يىگىرمە پالاق ئۇرۇڭلار!—دەپتۇ.

يايىلار دادامنى تاختا ئۈستىگە دۈم ياتقۇزۇپ، كۆڭلىكىنى قايرىپ، ئۇزۇن پالاق بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئون پالاق تەگكەندە دادامنىڭ دۈمبىسى قانغا بويىلىپتۇ. بۇ ھالغا چىدىيالمىغان كىچىك تاغام دادامنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئون بىرىنچى پالاق تاغامغا تېگىپتۇ.

شۇ چاغدا دارىننىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئەمەلدار ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېگەن ئىكەن، دارىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

—توختا!—دەپتۇ. ئۇرۇش توختاپتۇ.

—سەن مۇشۇ گۇنايىڭ ئۈچۈن يامۇلغا ئون دانە كارىۋات، ئون دانە ساندۇق، بەش دانە جوزا، ئون دانە بەندىڭ ياساپ بېرىسەن، بولمىسا تۈرمىدە ياتىسەن. قايسىسىغا تۇرىسەن؟—دەپتۇ دارىن.

دادام زۇۋان سۈرمەي يېتىپتۇ. تاغىلىرىم:

—دارىن جانابلىرى، ئەپۇ قىلسىلا! دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياساپ بېرەيلى،—دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇ چاغدا دارىنغا بىر نېمىلەرنى دېگەن ھېلىقى ئەمەلدار تاغىلىرىمغا قاراپ: «ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. قوشنا دۇكاندىكى كىشىلەر قەيەردىندۇر بىر زەمبىلنى تېپىپ، دادامنى يامۇلدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بىچارە دادامغا قىلىنغان مۇشۇ زۇلۇم مېنىڭ سەبىي قەلبىمدە ئادالەت ۋە قىساس تۇيغۇسىنى ئويغاتقان ئىدى. مەن يىلدىن-يىلغا ئۇلغىيىۋاتقان مۇشۇ تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا قاتناشتىم.

مەن ھەر قېتىم مەرھۇم دادامنىڭ ئۆيۈمدىكى چوڭايتىلغان سۈرىتىنى كۆرسەم، ئۆتمۈشتىكى ھېلىقى ناھەق تاياق يەپ، قان تەپچىرىگەن ھالىتى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

## ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى

**1944**-يىلى ئۆكتەبىر، مېنىڭ **18** ياش ۋاقتىم. مەن دادام بىلەن ياغاچچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئىلىدا قوزغالغان ئىنقىلاب توغرىسىدىكى ھەرخىل خەۋەرلەر سۈيدۈڭ ناھىيەسىگە كەڭ تارقالدى. خەلق ئارىسىدا بۇ ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار كۆپەيدى. «ئالتە ئوغرى» دەپ ئاتالغان ئىنقىلابچىلارنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە بەرگەن قاقشاتقۇچ زەربىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر كىشىلەرنى غەيرەت-شىجائەت بىلەن روھلاندۇردى.

شۇ كۈنلەردە ئىلىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇن ئۈستى ئوچۇق ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرۇپ سۈيدۈڭدىن ھەيۋەت بىلەن ئۆتكەن ئىدى. بەزى ئاپتوموبىللارغا ھەرخىل چوڭ-كىچىك زەمبىرەكلەر سۆرىتىلگەن ۋە بەزىلىرىدە ئاجايىپ قوراللار تىكلەپ قويۇلغان. بىز بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇننى كۆرۈپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرىدۇق. شۇ چاغدا بۇ ئۆتكۈنچى قوشۇننى كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىن ئابلەت ئەھمەدى قېشىمغا كەلدى. ئۇ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: «خاتىرجەم بولۇڭ: ئىنقىلابچىلار تاغ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، بۇ نېمىلەرنى تىرە-پىرەن قىلىۋېتىدۇ» دېدى. مەنمۇ پىچىرلاپ: «راست شۇنداق بولغاي» دەپ ھېسداشلىق قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىلەردە ئولتۇراقلاشقان ئاز ساندىكى خەنزۇلار سېپىل ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە قوراللىق ساقچىلار سېپىل سىرتىغا كەمدىن كەم چىقىدىغان بولدى. بەزى كۈنلىرى قوراللانغان بىر روتا ئەسكەر سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت بىلەن چىقىپ، غەربىي دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتەتتى. بۇ، ئۇلارنىڭ خەلققە كۈچ كۆرسەتكىنى ئىدى. تىنچ كۈنلەردە يىللاپ يېپىلمايدىغان سېپىل دەرۋازىلىرى مەھكەم تاقىلىدىغان بولدى. سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرى رېمونت قىلىندى.

كېچىلىرى سېپىل سىرتىدىكى مەھەللىلەردە ئامانلىق ساقلىغۇچىلار نۆۋەت بىلەن تاڭ ئاتقۇچە كوچا ئارىلاپ يۈرىدىغان بولدى. چىنباغ مەھەللىسىدىن مەن، ھاشىم تاغامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم، يەنە ئىككەيلەن بىر نەچچە قېتىم كېچىلىك قاراۋۇل بولدۇق. بىز جىمجىت كېچىدە

ئىلى تەرەپكە قوللاق سېلىپ تىڭشىساق، زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى يەر ئاستىدىن ئاڭلىناتتى. بىز ئاۋازنىڭ چىڭ ـ بوشلۇقىغا قاراپ ئارىلىقنىڭ يېقىن ـ يىراقلىقىنى مۆلچەرلەيتتۇق. كۈندۈزى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى كېچىسى سۆزلەپ مۇلاھىزە قىلاتتۇق. ئابلەت ئەپەندىنىڭ ماڭا دېگەن گەپلىرى پارىڭىمىزنىڭ مەزمۇنى ئىدى:

«بۇ زالىملار بىزنى بەك ئەزدى، ئۇيغۇرلاردا ھېچقانداق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك يوق. بىزگە مەھەللە باشلىقلىقىدىن باشقا خىزمەت بەرمەيدۇ. يۇرت چوڭلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ خەلقنىڭ قېنىنى شورايدۇ...»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بەزى دوستلىرىم ئائىلىسىگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەرنى سۆزلىدى. مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا (1934 ـ يىلى) ھېلىقى يامۇل ئەمەلدارىنىڭ دادامغا قىلغان ناھەق زۇلۇمىنى سۆزلەپ بەردىم. مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ناھەق ۋەقەلەر بىزنى ھاكىمىيەت بېشىدىكى زالىملارغا قارشى قىساس ئالىدىغان دەرىجىدە ئۆچ قىلىۋەتتى. بىز ئارىلاپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئايلىنىپ كېلىپ يەنە پاراڭغا چۈشەتتۇق. بىز قاراۋۇللۇق قىلغان ھەر بىر كېچىنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ، تۈن يېرىمىدىن خېلى ئۆتكەندە ئۆيلىرىمىزگە كىرىپ ئۇخلايتتۇق.

## سۈيدۈڭ سېپىلىنى مۇھاسىرە قىلىش

1944 ـ يىلى نويابىرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئىككى ئاتلىق پارتىزاننىڭ بىزنىڭ كوچىدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆردۇق، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى پارتىزانلارنى كۆپرەك ئۇچرىتىدىغان بولدۇق. سېپىلنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تۈت كوچا قاتار دۇكانلار بىلەن گىرەلەشكەن ئاۋات بازار ئىدى. كوچىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى دۇكانلار سېپىلغا يېقىن سېلىنغان بولۇپ، بۇ دۇكانلارنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيلەر سېپىلگە تۇتىشىپ تۇراتتى. بۇ دۇكانلار بىلەن ئۆيلەر ئاساسەن خەنزۇ تىجارەتچىلەرنىڭ ئىدى. كوچىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى دۇكان ۋە ھويلا ـ ئارانلاردا ئۇيغۇر، خەنزۇ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئىدى. سېپىلنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرى ئوچۇقچىلىق ئىدى.

نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتىزانلار سۈيدۈڭ سېپىلىنى جەنۇب ۋە شەرق تەرەپتىن تولۇق مۇھاسىرىگە ئالدى. تۈت كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دۇكان ۋە ئۆيلەر قۇرۇقدالغان بولۇپ، ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە تېشىپ بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان، پارتىزانلار دۇكان ئىچىگە مۆكۈنۈپ يېرۇپ، سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن ئېتىشاتتى. مۇھاسىرىنىڭ بوشىراق كۈنلىرىدە دۈشمەنلەر كوچىدا كېتىۋاتقان پۇقرالارنىمۇ ئېتىۋەتكەن ئىدى.

نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تاغامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىز مۇھاسىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەرگە كۆرۈنمەيدىغان يوللار بىلەن پارتىزانلار تۇرغان ئۆيلەرگە باردۇق. بىرنەچچە ئۆيدە پارتىزانلار تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىن سېپىل ئۈستىدىكى قوراللىق دۈشمەنلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. دۈشمەنلەرمۇ سېپىلنىڭ كۆڭگۈرلىرىدىن پارتىزانلارنى كۆزىتىدىكەن. ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ ـ كۆرمەي ئېتىشىپ قالىدىكەن. يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە (سېپىل ياقىسىغا) ئۆتۈش خەتەرلىك بولسىمۇ، ئېھتىياج تۇغۇلغاندا پارتىزانلار ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. تۈت كوچىدىكى رەستىلەردە، تاملىرى تېشىلگەن دۇكانلاردا چىنە ـ قاچىلار، كىيىم ـ كېچەك، ھەرخىل ئۆي سايمانلىرى چېچىلىپ يېتىپتۇ. بەزىلەر كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتقان. ئىبراھىم ئىككىمىز پارتىزانلارنىڭ دۈشمەننى كۆزىتىپ قاراشلىرىغا، ئاندا ـ ساندا بىر ـ ئىككى پاي ئېتىپ قويۇشلىرىغا قىزىقىپ قاراپ تۇردۇق. بىزنىڭمۇ زوقىمىز كېلىپ مىلتىق ئېتىپ باققۇمىز كەلدى. بىزنىڭ بۇ ئارزۇيىمىزنى چۈشەنگەن بىر پارتىزان: «ئەسكەر بولساڭلارسىلەرگىمۇ مىلتىق بېرىدۇ» دېدى.

ــ يارىساقلا ئەسكەر بولىمىز، ــ دېدىم مەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىز شۇ يەرگە (مۇھاسىرە لىنىيەسىگە) بىرنەچچە قېتىم بېرىپ كەلدۇق.

## ئىنقىلابىي قىزغىنلىق

شۇ كۈنلەردە غۇلجىدىن ۋە قورغاستىن تۈركۈملەپ پارتىزان ئەترەتلىرى كېلىپ، سېپىلنىڭ جەنۇب ۋە شەرق تەرىپىدىكى مۇھاسىرە چەمبىرىكى كۈچەيتىلدى. كېچىلىرى دۆڭگەن تەرەپتە ئىشپىيونلارنىڭ سېپىل ئۈۋىگە كېلىپ، دۈشمەنگە مەلۇمات بېرىدىغان ئىشلىرى بىرنەچچە قېتىم يۈز بەردى. مۇنداق ئىشپىيونلار قولغا چۈشكەندىن كېيىن گومىنداڭچىلار بۇ ۋاستىدىن تامامەن مەھرۇم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن گۇمانلىق بىشارەت سېزىلگەن ھامان بىزنىڭ ئاپتومات، پىلىموتىمىز تاتىلدايدىغان بولدى.

1944 ـ يىلى 13 ـ دېكابىر كۈنى ئىبراھىم ئىككىمىز دەرۋازا ئالدىدا تۇرساق، ئىككى ئاتلىق پارتىزان يېپ ـ يېڭى بەشئاتار مىلتىقنى كۆتۈرۈپ:

ــ ھازىر ئىشتابقا يېڭى قوراللار كەلدى. ئەسكەر بولۇشنى خالايدىغانلار ئىشتابقا بېرىپ يېزىلغىلار،

قولۇڭلارغا قورال ئېلىپ كورەشكە ئاتلىنىڭلار!—دەپ ۋارقىراپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

—يۈرە، ئىبراھىم، بىزمۇ ئەسكەر بولۇپ ئىنقىلابقا قاتنىشايلى، كۆپچىلىك نېمە بولسا، بىزمۇ شۇ!—دېدىم مەن.

ئىبراھىم ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدى. ئىككىمىز ئىشتابقا بېرىپ ئەسكەرلىككە يېزىلدۇق. شۇ يەردىلا ئاپتومات ئاسقان بىر يىگىت بىزنى ئازاق مەھەللە مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى يوغان بىر ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆيدە بىزگە ئوخشاش يىگىرمە نەچچە ياش باللار بىر بەشئاتار مىلتىقنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈۋاتقان، بىرەيلەن مىلتىقنى چۇۋۇماستىن، ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان ئىكەن:

—مانا، ماۋۇ ئوق سالىدىغان قۇتىسى، ماۋۇ زاتۇورى، بۇنى مۇنداق قايرىپ باسساق مىلتىق بەتلىنىدۇ، ماۋۇ تەپكىنى باسساق ئوق ئېتىلىدۇ،—دەپ تەپكىنى باسقان ئىدى. تارس قىلغان ئاۋاز چىقتى.

—چۈشەندىڭلارمۇ؟

—چۈشەندۇق.

—يەنە بىر كۆرسىتىپ بېرىڭ!

ئۆگەتكۈچى يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. بىزنى باشلاپ كەلگەن (ئاپتومات ئاسقان) يىگىت ئازاق مەھەللىسىدىكى بىر باينىڭ ئوغلى ئىدى. بىزنىڭ ئۈچ ۋاخ تامىقىمىز بايلارنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن كېلەتتى. ھەر كۈنى ئىككى قېتىم (چۈشتىن ئاۋۋال ۋە چۈشتىن كېيىن) رەتكە تىزىلىپ كوچا ئايلىنىپ يۈگۈردۇق. بىر كۈنى چىنباغ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ھاشىم تاغام بىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىز كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتۇق. تاغام ئارقىمىزدىن قاراپ قالدى. ئۈچ كۈندىن بېرى بىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمىزنى بىلەلمەي ئەنسىرەپ تۇرغان كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن: «ئوغلۇم ساۋاتسىز، ئىش كۆرمىگەن، ئەسكەرلىكنىڭ خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بالا ئىدى. مۇھەممەد ئەگەشتۈرۈپ كەتتى...» دېگەنلىكىنى كېيىن دادامدىن ئاڭلىدىم.

دادام مېنىڭ ياغاچ مىلتىقلارنى ياساپ، تاغىلىرىمنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئەسكەرلەردەك مەشىق ئويناشلىرىمغا قاراپ مېنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىدىغانلىقىمنى سېزىپ بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا ماڭا ھېچنېمە دېمەي، ھەر بىر نامىزىدا تىنچ ئامانلىق تىلەيتتى.

پارتىزانلىق مەشغۇلاتىمىزنىڭ 4-كۈنى كوماندىرىمىز:

—مەن ھازىر سىلەرنى باش ئىشتابقا ئاپىرىپ، باشلىقلارغا دوكلات قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى شۇلار ئورۇنلاشتۇرىدۇ،—دېدى.

كوماندىرىمىز بىزنى ھەربىيچە يۈرۈش بىلەن باش ئىشتابقا ئېلىپ باردى. ئىشتاب ناھىيەلىك دوختۇرخانىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ھەربىي ئىشلار ۋە مەمۇرىي ئىشلار ئىشخانىلىرى ئايرىم ئىدى. ئىشتابتىن ئۈچ ئادەم چىقىپ بىزنى كۆزدىن كۆچۈردى. شۇ چاغدا ياسىن خۇدا بەردى مېنى كۆرۈپ:

—سەنمۇ ئەسكەر بولدۇڭمۇ؟ بېرى كەل، مەيەردە سەن قىلىدىغان ئىش بار،—دەپ، مېنى سەپتىن ئايرىپ ئىشخانىگە ئېلىپ كىردى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئىشتابتا مەمۇرىي بۆلۈمنىڭ كۆچۈرگۈچى كاتىپى بولۇپ قالدىم. ناھىيە رايونلىرىغا، قىسىملارغا ۋە بايلارغا يېزىلىدىغان ھەرخىل مەزمۇندىكى ئالاقىلەرنى يېزىش ۋە ئاقئا كۆچۈرۈش بىلەن بەند بولدۇم. مەزمۇنى قىيىنراق ئالاقىلەرنىڭ كوپىيەلىرىنى ياسىن خۇدا بەردى ئۆزى يېزىپ بېرەتتى. مەن ئاقئا كۆچۈرۈپ بەرسەم، ئىشتاب تامغىسىنى بېسىپ يوللىۋېتەتتى. ماڭا ياسىن خۇدابەردىدىن باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئىش بۇيرۇتتى. بىر كۈنى بېلىگە تاپانچا ئاسقان رۇس كوماندىر بىلەن بىر ئۇيغۇر مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى:

—مۇنۇ خەتنى ئۆزگەرتمەي رۇسچە كۆچۈرۈپ بېرىڭ،—دېدى ھېلىقى ئۇيغۇر. مەن كىچىكرەك ئىككى بەت قەغەزگە رۇسچە يېزىلغان خەتنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ تېز يېزىلغان خەت بولغاچقا ئوقۇيالمىغان سۆزلەرنى ئۆزىدىن سورىۋالدىم. ئۇ: «تېزرەك يېزىپ بەر، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن كېلىپ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ: «خاراشو!» (رۇسچە ياخشى دېگەن مەنىدە) دەپ قويدى-دە، ئاستىغا ئىمزاسىنى قويۇپ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ رۇسنىڭ كاتىپلىقىنى بىرنەچچە قېتىم قىلدىم.

## سۇيدۇڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى

دېكابىر كىرىشى بىلەن سۇيدۇڭ سېپىلىنى مۇھاسىرە قىلغان پارتىزانلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى، جەڭگىۋارلىقىمۇ كۈچەيدى. مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سۇيدۇڭنى قەتئىي ئازاد قىلىش قارار قىلىنغان ئىدى. سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن پارتىزانلارنىڭ ئېتىشىشلىرى گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيىپ تۇردى. تاغلىقكىزە تەرەپتىن سېپىل ئىچىگە مىناميوتلار ئېتىلدى. مۇشۇنداق كەسكىن ھۇجۇملار ئارقىلىق دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا دالالەت

قىلىنغان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. سېپىلگە شوتا قويۇپ چىقىپ، گىرەلەشمە ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. بۇ 24 ـ دېكابىر كۈنى ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە قورالسىز يېڭى پىدائىيلار (مېنىڭ سەپداشلىرىم) ئۈزۈن ياسالغان ئون نەچچە شوتىنى سېپىل تۈۋىگە ئەكەلدى. بىر ـ بىردىن سېپىل تۈۋىگە تىكلەپ قويغاندىن كېيىن قوراللىق پارتىزانلار چىقىشقا باشلىدى. سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر تارسىلدىتىپ ئېتىپ، بىرمۇ پارتىزاننى چىقارمىدى. شوتىنىڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىقالىغان پارتىزانلاردىن ئون نەچچىسى قۇربان بولدى. بۇ چارە ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن سېپىل ئەتراپىدىكى قوراللىق ۋە قورالسىز پارتىزانلار چېكىنىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. تاڭ يورۇغانسېرى بۇلار پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى. كۈن چىقاي دېگەندە ئىككى پارتىزان سېپىل تۈۋىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ يولنىڭ بۇ قېتىغا ئۆتۈۋالدى. بۇلارغا ئاتقان ئوق تەگمىدى. كۈن چىقىپ جاھان يورۇپ كەتتى. ئارىلىقى ئون مېتىرچە كېلىدىغان توغرا يولدىن ئۆتۈش بەكمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا نەۋرە ئىنىم ئىبراھىم پەملەپ تۇرۇپ يۈگۈرگەن ئىكەن، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئوق تېگىپ يىقىلىپتۇ.

شۇ كۈنى مەن يەنە بىر كاتىپ بالا بىلەن ئىككىمىز شەھەرنى ئىشغال قىلغاندا دۇكانلارغا چاپلايدىغان پىچەتلەرنى يېزىۋاتاتتۇق. سائەت ئون ئەتراپىدا ئىبراھىمنىڭ قۇربان بولغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆيگە باردىم. جەسەتنى مېھمانخانا ئۆيگە ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئەتراپىدا ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرى، كۆز يېشى قىلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قايغۇلۇق ھالدا تۇرۇشۇپتۇ. مەن جەسەتنىڭ مەيدىسىنى ئېچىپ قارىسام، ئوق يەلكىسىگە تېگىپ، يۈرەكتىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەن قايغۇلۇق ھالدا خىيالغا چۆكتۇم... 13 ـ دېكابىر كۈنى ئىبراھىمنى ئەسكەر بولۇشقا قىزىقتۇرمىسام بوپتىكەن. ئەپسۇس...! ئۇ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ئىدى.

ئىبراھىم قۇربان بولغاندىن كېيىن ھېچكىم بۇ ئارىلىقتىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياسىن خۇدا بەردىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھۆتمە ـ تۆشۈك ئۆيلەر ئارقىلىق تۆت كوچا تەرەپكە بېرىپ، قوراللىق پارتىزانلارنىڭ سېپىل ئۈستىگە كۈچلۈك ئوق ياغدۇرۇشى ئاستىدا سېپىل تۈۋىدىن يولنىڭ بۇ يېقىغا ئۆتۈۋالغان ئىدى.

شۇ كۈنلەردە گومىنداڭچىلارغا قىلىنغان ھۇجۇم ھەرقانچە كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ دۈشمەن قىلچە بوشاشمىدى. باشقا چارىلەرمۇ نەتىجە بەرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سېپىلنى پارتلىتىش ئارقىلىق شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىش قارار قىلىندى. 29 ـ دېكابىر كۈنى تۈن يېرىمىدا يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان قاتتىق گۈمبۈرلەش بىلەن سېپىلنىڭ جەنۇب تەرىپى پارتلىدى. مۇشۇ مىنۇتنى كۈتۈپ تۇرغان يۈزلىگەن قوراللىق پارتىزانلار، كالتەك، چوماقچىلار شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىرىشتى. كوچا ئۇرۇشى ۋە گىرەلەشمە جەڭلەر داۋاملاشتى. كالتەك، چوماقچىلاردىن بەزىلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقى، بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلاندى ۋە بەزىلىرى پىتراپ قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. شەھەر ئىچىگە كىرگەندە پۇقرالارغا چېقىلماسلىق، ئۆي ۋە دۇكانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىق ھەققىدە تەكرار ئۇقتۇرۇش قىلىنغان بولسىمۇ ئىنقىلابنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەيدىغان ئەقىلسىز، نادان ياشلار بۇيرۇققا خىلاپ ئىشلارنى قىلدى. ھەر تەرەپكە پىتراپ قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەمنى ئېتىپ ماڭدى. شۇ كېچىسى بىزنىڭ مەھەللىگە يېقىن كوچىدىن قېچىپ ئۆتكەن بىر دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بىز تونۇيدىغان ئۈچ ئادەمنى ئېتىۋەتكەنلىكىنى كۆردۇق.

شەھەر ئىشغال قىلىنىپ ئەتىسى ئىشتابتىكى ئون نەچچىمىز شەھەر ئىچىگە كىرىپ، دۇكانلارغا پېچەت چاپلىدۇق. شەھەر ئىچى ئاساسەن تىنچىتىلغان بولسىمۇ كوچىلاردا ئۆلۈكلەر، چېچىلغان مال ـ مۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، چىنە ـ قاچا، قەغەز پۇللار دەسسىلىپ ياتاتتى. بەيتىلمالنىڭ (ھۆكۈمەت خەزىنىسىنىڭ) ئادەملىرى مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەرنى بەلگىلەنگەن جايلارغا توپلىماقتا. بۇ ئىشلار بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

1945 ـ يىلى يانۋارنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە سۈيدۈڭ ناھىيەلىك مۇلكىي ئىدارە (ناھىيەلىك ھۆكۈمەت) قۇرۇلۇپ، ئابدۇللا ھاجىم ھاكىم، ياسىن خۇدا بەردى باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلەندى. يېڭى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت بىچارە دادام تاياق يېگەن يامۇلغا ئورۇنلاشتى. شۇ كۈنلا ياسىن خۇدابەردى مېنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ قىلىپ يېنىغا ئەكىرىۋالدى.

ناھىيەمىز يېڭى ئازاد بولغان شۇ كۈنلەردە ئىشلار ناھايىتى كۆپ ۋە ئالدىراش بولغانلىقتىن ئۆيگە قايتماي، ئىشخانىدە يېتىپ قالاتتىم. مەن دېمەتلىك يەنە بىر كادىرنىڭ ئىشخانىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇ يىگىت خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ كاتىپى خوجەھمەد ئابلايېۋ ئىكەن. بىز 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ئىشلەپ، بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ، سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بەزى كۈنلىرى بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەيتتۇق. ئاپام كىر ـ قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ بېرەتتى.

1943 ـ يىلى خوجەھمەد دادىسى بىلەن قەشقەردىن غۇلجىغا كېلىپ تۇرۇپ قالغان ئىكەن. دادىسى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سۇيدۇڭدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئىكەن. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئىنقىلابنىڭ جىددىي كۈنلىرىدە باشلىنىپ، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئۈنتۈلماس دوستلۇق بولۇپ قالدى.

## تاشلاندۇق ملتىقلار

سۇيدۇڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ (كونا يامۇلنىڭ) بىر چېتىدىكى ئۆيدە پەۋەس كونا تاشلاندۇق ملتىقلار بار ئىكەن. بۇ، شىڭ شىسەي دەۋرىدە خەلقتىن يىغىۋېلىنغان كونا زاماندىكى بەردەنگە، موزىپان ۋە ئوۋ ملتىقلىرى ئىكەن. بۇ ملتىقلارنىڭ قونداق، پاينەكلىرى سۇندۇرۇپ تاشلانغان، بەزىلىرى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن ۋە بەزىلىرىنىڭ زاتىۋورلىرى يوق. بەش ـ ئالتىمىز ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە نەچچە يۈز تاشلاندۇق ملتىق ئارىسىدىن ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىرىنى ئىزدىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايىغىمىز ئاستىدىكى ھەرخىل ملتىقلارنى تاراقشىتىپ، ئۆياق ـ بۇياققا تاشلاپ، ئاستىدىكىلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەتتۇق. يارىماسلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ، يارىغۇدەكلىرىنى ئەچىقىپ كېتەتتۇق. بىز مۇشۇنداق ملتىق ئىزدەۋاتقان 3 ـ كۈنى بىر ملتىق ۋاڭگىدا ئېتىلىپ كەتتى. ئوق ھېچقايسىمىزغا تەگمەي تامغا كىرىپ كەتتى. بىز شۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئىزدەيدىغان بولدۇق. مەن 5 ـ كۈنى ۋېنگىرىيەدە ئىشلەنگەن 32 ـ رازمىرلىق ئوۋ ملتىقنى تېپىۋېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويدۇم. ئالدىرىماي ئۇنىڭ داتلىرىنى سۈرتۈپ تازىلاپ مايلىسام زاتىۋورى ھەرىكەتلەندى. ئاندىن ئۇنىڭغا قونداق ياساپ بېكىتتىم. يەنە شۇ ئۆيدىن ئۇنىڭغا چۈشىدىغان مىشەكتىن يەتتە تالنى تاپتىم. بىر نەچچىمىز ئىشتىن چۈشكەندە ھەمكارلىشىپ قوغۇشۇندىن پىترە ياساپ ئوق تەييارلىدۇق. باشلىقلىرىمىز يىغىن ئاچقان بىر كۈنى بىز ملتىقلىرىمىزنى بەتلەپ، قاغا، قۇشقاچلارنى ئېتىپ ئوينىدۇق. مېنىڭ ملتىقىم باشقىلارنىڭكىدىن ساز ھەم ياخشى بولۇپ چىقتى. دوستلىرىمنىڭ ھەۋىسى كېلىپ، بىرەيلەن: «سېتىپ بەر» دېدى. يەنە بىرەيلەن: «بىر قويغا تېگىشەمسەن؟» دېدى. ئىككىلىسىگە: «ياق» دەپ جاۋاب بەردىم.

شۇ يىلى يانۋاردا مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ھادىسە يۈز بەردى: 13 ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئىشخانىدە تام مەشكە ئوت قالاۋېتىپ، قولىدىكى كونا ملتىقنىڭ ستۋولىدىن تۇتۇپ، ئوق سالىدىغان تەرىپى بىلەن ئوتنى چۇخچىلاپتۇ. بىر چاغدا ۋاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بالا ئارقىسىغا يىقىلدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن كۆكسىنى تۇتقان ھالدا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «مېنى قۇتقۇزۇڭلار، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە دەلدەڭشىپ بېرىپ، بىر كىشىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى. كىشىلەر ناسىلكا تېپىپ كېلىپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغۇچە ئۆلۈپ قالدى. ئۇ بالا ئوت چۇخچىلىغان ئوۋ ملتىقنىڭ ئىچىدە ئېتىلمىغان پىترە ئوق بار ئىكەن. شۇ ۋەقەدىن كېيىن تاشلاندۇق ملتىقلار بار ئۆيگە قۇلۇپ سېلىندى.

بىر كۈنى مەن ھويلىدا پىترە ئوق ياساۋاتسام، دادام قېشىمغا كېلىپ:

ــ مەن سېنىڭ مۇشۇ ملتىقىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ــ دېدى.

ــ خاتىرجەم بول، دىققەت قىلىمەن. مەن بۇ ملتىقنى بىر قويغا تېگىشمەيمەن، ــ دېدىم.

ــ ئەخمەقلىق قىلىپسەن، ھازىر بىزگە ملتىق ئەمەس، پۇل كېرەك. بىر قوينىڭ پۇلى بىزگە بىر ئاي خىراجەت بولىدۇ ئەمەسمۇ! ــ دېدى.

مەن خىجىل بولدۇم، تېخى ئۆلۈشكۈنى گۆشسىز پولا يېگەن ئىدۇق. ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقى، دادامغا قىلىنغان جەبىر ـ زۇلۇم يادىمغا كېلىپ، گومىنداڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدىم. بەزى كۈنلىرى بىر ھويلىدا بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان نەۋرە ئىنىم ئىبراھىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى قىساس ئېلىشقا ئۈندەيتتى. مەن ئابلەت ئەھمەدىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كۈنلەردە ئەسكەر بولۇشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. ملتىققا بولغان ئامراقلىقىم مېنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ بولۇشتىن زېرىكتۈرگەن ئىدى.

## ئەسكەر بولغىنىم بولغان

1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پىدائىي پارتىزان بولۇپ يېزىلىپ، 4 ـ كۈنى ئىشتابتا كاتىپ بولۇپ قالدىم. سۇيدۇڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن مەندىن باشقا ھايات قالغان پىدائىيلار قوراللىق ھەربىي قىسىمغا قوشۇلۇپ كەتتى. مەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە كۆچۈرگۈچى كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. ئارزۇيۇم نەدە قالدى؟ مەن بۇ ئارزۇيۇمنى خوجەھمەتكە دېدىم.

ــ سىزنىڭ ئەسكەر بولۇشىڭىزغا ئاتا ـ ئانىڭىز قوشۇلامدۇ؟ سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ تۇنجى ئارزۇلۇق ئوغلى ئىكەنسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرە ئىنىڭىزنىڭ قۇربان بولغانلىقى ئاتا ـ ئانىڭىزغا قاتتىق تەسىر قىلىپتۇ. مېنىڭچە، سىز ئۇلارنى ئەنسىرەتمەي، مۇشۇ خىزمەتنى قىلىۋېرىڭ، ــ دېدى.

بۇ گەپ بىلەن بىرەر ئاي ئۆتتۈپ كەتتى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋاتسام، ھەربىي فورما كىيگەن پىدائىي دوستلىرىمدىن بىرى ئۇچراپ قالدى. بىز سالاملاشقاندىن كېيىن:

ــقالتىسقۇ؟ــدېدىم مەن.

ــسەندىن باشقا ھەممەيلەن رەسمىي ئەسكەر بولۇپ قالدۇق،ــدېدى ئۇ.

دوستۇمنىڭ «سەندىن باشقا» دېگەن سۆزى ماڭا ئار كەلدى. مەن ئۆزۈمنى ئىرادىسىز ھېس قىلدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە پولك ئىشتابىغا بېرىپ رەسمىي ئەسكەرلىككە يېزىلدىم. ئۆزۈم خۇشال، ئەمما بىر غېمىم بار. تەسلىكتە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئالغىلى باردىم.

ــئەتىگەندە نەگە يوقاپ كەتتىڭ؟ــدېدى ياسىن خۇدابەردى.

ــئىشتابقا بېرىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە يېزىلىپ قويۇپ كەلدىم.

ــنېمىشقا مەندىن سورىماي بېرىپ يېزىلىۋالدىڭ؟

ــسىزدىن سورىسام، بەرىبىر ئۇنىمايسىز.

ــبۇ يەردىكى خىزمەت ئىنقىلاب ئۈچۈن بولماي، مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشىممىدى؟ ھەجەب بەگباش بولۇپ كېتىپسەنا!؟

ــئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلىپ باقاي.

ــخالىغىنىڭنى قىلىپ باق!ــدېدى ئاچچىقلىنىپ.

شۇ كۈنى يامغۇر ياغقان، يوللار پاتقاق ئىدى. مەن پولك ئىشتابىغا بېرىپ، شۇ كۈنكى پىدائىيلار بىلەن تەقسىماتنى كۈتۈپ چۈشكىچە تۇردۇم. بىر ئەسكەر يېنىمغا كېلىپ:

ــسىزنى بىر كىم چاقىرىۋاتىدۇ،ــدېدى. مەن سىرتقا چىقسام، قورۇدا دادام، ئاپام، ھاشىم تاغام ئۈچەيلەن سىم ـ سىم يېغىۋاتقان يامغۇرغا پىسەنت قىلماي ئۆرە تۇرۇپتۇ. دادام غەمكىن چىرايى بىلەن مەندىن نارازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ئاپام يىغلامسىراپ:

ــبۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ سېنى بىر جەڭدىن ئامان قالدى دەپ خۇش بولساق، يەنە ئەسكەر بولۇۋاپسەنغۇ!؟ بىزگە ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟ــدەپ يىغلاپ كەتتى. ھاشىم تاغام ئاچچىق بىلەن:

ــسەن ئەسكەرلىكنى ئويۇن دەپ ئويلاپ قاپسەن. بۇ، جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش. ئىبراھىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بىز باشلىقىڭغا دەپ سېنى چىقىرىۋالايلى،ــدېدى.

ــخاتىرجەم بولۇڭلار! مەن ئەسكەرلىكنى ئويۇن دەپ بىلگىنىم يوق. خەلقنى ئازاد قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىش دەپ بىلىمەن. سېنى ئۇرغان، ساڭا ئوخشاش يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن دارېن، جۇجاڭ، شەنجاڭلارنىڭ ئەدىپىنى بەردۇق. بۇ ئۇلۇغ ئىش ئەمەسمۇ؟! سۆيۈگىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىش تۈگىمىدى. ئىبراھىمغا ئوخشاش مىڭلىغان ياشلار مۇشۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن قۇربان بولۇۋاتىدۇ. مەنمۇ قۇربان بولسام، خەلق سىلەردەك ئاتا ـ ئانىلاردىن رازى بولىدۇ. ئىنقىلاب قىلغان ئىكەنمىز، بىر باشقا ئىلىپ چىقىشىمىز كېرەك. سىلەر بىزگە نۇسرەت تىلەڭلار!

دادام بىلەن ئاپام بىر ئاز يۇمشىغاندەك بولدى. لېكىن ھاشىم تاغام قايىل بولمىدى. قاپقارا ساقىلىنى تۇتاملاپ قويۇپ:

ــمەن دېمىدىممۇ! تولا ئوقۇغان بالا گەپدان بولىدۇ. قانداق قىلاتتۇق، خۇداغا ئامانەت دېمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق،ــدېدى.

ــشۇنداق بولسۇن، دادا، ئاپا، ھاشىم تاغا، مېنىمۇ خاتىرجەم قىلىڭلار!

ــخۇداغا ئامانەت، ئوغلۇم!

ــخۇدا يامان كۈنلەردىن ساقلىسۇن!

ئۇلار شۇنداق ياخشى نىيەتلىك دۇئالىرى بىلەن ئەنسىز كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىپ قايتىپ كېتىشتى. مەن يەنە بىر غەمدىن قۇتۇلۇپ يېنىكلەپ قالدىم.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىر نەچچىمىز 2 ـ باتالىيوننىڭ 4 ـ روتىسىغا تەقسىم قىلىندۇق. مەن 1 ـ ئىزۋوتنىڭ 2 ـ ئاددىلىنىيەسىگە ئورۇنلاشتىم. مەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەت ھەربىي تۇرمۇشنىڭ تۇز ـ تەمىنى تېتىشقا باشلىدىم.

بىز ھەر كۈنى ئاددىلىنىيە بويىچە ئىككى سائەت سىياسىي ئۆگىنىش قىلاتتۇق. بۇنىڭدا ئىنقىلابقا، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيەگە ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە دائىر ماقالىلەر ئوقۇپ بېرىلەتتى. ئاندىن قورال ـ ياراقلار بىلەن تونۇشۇش، ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتۇق. بەزى كۈنلىرى ئىزۋوت بويىچە تىزىلىپ ھەربىيچە يۈرۈش مەشقى قىلاتتۇق. كېچە ـ كۈندۈز سېپىل ئۈستىدە نۆۋەت بىلەن پوستقا تۇراتتۇق. بۇ پوست (قاراۋۇل) كۈندۈزى تىنچ ـ خاتىرجەم ئۆتەتتى. لېكىن كېچىلىك پوست ئەنسىز، ۋەھىمىلىك ئىدى. مەن ئەسكەر بولۇپ 2 ـ كۈنى كېچىسى سائەت 12 دىن 2 گىچە شەرقىي دەرۋازا ئۈستىدە پوستقا تۇردۇم. مەن سېپىل ئۈستىدىكى ماڭا تەۋە يۈز مېتىر ئارىلىقنى توختىماي مېڭىپ، تىڭتىڭلاپ كۆزەتتىم. شەھەر ئىچى تىنچلانغىنىغا ئۈچ ئاي بولغان بولسىمۇ، بەزى كېچىلىرى بۇلاڭ تالاڭ قىلىنغۇچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مەن پوستقا تۇرغان ئىككى سائەت

ئىچىدە مۇنداق ھادىسە يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئىككى سائەتلىك ھەربىي مەجبۇرىيەت، مۇرەمدىكى مىلتىق مېنى سىنايدىغان دەسلەپكى پۇرسەت بولۇپ قالدى. دەل سائەت ئىككىدە نۆۋەتچى قاراۋۇل كېلىپ، سېپىل ئۈستىدىكى ھەممە پوستنى ئالماشتۇردى. مەن ياتىقىمغا كىرىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم.

## يېڭى ۋەزىپە

ئەتىسى ــ ئەسكەرلىكنىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ياتاقتا ئاددىلىنىيە كوماندىرىمىز بەشئاتار مىلتىقتىن بىرنى چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇشنى ئۆگىتىۋاتقان ئىدى. 25 ياش ئەتراپىدىكى زىيالىي سۈپەت بىر ئوفىتسېر ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەممىمىزگە بىر قاراپ قويۇپ:

ــ مۇھەممەد رەھىم دېگەن كىم؟ ــ دېدى.

ــ مانا، مۇشۇ بالا! ــ دەپ مېنى كۆرسەتتى ئاددىلىنىيە كوماندىرىمىز.

مەن كىچە پوستقا تۇرغاندا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوخشايمەن، دەپ قورقۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ــ يۈرۈڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ! ــ دەپ مېنى ياتاقتىن ئېلىپ چىقىپ، روتا ئىشتابىغا باشلاپ كىردى. ئىشتابنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدە بىزدىن باشقا ئىككى ئوفىتسېر، بىر ئاددىي ئەسكەر ئولتۇرۇپتۇ. بىز كىچىككىنە ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە قارىمۇ قارشى ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭ ئىللىق چىرايىغا قاراپ، ماڭا جازا ئەمەس، باشقا بىر ئىش بارلىقىنى سېزىپ خاتىرجەم بولدۇم. ئۈستەل ئۈستىدە ئۇيغۇرچە گېزىت، بىرنەچچە كىتاب، رۇسچە ژۇرناللار تۇراتتى.

ــ سىز قايسى مەكتەپتە قانچىلىك ئوقۇدىڭىز؟

ــ مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى سۈيدۈڭدە ئوقۇدۇم. 1937 ـ يىلى ئائىلىمىز غۇلجىغا كۆچۈپ باردى. «تائالىيە» مەكتىپىدە 1942 ـ يىلىغىچە ئوقۇپ ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتتىم. شۇ يىلى ئائىلىمىز سۈيدۈڭگە قايتىپ كەلدى. مەن سۈيدۈڭدىكى رۇس باشلانغۇچ مەكتىپىدە بىر يىل ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن دادام بىلەن ياغاچچىلىق قىلدىم.

ــ مەن سىزنىڭ ئۇيغۇرچە، رۇسچە ساۋاتىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ،

ــ بولىدۇ.

ئۇ قەغەز، قەلەمنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ، ئۇيغۇرچە گېزىتنى قولىغا ئالدى.

ــ مەن ئوقۇغان جۈملىلەرنى سىز يېزىڭ، ــ دېدى.

ئۇ مەن يازغان ئون نەچچە قۇر خەتنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ:

ــ خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا ئىكەن. مەن غۇلجىدىكى «ئۈمىد» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ئىدىم. سىزدەك ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىممۇ بار ئىدى. ئەمدى رۇسچە ئىككى جۈملە سۆزنى دەپ بېرەي، سىز يېزىپ بېقىڭ، ــ دېدى ـ دە، رۇسچە ژۇرنالدىن يېرىم ئابزاسنى ئوقۇدى، مەن رۇسچە يازدىم. ئۇ مېنىڭ يازغىنىمنى ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئىملا خاتالىرىدىن تۆت ـ بەشنى تېپىپ تۈزەپ قويدى.

ــ رۇسچە ساۋادىڭىزمۇ خېلى ياخشى ئىكەن. سىز بۈگۈندىن ئېتىبارەت مۇشۇ روتىنىڭ كاتىبلىق خىزمىتىنى قىلىسىز. ھەممە ۋاقىت، ھەممە ئىشتا بىز بىلەن بىللە بولىسىز، ــ دېدى. ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرغانلارغا رۇسچە: «بىز ياخشى كاتىب تېپىۋالدۇق!» دەپ خۇشاللىقىنى بىلدۈردى. بۇ كىشى ئىشتاب باشلىقى ناسىروف زاكىر ئىكەن.

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئاددىي ئەسكەرلىكتىن روتا ئوفىتسېرلىرى بىلەن بىللە ھەربىي تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدىم. كۈندىلىك ۋەزىپەم پولك ئىشتابىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ھەربىي مەشغۇلات ۋە سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇنلىرىنى كۆپەيتىپ يېزىپ ئىزۋوتلارغا تارقىتىمەن. پولك ئىشتابىغا يېزىلىدىغان مەلۇمات، ئىلتىماسلارنى يېزىپ يوللايمەن، روتىمىزنىڭ دوختۇرى ۋە ئالاقىچىسى بىلەن ئۈچەيلەن ھەر كۈنى جەڭچىلەر ياتاقلىرىنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرىمىز. مەن ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن قورادا روتا ئەسكەرلىرىنى رەتكە تىزىپ، تىزىملىك بويىچە يوقلىما قىلىمەن. شۇ كۈنى بىرەر ئەسكەر يوقلىمىغا قاتنىشالمىغان بولسا، شۇ ئەسكەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىشتاب باشلىقىغا دوكلات قىلىمەن (بۇ بەكمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال). ھەر كۈنى تەكرارلىنىدىغان ئادەتتىكى ئىشلاردىن باشقا ئىشلارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلارنىڭ بەزىلىرى مېنى خېلى ئاۋارە قىلاتتى. مەسىلەن، روتىمىزدىكى بارلىق جەڭچى، ئوفىتسېرلارنىڭ رويخېتىنى رۇسچە يېزىپ چىقىش مەن ئۈچۈن قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

بىزنىڭ روتىمىز ھەر ئايدا بىر قېتىم سۈيدۈڭ ناھىيەسىنىڭ بەش ـ ئون كىلومېتىر سىرتىغا بېرىپ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزەتتى. ھەر ئايدا بىر قېتىم قارىغا ئېتىش مەشقى ئېلىپ باراتتى. باشقا روتىلارمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇ پائالىيەتلەرگە روتىدىكى ھەممە ئادەم قاتنىشاتتى. مەن تەقلىدىي ئۇرۇش مانېۋىرىدە دوختۇرغا ياردەملىشىپ، يارىدارلارنى ئارقا سەپكە يۆتكىدىم. بەزىلىرىنىڭ يارىسىنى تاڭدىم. روتا كاماندىرى ۋە ئىشتاب باشلىقى بۇيرۇغان

ئىشلارنىمۇ قىلدىم.

روتا بويىچە قارىغا ئېتىش مەشىقى ئېلىپ بېرىلغان كۈنلەردە مەنمۇ جەڭچىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، يۈز مېتىر ئارىلىقتىكى نىشانغا ئوق ئاتتىم. بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم رەسمىي مىلتىق ئېتىشىم بولغاچقا بەش تال ئوقنىڭ ئاران بىرىنى نىشانغا تەگكۈزدۈم. كېيىنكى ئايلاردىكى قارىغا ئېتىش مەشىقلىرىدە ئون تال ئوقتىن تۆتنى، ئاخىرقى قېتىم ئالتە تال ئوقنى نىشانغا تەگكۈزدۈم. ئىشتاب باشلىقىم مېنى ماختاپ قويدى:

— ياخشى! سىزدە ئىلگىرىلەش بار، يەنىمۇ تىرىشىپ مەشىق قىلىڭ!

روتا ئىشتابىدىكى مۇھىم بىر خىزمەت سەۋەبى بىلەن 4 - قېتىملىق قارىغا ئېتىش مەشىقىگە قاتنىشالمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مانېۋىر ۋە قارىغا ئېتىش مەشىقى ئۆتكۈزۈلمىدى. 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە بولغان كۈنلەر ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار ھەربىي مەشىق، تەقلىدىي ئۇرۇش مانېۋىرلىرى بىلەن ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە ئاتا - ئانامنىمۇ غەم - ئەندىشىدىن يىراقلاق ياشىدى.

## ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش

1945 - يىلى 7 - ئاي كىرىشى بىلەن روتىمىزدا جىددىي تەييارلىق ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىمىز مەلۇم بولدى. سېپىل ئىچىدىكى خارابە ئۆيلەردە ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ھەربىي تۇرمۇش ھەممىمىزنى بىزار قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەپەر تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلەپ، ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كېتىشكە ئالدىرىدۇق.

7 - ئاينىڭ 1 - ھەپتىسىدە چۈشتىن ئاۋۋال باتالىيونىمىز شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كەگرى مەيدانىدا سەپراس بولۇپ تىزىلىپ تۇردى. مەيدان پەرزەنتلىرى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلگەن خەلق بىلەن تولغان ئىدى. شۇ مىنۇتتا دادام، ئاپام، تاغىلىرىم ۋە باشقا تۇغقانلىرىم مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاپام پېشانەمگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى:

— خۇداغا تاپشۇردۇم، جېنىم بالام، خۇدايىم بالا - قازادىن ساقلىغاي...

— خۇدا نۇسرەت بېرىپ، ھەممىڭلارنى سالامەت قىلغاي! — دېدى مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى.

دادام ئۈنسىز يىغلاپ، كۆز ياشلىرىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇراتتى. جۇدالىق ھەسرىتى بىلەن ئۆپكىسىنى باسالمىغانلىقتىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىغان ئىدى. سىڭلىم ئاپامدىنمۇ بەكرەك ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتاتتى.

— دادا، ئاپا، يىغلىماڭلار! مۇشۇ جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش بالا، مۇشۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى، يىغلىغان - يىغلىمىغانلار بولسۇن، سىلەرگە ئوخشاش ئاتا ئانا، بىز خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن جەڭ قىلىمىز. ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق. يىغلىماڭلار! — دېدىم.

قاينام - تاشقىن جامائەت ئىچىدىن سەللە ئورىغان سالاپەتلىك بىر كىشى قۇرئان كەرىمدىن بىر ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا تەكبىر قىلدى. پۈتۈن جامائەت بىزگە جەڭلەردە نۇسرەت، مۇشكۇل كۈنلەردە ئاسايىشلىق تىلەپ دۇئا قىلىشتى. قوشۇن ھەربىي كوماندا بويىچە سەپنى رۇسلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز قايتا دىدار كۆرۈشۈشنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك كۆلەڭگىلىرى ئىچىدە ئاق يول تىلەپ قېلىشتى.

باتالىيونىمىز شۇ كۈنى پىيادە مېڭىپ لوسگۇڭغا كېلىپ ئارام ئالدى. 4 - روتا بىر باي دېھقاننىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۆي ئىگىسى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىككى كۈنگىچە قوي سويۇپ، پولا، شورپا بىلەن مېھمان قىلدى. 3 - كۈنى ئەتىگەندە پىيادە يۈرۈش قىلىپ كەچتە سايرام كۆلى بويىغا (سىمپىتۇزىغا) يېتىپ كەلدۇق. ئەتىسى روتىلار تاغ باغرىغا رەسمىي ئورۇنلىشىپ، چېدىر بارگاھلىرىنى تىكۋالدى. قارىغاينىڭ شاخلىرىدىن كەپە ياساپ، روتا ئىشتابى، ئاشخانىلەرنى تەييارلىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن 1944 - يىلى 12 - ئايدىن 1945 - يىلى 2 - ئايغىچە ئۈرۈمچىدىن بىرنەچچە قېتىم تانكا، برونېۋىك ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان زور قوشۇن ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ قوشۇن تەلكە تاغلىرى ئىچىدە قەھرىمان پارتىزانلىرىمىز تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ئىدى. گومىنداڭ بۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، يەنە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. مۇشۇ ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، باتالىيونىمىز تاغ باغرىدا مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى قېزىپ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى.

ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك ھەرخىل ئۇرۇش مانېۋىرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرمىدۇق. ھەر خىل مانېۋىرلاردا ئۆزگىچە خاس ھەر خىل پارول ئىشلىتەتتى. جەڭچىلەرگە بېرىلىدىغان سىياسىي تەربىيە ئىشلىرىمىزمۇ ئۆكسۈپ قالمىدى. مەن روتىنىڭ كاتىپى بولغاچقا سىياسىي رەھبەرگە ياردەملىشەتتىم. ھەر كۈنى كەچتە تىزىملىككە قاراپ جەڭچىلەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ يوقلىما قىلاتتىم. بۇ تىزىملىك ماڭا ياد بولۇپ كەتكەچكە بەزى كۈنلىرى 120

نەچچە جەڭچىنى تىزىملىككە قارىماي ئىسمىنى چاقىرىپ يوقلىما قىلىپمۇ تېنىمىگەن ئىدىم.

شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالدىنقى سەپكە يۈرۈشنىڭ رەسمىي تەييارلىقى باشلاندى. يۈرۈش ئالدىدا پولك بويىچە بارلىق روتا، باتالىيونلارنىڭ كوماندىرلىرى ئۆستۈرۈلدى. غەنى نۇرتايىف بىر رۇس بىلەن 2 ـ باتالىيونغا كوماندىر بولدى. باتالىيونىمىز پىلىموت، ئاپتومات، گىرانات، مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. ئىلگىرىكى قورال ـ ياراغلىرىمىز كونىراق ۋە يېتەرسىز ئىدى. بىز بۇ يېڭى قوراللارنى كۆرۈپ، روھىي كەيپىياتىمىز جۇش ئۇرۇپ غەيرىتىمىزگە غەيرەت قوشۇلدى.

18 ـ ئاۋغۇست كۈنى كەچ سائەت 10 دا سىمپىتۇزىدىن قوزغىلىپ، ئالدىنقى سەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. سەنتەيگە كېلىپ بىر سائەت ئارام ئېلىپ، ستەيگە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. مەن بىر سائەتمۇ ئۇخلىۋالالمىدىم. غەنى نۇرتايېف مېنى ئېتىغا مىندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۆزى باتالىيوننىڭ ئالدىدا پىيادە مېڭىپ كەتتى. غەنى 2 ـ باتالىيونغا بىر رۇس بىلەن بىللە كوماندىر بولغاندىن بۇيان رۇس تىلىدىن قىينالغان ئىدى. مەن ياخشى سۆزلىيەلمىسەممۇ مەقسەتنى ئۇقتۇرالايتتىم. شۇڭا غەنى نۇرتايېف مېنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. ناسىروف زاكىر بولسا، كۆپرەك روتىلارنىڭ خىزمىتى بىلەن ئاۋارە ئىدى. زاكىر بەزى كۈنلىرى پولك ئىشتابىدا بولۇپ قالاتتى.

مەن ئاتنىڭ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ مۈگدەشكە باشلىدىم. ھوشيار بولمىسام، ئۈيقۇ مېنى ئاتتىن يىقىتىپ تاشلىشى ئېنىق ئىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ، پۈتۈن قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىغا باردىم. ئەڭ ئالدىدا پولكىمىزنىڭ ئالاھىدە ئىزۋوتلىرى كېتىۋاتاتتى. ئۇزۇن سەپ تارتىپ ماڭغان پىيادە پولك ئاخىرلاشقىچە ئۇخلىۋېلىشنى ئويلاپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئاتتىن چۈشتۈم. مىلتىقىمنىڭ تاسمىسىنى مۈرەمدىن چىقارماي مەيدەمگە باستىم. ئاتنىڭ تىزگىنىنى سول بىلىكىمگە يۆگەپ، بېشىمنى بىر تاشقا قويدۇم، شۇ چاغدا قارىسام، ئاي شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ دەرەخ بويى ئۆرلىگەن ئىكەن. تۈن سائەت بىر بولغان ۋاقىت ئىدى. مەن قوشۇن ئاخىرلاشقىچە بىر سائەت ئۇخلىۋېلىشنى مۆلچەرلەپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئۇيقۇغا قېنىپ كۆزۈمنى ئاچسام، تاڭ يورۇشقا باشلىغان چاغ بولۇپ، ئاي غەرب تەرەپكە قىيسايغان، ئەتراپ جىمجىت، ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. سەھەر سالقىنى يۈزۈمگە ئۇرۇلماقتا. پۈتۈن قوشۇن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىرمۇ ئادەم ئويغىتىپ قويماپتۇ. بۇ تاقىر دالىدا يالغۇز قالغانلىقىمنى كۆرۈپ تېنىم شۈركەندى. مەن دەرھال مىلتىقىمنى يەلكەمگە ئېسىپ ئاتقا مىندىم ـ دە، قوشۇننىڭ كەينىدىن چاپتىم. تەخمىنەن يېرىم سائەت مېڭىپ، پولكنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئاشخانە سايمانلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ھارۋىلىرىغا يېتىشىۋېلىپ كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. ئاتنى يەنە بىرئاز چاپتۇرۇپ باتالىيونۇمغا يېتىشىۋالدىم. باتالىيون كاماندىرىم:

ـــ يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟ ـــ دېدى. مەن بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم.

ـــ نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭىز؟ مەن ھارۋىغا چىقىرىپ قوياتتىم ئەمەسمۇ!

ـــ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇيقۇ بوزەك ئەتسە سىزگە دەيمەن، ـــ دېدىم.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى تەلكە ئىچىدىكى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جىڭ ناھىيەسىدە مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇۋالغان ئىدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر نەچچە پولكى جىڭ ناھىيەسىنى غەرب تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالغان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىدى. سۇيدۇڭ پىيادە پولكى مۇشۇ ماڭغىنىچە جىڭنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلىرىمىز بىلەن بىرلىشىپ جىڭنى ئازاد قىلىدىغان ئوخشايمىز، دېگەن گەپ پەيدا بولدى. لېكىن سۇيدۇڭ پولكى چۆلدىن، ستەيدىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلۇپ، بۆرتالاغا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مەنزىل نىشانىمىز باشقا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

بورتالا ناھىيەسى 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئازاد قىلىنغان بولۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىملاشقان، خەلق ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۈنلەردە پولكىمىز بورتالاغا كىرىپ كەلدى. بىز بۇ يەردە بىر يېرىم كۈن دەم ئېلىپ، 3 ـ كۈنى سەھەردە يۈرۈپ كەتتۇق. ئىككى كۈن يول يۈرۈپ موفاڭغا (ھازىرقى تولى ناھىيەسىگە) يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە ئارام ئالغان ئىككى كۈن ئىچىدە قوشۇنىمىزنىڭ قورال ـ ياراغلىرى تەكشۈرۈلۈپ، پىلىموت، مىنامىيوت، تانكا ئاتار مىلتىق ۋە ھەرخىل ئوق ـ دورىلار بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. 3 ـ كۈنى كۈن پاتقان مەزگىلدە تاغ ئارىسىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى تاشيول بىلەن سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بۇ، چۆچەك شەھىرى بىلەن شىخو ئارىسىدىكى تاشيول ئىكەن. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا تاغ ئارىسىدىن كەڭرى، تۈپتۈز ئىدىرغا چىقتۇق. كۈن نۇرى بىلەن جۇلالانغان بۇ تۈزلەڭلىك بىزگە كەڭ كۈشادىلىك بەخش ئەتتى.

كاماندىرلىرىمىز قوشۇننى تېز ـ تېز يۈرۈشكە بۇيرۇدى. سائەت ئون ئەتراپىدا قوموش بىلەن تولغان سازلىق

بويىدىكى پاكار دەرەخلەر دالدىسىغا كېلىپ توختىدۇق. باتالىيون كاماندىرىمىز ئاگاھلاندۇردى:

— بىز ھازىر ئۈچۈنچىلىقتا چىقىپ قالدۇق. دۈشمەن ئايروپىلانى بىزنى سېزىپ قېلىپ بومباردىمان قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قورال ـ ياراغ، ئات ـ ھارۋا ۋە بارلىق نەرسىلەرنى ئوبدان يوشۇرۇڭلار! كەچ كىرگەندە يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، ـــ دېدى.

شۇ بۇيرۇق بىلەن ھەممە نەرسىنى يوشۇرۇش ۋە نىقابلاش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. تاشيولنىڭ سول تەرىپى شەرقتىن غەرپكە سوزۇلغان سازلىق، قومۇشلار ئېگىز ـ پەس، دەرەخلەر شالاڭ بولغاچقا كۆڭۈلدىكىدەك يوشۇرۇنالمىدۇق. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوتتۇز قەدەم نېرىدە قوغۇنلۇق بار ئىكەن. ئون نەچچىمىز كاماندىرنىڭ توسقىنىغا قارىماي قوغۇنلۇققا يۈگۈردۇق. بۇ، قوغۇن، تاۋۇزنىڭ راسا پىشقان ۋاقتى ئىكەن. ھەر قايسىمىز ئىككىدىن، ئۈچتىن قوغۇننى كۆتۈرۈپ جايىمىزغا كەلدۇق. ئۇنى يەپ تۇرۇشىمىزغا گومىنداڭنىڭ بىر ئايروپىلانى كېلىپ، ئۈستىمىزدىن بىر ئايلىنىپ كېتىپ قالدى.

— كۆردۈڭلارمۇ ئايروپىلاننى؟ ئۇ بىزنى رازۋېتكا قىلىپ كەتتى. ئەمدى ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. ھوشيار بولۇڭلار! ـــ دېدى كومبات (باتالىيون كوماندىرى).

بىر نەچچىمىز يەنە قوغۇنلۇققا يۈگۈردۇق. بىز قوغۇنلارنى تاللاپ ئۈزۈۋاتساق، يەنە بىر ئايروپىلان كېلىپ ئۈستىمىزدىن بىر ئايلىنىپ يىراقلاشتى ۋە يىراقتىن بىزگە قاراپ شۇڭغۇپ ئۇچۇپ كەلدى. كوماندىرىمىز: «يېتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ھەممىمىز تۇرغان يېرىمىزدە يېتىۋالدۇق. قوغۇنلۇقنىڭ چوڭنەكلىرى بەكمۇ تېيىز بولسىمۇ ئوڭ ـ دۈم بولۇپ يېتىۋالدۇق. مەن چوڭنەك ئىچىدە ئوڭدا يېتىپ، ئايروپىلانغا كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم. ئايروپىلان خۇددى مېنى كۆزلىگەندەك شۇڭغۇپ، بوتۇلكىدەك پارقىراق بىر نەرسىنى تاشلىدى، بۇ نەرسە بىر سېكۇنتچە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ تاشلىغىنى بومبا، مېنىڭ يېنىمغا چۈشەرمۇ... دەپ تۇرسام، باتالىيون چېدىرىغا يېقىن يەردە پارتلىدى. بۇ ئايروپىلان ئايلىنىپ ئۇچۇپ يەنە ئىككى بومبا تاشلاپ كېتىپ قالدى. بىرىنچى بومبا ئاپپاق، قېرى سوكسوك دەرىخىنىڭ يېنىغاراق چۈشۈپ پارتلىغان ئىكەن، سوكسوكنى پالتا بىلەن چاپقاندەك بېلىدىن ئۈزۈۋېتىپتۇ. 2 ـ بومبا سازلىقتىكى قومۇش ئارىسىغا چۈشۈپ پارتلىماپتۇ. 3 ـ بومبا ئات ـ ھارۋىلار بار يەرگە چۈشۈپ بىر ئېشەكنى يارىلاندۇرۇپتۇ.

مەن سوكسوكنىڭ يېنىغا چۈشكەن بومبىنىڭ پارچىسىنى ئىزدەپ بىر قانتىنى تاپتىم ـ دە، قولۇمغا ئېلىپلا تاشلىۋەتتىم. قولۇم كۆيۈپ قالغىلى تاس قالدى. سوۋۇغاندىن كېيىن قولۇمغا ئالدىم. مايماق ـ سايماق بولۇپ كەتكەن ئالىقانچىلىك قانىتىدا ئىنگلىزچە «US» دېگەن ئىككى ھەرپنى كۆردۈم. شۇ كۈنكى ۋەقە مەن ئۈچۈن ئالدىمىزدىكى قانلىق جەڭلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. بىز شۇ كۈنى كۈن تاغ ئارقىسىغا مۆكۈنگەندە چەپەيزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

2 ـ سېنتەبىر كۈنى 2 ـ باتالىيون چۈش ۋاقتىدا چەپەيزىگە يېتىپ كېلىپ، دەرەخزارلىق ئارىسىغا ئورۇنلاشتى. شۇ ئاردا مىللىي ئارمىيەنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرنەچچەيلەن پەيدا بولدى. گېنېرال پالىنوۋ:

— سۇيدۇڭ پىيادە پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى چەپەيزىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ ئۇلارنى ھالسىراتتى. ئەمدى 1 ـ باتالىيون دەم ئالىدۇ. سىلەر (2 ـ باتالىيون) ئورۇشنى داۋاملاشتۇرىسىلەر. بۇ ھەقتە كوماندىرىڭلار تەپسىلىي يوليورۇق بېرىدۇ. غەلىبە سىلەرگە يار بولسۇن! ـــ دېدى.

2 ـ باتالىيون سەپنى رۇسلاپ، قوراللىرىنى بەتلەپ تۇرغان پەيتتە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ چەپەيزىدىن چېكىنگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. باش ئىشتاب 2 ـ باتالىيوننى دەرھال قوغلاشقا بۇيرۇدى. بىز تەخمىنەن بەش يۈز مېتىرچە يول يۈرۈپ، چوڭقۇر كولانغان خەندەككە دۈچ كەلدۇق. بۇ خەندەك كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى خەندەك ئىچىدە چېپىپ يۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. خەندەكتىن باشقا ئاكوپلارمۇ قېزىلغان. بىز ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى خەندەكنىڭ ئىككى قىرنى چاناپ ئادەم ئۆتكۈدەك قىلدۇق ـ تە، شۇ يەردىن ئۆتۈپ چەپەيزىگە كىردۇق ۋە قالدۇق دۈشمەنلەر بىلەن يېرىم سائەت ئېلىشىپ، كۈن پاتقان مەزگىلدە چەپەيزىنى تازىلىدۇق. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن توختاۋسىز دۈشمەننى قوغلاپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئۆتكەن بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىقىمىز ۋە ئارامسىز يۈرۈش سەۋەبى بىلەن ھەممىمىز، خۇسۇسەن مەن بەك چارچىغان ئىدىم. كومبات غەنى نۇرتايېۋ ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ، مېنى مىندۈرۈپ قويدى. مەن ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۇخلاپتىمەن. سەزگۈمنىڭ زېرەكلىكىدىن ئاتتىن يىقىلاي ـ يىقىلاي دېگەندە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. مۇشۇنداق مۈگدەش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدىم. تۈن يېرىم بولغاندا ئەتراپى تاقىرقاي يوغان بىر قورۇغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ قورۇدا بىرنەچچە ئېغىز ئەبجەق ئۆيلەر، بىر يوغان قوتان بار ئىكەن، ئەمما ئادەممۇ، ھايۋانمۇ يوق ئىكەن. كومبات

بۇگۈن كېچە مەشەدە ئارام ئالىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. جەڭچىلەر شۇ هامان ئۆي ـ ئۆيلەرگە يۈگۈرۈشتى. ئون نەچچىمىز ھېلىقى يوغان قوتانغا كىرىپ ئورۇنلاشتۇق. مەن پىلاشنى يېپىنىپ، بىر سوقىچاق تاشقا بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاپ كەتتىم. تاڭ يورۇغاندا چېلىنغان سىگنال بىلەن تەڭ ھەممىمىز قورۇغا يىغىلدۇق. ھېس قىلىشىمچە، ئۆمرۈمدە مۇشۇ كېچىدىكىدەك تاتلىق ئۇخلىماپتىمەن.

مۇشۇ كېچىسى گومىنداڭنىڭ بىر روتا ئەسكىرى بىز قونغان قورۇدىن بىر كىلومېتىر نېرى يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەپتۇ. بۇ، چەپەيزىدىن چېكىنگەن قوشۇننى قوغداش ئۈچۈن بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپ تۇرغان روتا ئىكەن. باتالىيون كوماندىرىمىز 4 ـ روتىدىن بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى شۇ روتىغا قارشى جەڭ قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە باتالىيونىمىز كونا شىخوغا قاراپ يولغا چىقتى. يېرىم سائەت مېڭىپ ھېلىقى بىر ئىزۋوت ئەسكىرىمىز بىر روتا دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان يەرگە كەلدۇق. شۇ جەڭدە بىزنىڭ بىر جەڭچىمىز قۇربان بولۇپتۇ. بىز ئۇنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىپ قويدۇق. دۈشمەننىڭ مىلتىق، پىلىموت ئوقلىرىنىڭ مىشەكلىرى، ئوزۇق خالتىلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالماپتۇ. بىز ھايالسىز يۈرۈش قىلىپ كونا شىخوغا بېرىپ توختىدۇق.

كونا شىخو شىمال تەرىپىدىكى ئېگىز ـ پەس دۆڭلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈزلەڭلىكتىكى چوڭراق يېزا ئىكەن. دېھقانلارنىڭ ئاددىي ـ ساددا، كۆرۈمسىز ئۆيلىرى، ئېغىللىرى، ئۈستى ئېچىۋېتىلگەن ئۆيلەرنىڭ ۋەيرانە تاملىرى، تالان ـ تاراج قىلىنغان ئۆيلەرنىڭ چېقىلغان ئىشىك، دېرىزىلىرى ئۇرۇش خارابىلىقلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۆيلەردىمۇ، بۇ ئەتراپتىمۇ بىرمۇ ئادەم يوق. يوللاردا ئىت، چوشقا، ئېشەكلەر پىتراپ يۈرۈپتۇ. توخۇلار ئۈركۈپ تۇتۇق بەرمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. دېمەك، بۇ توخۇلار تۈنۈگۈنكى قاچقۇن بۇلاڭچىلارغا تۇتۇق بەرمەي ئامان قالغان ئىكەن. ئەتراپتىكى بىر بۆلەك ئېتىزدا تەرخەمەك، لازا، چەيزە، پەمىدۇر، غولپىيازلار پىشىپ ئۇرۇقلاپ كېتىپتۇ. بىر ئېتىزدا لىگۇا پىشىپ تەييار بولۇپ قاپتىكەن، بىرنىمۇ قويماي يەۋېتىپتۇق.

2 ـ باتالىيون كونا شىخودا ئىككى كۈننى خاتىرجەم ئارام ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. لېكىن پولكىمىزنىڭ رازۋېتكا قىسىملىرى شىخو ئەتراپىنى رازۋېتكا قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلارنى بەلگىلەش بىلەن شۇغۇللاندى. پولكنىڭ بىرنەچچە يۈك ئاپتوموبىلى يىراقتىن چىراغلىرىنى يېقىپ كېلىپ، ئۆچۈرۈپ قايتىپ كەتتى. مۇشۇ ھەرىكەتنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق دۈشمەنگە تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىخونىڭ غەرب تەرىپىگە ئون نەچچە يەرگە گۈلخان يېقىپ ھەيۋە كۆرسەتتى. بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى كۆزىتىپ تۇرغان دۈشمەن تەرەپ: «بۈگۈن كېچە ئوغرىلار شىخو ئەتراپىغا نەچچە مىڭ ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى» دېگەن تەشۋىش بىلەن دىققەت مەركىزىنى ئاساسەن غەرب تەرەپتىكى مۇداپىئە لىنىيەسىگە يۆتكىدى.

## شىخۇغا ھۇجۇم

**1945** ـ يىلى **3** ـ سېنتەبىر كۈنى كەچ سائەت **11** ئەتراپىدا **2** ـ باتالىيون كونا شىخودىن شىخوغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. قوشۇن تاشيول بىلەن تىۋىش چىقارماي جىمجىت كېتىۋاتىدۇ. ئايسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرۇپتۇ. كېچىنىڭ سالقىن شامىلى لەرزان يەلپۈپ ئۆتمەكتە. بىز تەخمىنەن بىر يېرىم سائەت پىيادە ماڭغان ۋاقتىمىزدا ئارقا تەرىپىمىزدىن ۋاڭ قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى. شۇ ھامان ئالدى تەرىپىمىزدىن بىر پاي ئوق ئېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىزگە قارىتىپ مىلتىق، پىلىموتلار سايراپ كەتتى. كومباتنىڭ «يېتىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىققا يېتىۋالدۇق. بىر قىسىم جەڭچىلەر يولنىڭ ئۈستىدىلا يېتىۋېلىشتى. مەنمۇ كوماندىرلار بىلەن بىر قاتاردا ئېرىققا بېشىمنى چىقىرىپ يېتىۋالدىم. پىلىموت تاتاتلاپ ئېتىلماقتا. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي غەنى نۇرتايېفقا قارىدىم.

ـــ دۈشمەننىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچراپ قالغان ئوخشايمىز، ـــ دېدى غەنى.

بەزى جەڭچىلەر ئوق چىقارغان ئىدى، رۇس كومبات: «ئوق چىقارما!» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزدىن ھېچكىم ئوق چىقارمىدى.

تارسىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار بېشىمىز ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى ئوقلار تاشيولغا تېگىپ قاڭقىپ ئۇچۇۋاتىدۇ. شۇنداق ئوقلاردىن بىرەرى ماڭا تەگمىدى، لېكىن باشقىلارغا تەگكەندۇ دەپ ئويلىدىم.

(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن ئارامغا چىققان)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت




# 19 ـ ئەسىردىكى

# ئىلىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار



تۈزگۈچى: ۋاسىلى ۋاسىلىيېۋىچ رادلوف (رۇسىيە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات سوپى

(بېشى ئالدىنقىساندا)

ئاندىن كېيىن چىقىرىدىغان ۋاقتىدا چىقىرىپ بۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى ئاخۇنلارغا ئېيتىپ: «بۇنىڭغا قالغان جازانى سىلەر قىلىڭلار، خەلققە ئىبرەت بولسۇن، بۇندىن كېيىن خوتۇننى كۆرەگە ھەرگىز ئېلىپ بارمىسۇن» دەپ ئاخۇنلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئاخۇنلار ئۇلارنى شەرىئەت ھۆكمى بىلەن سوراپ، ئەرلىرىنىڭ قولىنى ئارقىسىغا باغلىتىپ، يۈزىگە قارا سۈرۈپ، خوتۇنلىرىنىڭ يۈزىگىمۇ قارا سۈرۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئەرلىرىنىڭ بويىنىغا باغلىدى، بوينى بىلەن ئېشەكنى يېتىلىتىپ، ھەر قايسىنى ئىككىدىن كىشى چۆۋق بىلەن سوقۇپ قىچقىردى: «مانتۇچىلىق قىلغاننىڭ جازاسى شۇبۇ!» دەپ چۆۋق سوقتى. بۇ مانتۇچىلىق قىلغان تۆت كىشىنى بىر كۈن شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا يېتىلەپ يۈردى. ئۇلار قىچقىرىپ تۇردۇ: «مانتۇچىلىق قىلغاننىڭ جازاسى شۇبۇ!» دەپ. ئۇلارنى شەھەرنىڭ ئىچىدىكى ياخشى ـ يامان خەق ھەممىسى كۆردى، بىر كۈن كەچكىچە شەھەرنىڭ ئىچىدە يېتىلەپ يۈرۈپ، ھەر قايسىنى بەش يۈزدىن تولاراق چۆۋق سوقتى. ئاندىن كېيىن يۈز بېگى، ئەللىك بېشىنى قىچقىرىپ، بۇ ئوغرىلارنى تاپشۇرۇپ بەردى.

«بۇندىن كېيىن يامانلىق قىلسا، كېلىپ بىزگە ئاڭلىتىڭلار، بۇندىن قاتتىق ئازاب قىلىمىز» دېدى. ئۇلارنى يۈز بېگى، ئەللىك بېشى يۇرتىغا ئېلىپ بېرىپ تارانچىلىق قىلدۇردى.

يامانلارغا بۇ قىسما جازالارنى قىلدى، يەنە بولسا يامانلار يامانلىقنى تاشلىمىدى، ئوغرىلار ئوغرىلىق قىلىپ يۈردۇ، مانتۇچىلار مانتۇچىلىق قىلدۇ. ئادەمنى قىن بىلەن تۈزگىلى بولمايدىكەن.

## 19. ئوجاس

بۇرۇنقى زاماندا ئىلىدا ئوجاس دەپ بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ تولا ياخشى پادىشاھ ئىكەن، ئۆزى سېخى ئىكەن، سەئىتلەرنى[1] تولا ياخشى كۆرىدىغان ئىكەن، سەئىتلەرگە پۇل، ئات، كالا، تولا بېرەتتىكەن. بىر كۈنى ئوجاس پادىشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ، يېنىپ كەلگىنىدە بىر كىشى باغ سۇغارغىلى سۇ ئاچقان ئىكەن، سۇ ئۇلۇغ كېلىپ كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئول سۇدا ئوجاس پادىشاھنىڭ ئېتى پاتقاققا پېتىپ ئوجاس يىقىلىپتۇ. ئوجاس: «بۇ كوچىغا سۇنى كىم قويۇپتۇ؟ ئىزدەپ تېپىڭلار» دەپتۇ. ئاندىن كېيىن سەئىتلەر ئىزدەپ بارسا، بىر لولا[2] بەچچە باغنى سۇغۇرۇپ يۈرۈپتۇ. سەئىتلەر سوراپتۇ: «سۇنى سەن ئاچتىڭمۇ؟» دەپ، ئول: «مەن ئاچتىم» دەپتۇ. «سەن ئاچقان بولساڭ كوچىغا نېمىشكە سۇ قويىسەن؟ سېنى پادىشاھ چىللايدۇ» دەپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سەئىتلەر پادىشاھقا: «كوچىغا بۇ لولا بەچچە سۇ قويغان ئىكەن» دەپتۇ. دېگەندىن كېيىن پادىشاھ سوراپتۇ: «سەن كوچىغا نېمىشكە سۇ قويدۇڭ؟» دېگەندىن كېيىن، ئول: «باغقا سۇ ئېچىۋىدىم، سۇ ئۇلۇغ كېلىپ قاپتۇ، كوچىغا چىققىنىنى مەن بىلمەپتىمەن» دەپتۇ. دېگەندىن كېيىن سەئىتلەر: «بۇ

---

[1] سەئىتلەر- مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم بىر قەبىلە كىشىلىرى.

[2] لولا- مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تىلەمچىلىكنى كەسپ قىلغان ئىكەن.

سەئىتلەردىن ئەمەس، بۇ لولا بەچچە، شۇنىڭ ئۇچۇن كوچىغا سۇ قويىدۇ» دەپتۇ. دېگەندىن كېيىن ئوجاس پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇ لولا بەچچىنى قىرىق تاياق ئۇرۇپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئول لولا بەچچە قەسەم قىلىپ: «مەن بۇ سەئىتلەرنىڭ بېشىغا يەتمىسەم[3]، ھەرگىز لولا بولماي كېتەي» دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئۆزىنى سەئىت سۈرىتىدە ياساپتۇ، كېلىپ پادىشاھقا نەۋكەر كىرىپتۇ، «مەن سەئىتلەردىن بولىمەن، پادىشاھقا خىزمەت قىلسام دەپ كەلدىم» دەپتۇ.

«مەن سەئىتلەردىن» دېگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنى نەۋكەر ئاپتۇ. پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىپتۇ، بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن پادىشاھ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئاش يەپ ئولتۇرۇپتىكەن، ئول پادىشاھنىڭ ئىشىكىگە بىر گاداي كېلىپتۇ، گادايىنى كۆرۈپ، ئالدىغا ئاشنىڭ ئىچىگە بىر مۇنچە ئالتۇننى تىقىپ، لولا بەچچىگە بېرىپتۇ: «گادايغا ئېلىپ چىقىپ بەرگىن» دەپ.

ئول ئاشنى ئەپچىقىپ گادايغا: «پادىشاھ ساڭا يەپ ئولتۇرغان ئېشىنى چىقاردى، مەن ساڭا بىر مۇنچە پۇل بېرەي، ئاشنى ماڭا سېتىپ بەرگىن» دەپتۇ. ئول گاداي ئاشنى سېتىپ بېرىپتۇ. گاداي ئىككىنچى كۈنى يەنە كېلىپتۇ، كەلگەننى پادىشاھ كۆرۈپ، يەنە بىر تاۋاق ئاشنىڭ ئىچىگە يەنە بىر مۇنچە ئالتۇن تىقىپ چىقىرىپتۇ. يەنە لولا بەچچە ئېلىپ چىقىپ: «بىر ئاغرىق سىڭلىم بار ئىدى، بۇ ئاش ئۇنىڭغا دورا ئىدى، بۇ ئاشنى ماڭا سېتىپ بەر» دەپتۇ. ئۇ گاداي يەنە ئاشنى سېتىپ بېرىپتۇ. ئۇچىنچى كۈنى يەنە كېلىپتۇ. پادىشا ئۇنى كۆرۈپ ئۇ گادايغا ئاچچىقى كېلىپتۇ: «بۇ يامان گاداي ئىكەن، مەن ئىككى قېتىم ئاش بەردىم، ئىچىگە ئالتۇن تىقىپ، ئول ئالتۇننى بۇ بالىسىدىن بالىسىغا يەپ تۈگىتەلمەيدىغان ئالتۇن. شۇنچە پۇل بەرسەم يەنە كېلىپتۇ. قىچقىرىڭلار، بىر مۇنچە سۆز سوراپ، بۇ گادايىنى ئۆلتۈرىمەن» دەپتۇ. چىقىپ گادايىنى ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشاھ گادايدىن سۆز سوراپتۇ: «سەن ئىككى كۈن كەلدىڭ، مەن ساڭا ئىككى تاۋاق ئاش بەردىم، ئۇنىڭ ئىچىگە تولا ئالتۇن تىقىپ بەردىم، سەن ئۇ ئالتۇننى بالاڭدىن بالاڭغا يەپ تۈگىتەلمەيسەن. مەن ساڭا شۇنچە پۇل بەرسەم سەن پۇلغا تويماي، يەنە گادايلىق قىلىپ كېلىپسەن. سېنى ئۆلتۈرىمەن» دەپتۇ. دېگەندىن كېيىن ئۇ گاداي ئېيتىپتۇ: «پادىشاھ بەرگەن ئاشنى كۆزۈم كۆردى، قولۇم بىلەن تۇتمىدىم. ئاش ئېلىپ چىققان كىشى: مېنىڭ ئاغرىق سىڭلىم بار ئىدى، بۇ ئاش شۇڭا دورا، دەپ ماڭا ئازراق پۇل بېرىپ، سېتىپ ئېلىپ كەتتى» دەپتۇ.

بۇ سۆزنى پادىشاھ ئاڭلاپ ئاچچىقىدىن ھوشىدىن كەتتى، تەختىدىن يىقىلدى. بىر ۋاقتىن كېيىن پادىشاھ ھوشىغا كەلدى: «مەن سەئىتلەرنى تولا ياخشى كۆرۈپ، شۇنچە پۇللارنى بەرسەم، يەنە مېنىڭ ئىشىكىمگە كەلگەن گادايغا پۇل بەرسەم، ئۇنى گادايغا بەرمەپتۇ، ئەمدى ئالەم يۈزىدە سەئىتلەر بولسا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىدا تۈگمەن يۈرگۈزۈپ، ئۇن تارتىپ، نان ئېتىپ يەيمەن» دەپ قەسەم قىلىپتۇ. ئول سۆزنى ئۇ لولا بەچچە ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن قېچىپتۇ، بېرىپ يەنە ئىلگىرىكىدەك لولا بەچچە بولۇپتۇ.

پادىشاھ بىر تۈگمەن ياسىتىپتۇ، سەئىتلەرنى يىغىپتۇ، سەئىتلەرنى تۈگمەن بېشىدا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. قان قېتىپ قېلىپ، تۈگمەن يۈرمەپتۇ. ئۆلتۈرمىگەن سەئىتلەر يىغلىشىپ: «شۇ تۈگمەن يۈرسە، ئۇن چىقسا، بىز بۇ زالىمنىڭ قولىدىن قۇتۇلساق» دەپ خۇدادىن تىلەپ دۇئا قىپتۇ. ئاسماندىن بىر پارچە بۇلۇت كېلىپ، ئول قاننىڭ تۈپىسىدە يامغۇر ياغدى، ئول قان ئېرىپ قان ئاقتى، تۈگمەن چۆرۈلدى، بىزەررە ئۇن چىقتى، ئول ئۇننى ئوجاسقا نان قىلىپ بەردى. ئول ناننى يېدى، ئوجاس زالىم بولۇپ كەتتى.

بايىقى لولا بەچچە سەئىتلەر تۇتقان ۋاقتا سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا يېتىمەن دەپ قەسەم قىلغان ئىدى، شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن سەئىتلەرنى ئۆلتۈردى، شۇنداق ياخشى پادىشاھ زالىم بولۇپ كەتتى. زالىم بولغاندىن كېيىن ئول سەئىتلەرگە، بۇ يانقى خەلقلەرگە تولا زۇلۇملارنى قىلدى، ھېچ كىشىگە رەھىم قىلمىدى.

پادىشاھنىڭ بۇ يامان بولۇپ كەتكەن شۇملۇقىدىن خۇداي تائالا بالا ـ قازا ئەۋەتتى. ئۇ شەھەرگە ئاسماندىن قۇم يېغىپ، ئول پادىشاھ شەھەر ئىچىدىكى كىشىلىرى بىلەن قۇمنىڭ ئاستىدا ئۆلدى. ئۇلارنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل ـ مېلى، ياخشى جابدۇقلىرى ھەممىسى قۇمنىڭ ئاستىدا قالدى. بۇنى قالماق زامانىسىدا قالماقلار كولاپ تېپىپ ئالغان ئىكەن. قالماق بۇ پۇللارنى ئالغىلى ئۇزاق يىل بولۇپتۇ.

ئاندىن كېيىن مانجۇ كېلىپ قالماق بىلەن سوقۇشۇپ ئىلىنى مانجۇ ئېلىپتۇ. ئىلى مانجۇغا تەئەللۇق

[3] بېشىغا يەتمەك ـ بېشىغا چىقماق.

بولغاندىن كېيىن قەشقەر، يەركەن قاتارلىق شەھەرلەردىن ئىلىغا كىشى ئېلىپ كېلىپ تارانچى قىلىپتۇ. ئوجاس شەھەر قىلىپ ئولتۇرغان يەرنى ئۇ تارانچىلارغا بېرىپتۇ. تارانچىلار بۇ يەرنىڭ بىر مۇنچە يەرلىرىنى تېرىلغۇ قىلىپ، ئاشلىق تېرىپ، خانغا ھوسۇل بېرىپ، ئارىدا يۈز يىگىرمە يىل ئۆتۈپتۇ. داۋگۇاڭنىڭ يىگىرمە بىرىنچى يىلى[4] ئىلىدىكى تارانچىلار كىتابتىن ئاڭلاپ: «بىر يەردە ئوجاسنىڭ شەھەرى بار ئىكەن، قۇم يېغىپ، پۇل ـ مېلى قۇمنىڭ ئاستىدا قالغان ئىكەن، قالماق زامانىسىدا بىر مۇنچە پۇللارنى قالماق كولاپ ئېلىپتۇ. ئاندىن قالغىنىنى تېپىپ ئالىمىز» دەپ، تارانچىلار كولاپ بىر مۇنچىسى ئالتۇن، كۈمۈش تېپىپ ئالدى.

تارانچىلار تولا كېلىپ كولىدى، يەرنىڭ ئاستىدىكى ئوجاس ۋاقتىدا قالغان جابدۇقلىرىنى تېپىپ چىقاردى. سۇنغان چىنە، كوزا قاچا، ئادەمنىڭ ئۇستىخىنى تولا چىقتى، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى خەلقلەر تولا تېپىپ ئالدى. ئاندىن كېيىن مىس، تۆمۈر چىرىپ كېتىپتۇ، ھېچ كېرەككە يارىمايدۇ. پالچىق بىلەن ياسىغان قاچىلار، ئۆلارمۇ ئالغاندىن كېيىن سۇنۇپ كېتىدۇ، تۇتقىلى بولمايدۇ. ئۇ يىلى كىشىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش كولايمىز دەپ، يىراق يەرلەردىن يەرلىك كىشى، خەنزۇ، تۇڭگان تولا كەلدى. يامغۇر ياغمىدى، كۈندە شامال، بوران چىقتى، شامالدا يەر قۇرۇپ خەلقنىڭ تېرىغان ئاشلىقى يامان بولۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ھاكىم، شاغا ئاخۇنلارغا ئېيتتى: «بۇ يىل يامغۇر ياغمىدى، كۈنلىكى شامال چىقىپ، خەلقنىڭ تېرىغان ئاشلىقىنى قۇرۇتىۋەتتى. سىزلەر ئاخۇنلار ھەر قاي ياققا بېرىپ يامغۇر تەلەپ قىلىڭلار» دېدى.

دېگەندىن كېيىن ئاخۇنلار ئېيتتى: «جىرغىلاڭدا[5] ئوجاسنىڭ شەھەرىدە ئالتۇن كولايمىز دەپ يەرنى قېزىپ، يەرنىڭ ئاستىدىكى ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئېچىپ تالاغا چىقىرىۋېتىپتۇ. ئادەمنىڭ ئۇستىخىنى ئۇلۇغ. ئۇنىڭ ئۈچۈن يامغۇر ياغمايدۇ، كۈنلىكى شامال، بوران چىقىدۇ. ئۇ يەردە خەلقنى ئالتۇن كولاتمىسا، چىققان ئۇستىخانلارنى ئەرەك تېرىپ ئېلىپ، بىر لاتىغا يۆگەپ، يەرگە كۆمسە بولىدۇ. ئالتۇن تېپىپ ئالغان خەلقلەر ئاخىرىدا ئوبدان بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ يەرگە قوي، كالا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاش قىلىپ، قۇرئان ئوقۇتۇپ، خۇداي تائالادىن تىلەپ دۇئا قىلسا، ئاندىن كېيىن يامغۇر ياغار» دېدى. بۇ سۆزنى ھاكىم، شاغا ئاخۇنلاردىن ئاڭلاپ، ئول يەرگە ئىككى بەگنى ئەۋەتتى: «ئالتۇن كولىغان خەنزۇ، تۇڭگان بولسا، يەرلىك كىشى بولسا ئۇ يەردىن قوغلاڭلار، ئۇ يەردە ئېچىلىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇستىخىنى بولسا يىغىپ ئېلىپ، بىر لاتىغا يۆگەپ يەرگە كۆمدۈرۈڭلار» دېدى.

ئاندىن كېيىن ھاكىم، شاغا بۇيرۇغان بۇ ئىككى بەگ بېرىپ ئالتۇن كولىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ھاكىم، شاغىنىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى قوغلىدى. ئاندىن كېيىن ئۇستىخانلىرىنى تېرىپ ئېلىپ يەرگە كۆمدى. ئاندىن يېنىپ كېلىپ ئۇچۇرنى ھاكىم، شاغىغا ئاڭلاتتى. ئاندىن ھاكىم، شاغا يىگىرمە قوي، ئون كالا، بەش مىڭ جىڭ گۈرۈچ، ياغ ئەۋەتتى. ئۇ يەرگە ئۆي ئېلىپ بېرىپ تىكتى. شەھەر ئىچىدىكى ئاخۇنلارنى، يۇرت ئىچىدىكى ئىماملارنى، ئاق ساقاللارنى ئۇ يەرگە ئاشقا چىللاتتى. بۇ ئېلىپ بارغان قوي، كالا، گۈرۈچلەرنى ئاش قىلدۇردى، نەچچە مىڭ كىشى يىغىلدى. ئاشنى يېگەندىن كېيىن مۇناجەت ئوقۇپ خۇداي تائالادىن يامغۇر تىلىدى. ئاندىن يامغۇر ياغدى، شامال، بوران چىقمىدى. ئۇ يەردىن ئالتۇن ـ كۈمۈش تېپىپ ئالغان خەلقلەر ئىككى يىل، ئۈچ يىل ئوبدان يۈردى، ئاندىن كېيىن پۇلىدىن ئايرىلدى، بىر نەچچىلىرى بالا ـ بارقىسى بىلەن ئۆلۈپ، يوقاپ تۈگەپ كەتتى. ئۇ يەردىن پۇل تېپىپ ئالغانلاردىن ھېچ كىشىگە ياراشمىدى. مۇندىن كېيىن ھېچ كىم بېرىپ ئۇ يەردىن پۇل كولىمايدۇ. بۇ ئىلىنىڭ ئىچىدە بولغان ئىش، تېخى ئانچە ئۇزاق بولمىدى، يىگىرمە ئىككى يىل بولدى.

## 20. قاشتىكى پۇل

بۇرۇنقى زاماندا مانجۇ قالماق بىلەن سوقۇشۇپ ئىلىنى ئالغان ئىكەن. ئىلىدا بىر مۇنچە مانجۇ كېلىپ ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىلىنى ئۆزىگە تەئەللۇق قىلىپ سوراپ ئولتۇرغان ئىكەن، كېيىن قالماقلار كۈچ تېپىپ، ئومۇرسانا دېگەن قالماقلارغا باش بولۇپ، مانجۇ بىلەن سوقۇشۇپ، مانجۇلارنى قاچۇرۇپ، ئەي جاڭجۈن دېگەن

[4] داۋگۇاڭنىڭ يىگىرمە بىرىنچى يىلى ـ مىلادى 1841 ـ يىلى.

[5] جىرغىلاڭ ـ [موڭغۇلچە] يەر نامى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «زوقلانماق، جىرغىماق؛ بەختلىك، جىرغاپ تۇرغان».

بەگ قېچىپ قاش دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپتۇ. نەچچە يۈز تۆگىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش، يامبۇلارنى يۈكلەپ ئېلىپ بېرىپ، قاش دەرياسىغا تۆكۈپتۇ. قالماق ئارقىسىدىن بارغاندىن كېيىن ئەي جاڭجۈن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ شۇ يەردە ئۆلۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىلىنى يەنە قالماق ئېلىپ، قالماق سوراپ ئولتۇرۇپتۇ. يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، مانجۇ كېلىپ قالماق بىلەن سوقۇشۇپ، ئاندىن كېيىن ئىلىنى يەنە مانجۇ ئېلىپتۇ. قالماقنىڭ بىر نەچچىلىرىنى تۇتۇپ تولا ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ ۋاقىتا بىر جاڭجۈن كەلگەن ئىكەن. قالماقنىڭ لامالىرى جاڭجۈننىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈنۈپتۇ. بۇ كۆرۈنگىلى بارغان لامالار بەش يۈز كىشى ئىكەن. جاڭجۈن بۇ بەش يۈز لامانى ئەرەك ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن «بەش يۈز لامانى ئۆلتۈردۈم» دەپ خانغا خەت بوغلاپتۇ. خان بۇ خەتنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرگىنىگە جاڭجۇڭگە تولا ئاچچىقى كېلىپتۇ؛ «بۇ بىزگە قارىغان خەلق بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرسەن؟ بۇندىن كېيىن شۇنداق ئىش بولمىسۇن» دەپ خاندىن خەت كېلىپتۇ. ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ جاڭجۈننى ئۆزى يۇرتىغا ياندۇردى، ئورنىغا بۆلەك بىرسى جاڭجۈن بولۇپ كېلىپتۇ. بۇ ئىلىدا جاڭجۈن بولۇپ ئولتۇرۇپ ئەي جاڭجۈن ئۆلگەن يېرىدە تاشقا خەت پۈتۈپ، ئەي جاڭجۈننىڭ سۇغا تاشلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى، ئەي جاڭجۈننىڭ ۋاقتىدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تاشقا پۈتۈپ، يەرگە قاداپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇدىن كىشى ئېلىپ كېلىپ ئىلىغا تارانچى قىلىپتۇ. بۇ ئىش بولغىلى يۈز يىگىرمە نەچچە يىل بولۇپتۇ. ئۇ ۋاقىتا قادىغان تاش ھازىر شۇ كۈندە بار، خېتىنى كىشى ئوقۇغىلى بولىدۇ. مانجۇچە، خەنزۇچە، يەرلىكچە[6] ئۈچ قىسما خەت بار.

ئۇ ۋاقىتا سۇغا تاشلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنى شىيەنفېڭنىڭ بىرىنچى يىلى[7] جاڭجۈن تېپىپ ئالىمىز دەپ كۆرۈپ كەلگىلى بىر مەنسەپدارنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ مەنسەپدار سۇنىڭ تېگىغا چوكىدىغان چەمپەنلەردىن ئون چەمپەن ئېلىپ بېرىپتۇ. يىگىرمە بەش كۈنلۈك قەرەل بىلەن قاش دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ، ئەي جاڭجۈن پۇل تۆككەن يەرنى كۆرۈپ سۇغا چەمپەننى چۈشۈرۈپ، سۇنى چەنلەپ كۆرسە، چوڭقۇرلۇقى بەش جاڭ چىقىپتۇ. بەش جېڭى ئون غۇلاچ كېلىدۇ. قاش دەرياسىنىڭ قايناm يېرى بولمىسا، ئۆز يېرى ئۈچ چى، تۆت چى، بەش چى كېلىدۇ، سۈيى ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئەمەس، ئاقىدىغىنى ئىتتىك. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇل دەرياغا كېمە سالغىلى بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن سۇچى چەمپەندىن ئىككىنى قاراڭلار دەپ، دەريانىڭ تېگىگە چۈشۈرۈپتۇ. ئۇلار دەريانىڭ تېگىگە تۈشۈپ، بىر سائەتتىن كېيىن دەريانىڭ تېگىدىن قۇم ئېلىپ چىقىپتۇ، «كۈمۈشنى تاپقىلى بولمايدۇ، قۇم تولا قىلىن» دەپتۇ.

يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە ئىككى بۆلەك چەمپەننى چۈشۈرۈپتۇ، ئۇلارمۇ بىر سائەتتىن كېيىن «كۈمۈشنى تاپقىلى بولمايدۇ، قۇم قىلىن» دەپتۇ. ئاندىن كېيىن بارغان مەنسەپدار يىگىرمە بەش كۈن قەرەلى توشقىچە شۇندا يېتىپ، يىگىرمە بەش كۈندىن كېيىن كېلىپ ئۈچۈرىنى جاڭجۇڭگە، خامئامبالغا ئاڭلىتىپتۇ. دەريانىڭ تېگىگە چۈشكەن چەمپەنلەر: «قۇم تولا قىلىن، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تېپىپ ئالغىلى بولمايدۇ» دەپتۇ. دېگەندىن كېيىن ئۇ يەرنى باقتۇرمىدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

[6] يەرلىكچە ـ ئۇيغۇرچە.

[7] شىيەنفېڭنىڭ 1 ـ يىلى ـ مىلادى 1851 ـ يىلى.

ئاپتوردىن: «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى «19 ـ ئەسىردىكى ئىلىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» ناملىق ئەسەرنىڭ «2. گوڭبو جاڭجۈن» قىسمىنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا ئىككى يەردە ۋە «3. شىڭبو» ناملىق پارچىنىڭ بېشىدا بىر يەردە «شىيەنفېڭ» سۆزى خاتا ھالدا «چىيەنلوڭ» دەپ يېزىلىپ قاپتۇ. تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز